ئەسەت سۇلايمان



# ئۇيغۇر تۆتېم مەدەنىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى



مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران!

— «ئوغۇزنامە» دىن

ئەسەت سۇلايمان



# — بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔图腾文化:维吾尔文/艾塞提·苏来曼著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.12
ISBN7－228－06302－3

Ⅰ.维... Ⅱ.艾... Ⅲ.维吾尔族—图腾—文化—专题研究—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B933

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 75148 号

责任编辑:阿布力米提·伊明
责任校对:吾买尔江
封面设计:努尔买买提

---

新疆人民出版社出版新华书店发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001)
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13 印张 4 插页
2001 年 2 月 1 版 2001 年 2 月第 1 次印刷
印数:1－3000

---

ISBN7－228－06302－3/B.88
定价:20.00 元

# ABSTRACT

Totemism is a system of belief in which manis believed to have kinship with a totem ora mystical relationship is said to exist between a group or an individual and a totem. A totem is an object, such as an animal or plant that serves as the emblem or symbol of a kinship group or a person. The term totemism has been used to characterize a cluster of traits in the religion and in the social organization of many primitive peoples.

The term totem is derived from "ototeman" from the language of the Algonkian tribe of the Ojibwa Indian's. it originally meant " his brothersister kin ". The grammatical root, "ote", signifies a blood relationship between brothers and sisters who have the same mother and who may not marry each other. Totemism is, then, a complex of varied ideas and ways of behaviour based on a world view drawn from

nature, There are idealogical, mystical, emotional, reverential, and genealogical relationships of social groups or specific persons with animals or natural objects, the so—called totems.

Many of the ancient people's totem was the name wolf, for example, Apollo, more widelyknown as a son god, was associated with the wolf, and the epithets "wolf — born" and " wolfish Apollo" occur in Greek and Roman literature. wolf deities were worshiped in Iran and Scythia, and in Japan the wolf was long regarded as a great god. The Teutonic war god wodan and his Scandinavian counterpart, Odin, were accompanied by wolves when waging war. The Finns called wolves " dogs of the death spirit". American Indian tribes whose gods bore wolf names preceded their war sorties with wolf dan ces to ensure victory. the most sinister wolf image is that of Fenrir, or Fenris — wolf, in Norse Europe mythology. In ancient Egypt, Greece, and Rome, the wolf, symbolizing the warrior — hero, was a guardian figure on monuments.

Uighur and Turkic tribes was descended from a Grey—Wolf ancestor in ancient time, an idea that reflects a religious concept uf great antiquity. the ancient Turk tribe — Ashina

attributed their origion to a famele Wolf, the beginning of Nevruz goes backs to the legend of Ergenekon, according to wich the Uighur Turks went to Ergenekon, and after living there for aboat 400 years, on 21 March returned, and under the guidance of Grey Wolf conquered mountains of iron and regained their motherland. For this reagon, 21 March, the day when winter ends and spring starts, and the the Uighur Turks announced their independence is celebrated, as a festival.

Ancient Uighur ancestor — Gaoche (Qangqil tribe) attributed their origin to a male wolf who to mate with a Hun's girl. Analogous myths existed among various tribal peoples of Inner Asia.

Wolves as nurturing figures occur in myth and legend, often mothering human infants who become founders of dynasties or nations . ancent Uighur's king — Oghuzhan, under the guidance of grey wolf to ensure victory.

Wolves are often represented in fairy tales and fables as helpful animal; they manifest a sagacity and acumen superior to human knowledge.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز (1) ........................ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر1
كىرىش سۆز (2) ........................ ليۇ كۇيلى4
مۇقەددىمە ........................................ 1
**بىرىنچى باب توتېم ۋە توتېمىزم ھەققىدە چۈشەنچە**...1
1. توتېم : پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ھادىسىسى ......... 1
2. توتېمنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى ........................ 5
3. توتېمىزم ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇمى ........................ 10
4. توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ...... 12
**ئىككىنچى باب بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى** ........... 16
1. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى......17
1) ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ........................... 18
2) جەنۇبىي ياۋروپا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ................................ 28
3) غەربىي ئاسىيا ۋە نىل دەريا ۋادىسىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى .............................. 31
4) شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى .............................. 32
2. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ ئوخشاشلىق نۇقتىلىرى ۋە ئورتاق موتىفلىرى... 33
3. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى ........................................ 36

4. يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى...... 37
5. يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى ...... 41

ئۈچىنچى باب بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلار ...... 50

1. بىئولوگىيىلىك ئاساسلار ...... 51
1) بۆرىنىڭ پەيدا بولۇشى ...... 51
2) بۆرىنىڭ ئىچكى - تاشقى خۇسۇسىيىتى ...... 54
2. جۇغراپىيىلىك ئاساسلار ...... 58
1) بۆرە ۋە تەبىئىي مۇھىت ...... 58
2) بۆرە ۋە يايلاق خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... 61
3. فىزىئولوگىيىلىك ئاساسلار ...... 66
4. پسىخىك ئاساسلار ...... 74
1) بۆرە — قورقۇش تۇيغۇسى ...... 74
2) بۆرە — رازىمەنلىك تۇيغۇسى ...... 80
3) بۆرە — سىرلىقلىق تۇيغۇسى ...... 83
5. ئېستېتىك ئاساسلار ...... 86
1) سىمۋول: مۇقەددەس كۆك رەڭ ۋە بۆرە ...... 89
2) يۈكسەكلىك: مىللىي پسىخىكا ۋە بۆرە ...... 113
3) مەنپەئەتدارلىق: يىلتىز (مەنبە) ۋە بۆرە ...... 123
4) تراگېدىيە: ئازاب ئېڭى ۋە بۆرە ...... 127

تۆتىنچى باب بۆرە توتېمىنىڭ مىللىيلىكى ۋە دۇنياۋىلىقى ...... 134

1. بۆرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاساسىي توتېم بولۇشى ...... 134
2. بۆرىنىڭ سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى خەلقلەردە مودا توتېم بولۇشى ...... 149

3. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە ئىككى چوڭ توتېم مەدەنىيىتى چەمبىرىكىنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 163
4. ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى170
5. قەدىمكى رىملىقلاردا بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى···176
6. بۆرە توتېمىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئىلاھىي ئوبرازى ........................................ 181

بەشىنچى باب ئىپتىدائىي سەنئەتتەبۆرە تەسۋىرى··· 186

1. بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن ئىپتىدائىي سەنئەتكە تەرەققىي قىلىشى ..................... 188
2. بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىزچىللىقى ۋە تەرەققىياتى ........................................ 193
1) ئىپتىدائىي باسقۇچ ................................ 194
2) يىراق قەدىمكى زامان باسقۇچى ................ 202
3) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان باسقۇچى................ 209
4) ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى ........................... 212
3. بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتىكى گۈزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچى ..................... 219
1) ھاياتىي مەۋجۇتلۇق ئىستىكى ..................... 221
2) چوقۇنۇش ھېسسىياتى ............................... 223
3) گۈزەللىك كەيپىياتى ............................... 225
4. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتىدىكى بۆرە ئوبرازىنىڭ ئورتاقلىقى···226

ئالتىنچى باب تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ........................................ 231

1. «بۆرە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ھەرقايسى تۈركىي تىللاردىكى ۋارىيانتى........................ 231
2. تۆز. ئونگون. توتېم ................................ 239

3. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ...... 252
4. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان مىللەت - قوۋم نامىلىرى ...... 261
5. بۆرە نامى بىلەن باغلانغان يەر - جاي نامىلىرى ...... 266
6. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئەمەل - مەنسەپ نامىلىرى ...... 271
7. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان تۇغ - گېربلار ...... 276
8. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان تىل ئادەتلىرى ...... 286
9. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر ...... 291
10. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان پەرھىزلەر ...... 296
11. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك ...... 305
12. بۆرە تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي مىللىي تەنتەربىيە ۋە بالىلار ئويۇنلىرى ...... 308

**يەتتىنچى باب ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە تۇتېم ئېڭى** ...... 316

1. غەرب دۇنياسىدا تۇتېم ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى ...... 316
1) خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ غايىۋى تۇتېم نۇقتىئىنەزىرى ...... 316
2) سارترېنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك تۇتېم نۇقتىئىنەزىرى ...... 321
3) فرېئود ۋە ئۇنىڭ روھىي ئانالىز ئاساسىدىكى تۇتېم نۇقتىئىنەزىرى ...... 325
4) لېۋى ستىرائۇس ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىچىلىق تۇتېم نۇقتىئىنەزىرى ...... 331
2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تۇتېم ئېڭىنىڭ قايتا ئويغىنىشى ...... 334

1) جەدىتىزم ۋە تۇتىم ئىگى ................................ 336
2) چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۆھىت
ۋە تۇتىم ئىگى ................................ 340
## سەككىزىنچى باب تۇتىمنىڭ ئۇنتۇلۇشى ۋە زامانىۋى
## كەمتۈكلۈك ................................ 365
پايدىلانغان مەنبەلەر ................................ 382
ئاخىرقى سۆز ................................ 388

## كىرىش سۆز (1)

# «بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» ھەققىدىكى قاراشلىرىم

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

مەزكۇر كىتابتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى — بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ناھايىتى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ھۆججەتلىك ۋە ئىلمىي ئاساستا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ كىتاب غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئىلمىي ۋە ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تامامەن قوشۇلىمەن.

كونكرېت ئاساسلىرىم تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، كىتاب ناھايىتى باي مەزمۇنغا ئىگە. مېنىڭ بايقىشىمچە، باش تېما — بۆرە توتېمىغا دائىر مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، باش تېما نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتلەردە يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ بېرىلگەن.

ئىككىنچى، بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ بىرەر مىللەت ياكى بىرەر جۇغراپىيىلىك رايونغىلا ئەمەس، بىر قانچە قىتئەلەردە ياشىغان (ياشاۋاتقان) نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇھىم

نۇقتا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ئاساس-لىق ئورۇنغا قويۇلۇپ، كىتابنىڭ تېماتىك تۈزۈلۈشى مۇئەييەن سىستېمىغا ئىرىشتۈرۈلگەن. دېمەك، بۇ كىتاب مۇئەييەن ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ئىنچىل ھۆرمەت قىلىنغان. بىرەر مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ توتېمىغا باغلىق ئادەت ۋە ئۆدۈملىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق باش-قىچە قاراش ياكى كەمسىتىش ئالامەتلىرى يوق. ئەكسىچە، مەم-لىكىتىمىز ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى ھەممە ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا سەمىمىي ھۆرمەت پوزىتسىيىسىدە بولۇن-غان. بۇ نۇقتىنى تەكىتلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمدىن تارتىپ توتېم ھەققىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردە مىللىي كەمسى-تىش خاھىشلىرى كۆرۈلۈپ كەلگەندى.

تۆتىنچى، بۇ كىتابتا ئاپتورنىڭ بىر مۇنچە يېڭى قاراشلى-رى، مەسىلەن، «بۆرە»، «باركۆل» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمو-لوگىيىسى ھەققىدىكى يېڭى قاراشلىرى ۋە پاكىتلىرى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

بەشىنچى، ئاپتور كىتابتا بىر مۇنچە يېڭى قاراشلاردىن تاش-قىرى، تېخى ئېلان قىلىنمىغان يېڭى ھۆججەتلەرنى، مەسىلەن، «ئىپتىدائىي سەنئەتتە بۆرە تەسۋىرى» دېگەن بابتىكى قىياتاش رەسىملىرىنى كىتابقا كىرگۈزۈش بىلەن ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىم-مىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

ئالتىنچى، ماتېرىيال بايلىقى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. مېنىڭ ھېسابىمچە قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن جۇڭگو (ئاپتونوم رايونىمىز) زېمىنىغىچە بولغان زامان ۋە ماكان شارا-ئىتىدە ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت ئالىملىرىنىڭ ھەرخىل تىلدى-كى كىتاب ـ ماقالىلىرىدىن تەخمىنەن 600 دىن ئارتۇق ئورۇندا نەقىل ۋە دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەقىللەر

تەخمىنىي بولماي، ئېنىق ئىزاھات بىلەن كۆرسىتىلگەن. بۇ ھال كىتابنىڭ ماتېرىيال بايلىقىنىلا ئەمەس، ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىمۇ ئۆستۈرگەن.

يەتتىنچى، قىستۇرما رەسىم - سۈرەتلەر كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماي، قايىل قىلىش كۈچىنىمۇ ئاشۇرغان.

سەككىزىنچى، كىتاب نوقۇل ئىلمىي ئەسەر بولۇشقا قارىماي، تىل ئىشلىتىش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە كەڭ ئاممىباپلىققا ئىگە.



1994.4.15

## كىرىش سۆز (2)

# «بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» گە باھا

### لىۇ كۇيلى[1]

بىرىنچى، ئاپتور ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە توتېم مەدەنىيىتىگە قارىتا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە مەقسىدى توغرا.

ئىككىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئائىلىسىدە خەنزۇ - تىبەت تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن قالسىلا، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ مىللەتلەر بەلگىلىك تارىخىي مەزگىلدە بۆرە توتېمى ئېتىقادىغا باغلىق بولغان قەدىمىي مەدەنىيەت ياراتقان. مەزكۇر ئەسەر مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى گەرچە ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىز ئىلىم ساھەسىدە تېخى ھېچكىم بۇ تېمىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. مەزكۇر ئەسەر تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئېلىد-

---

[1] لىۇ كۇيلى ئەپەندى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باشلىقى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب.

ىمىزنىڭ غەربىي شىمالى ۋە شىمالىي قىسمىدا ياشىغۇچى مىللەت-لەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىگە قارىتا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاپتور مەزكۇر ئەسەرنىڭ كۆلەم دائىرى-سىنى خېلى زور كەڭلىككە، ھەر خىل پەنلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى كۆپ خىللىققا ئىگە قىلغان ھەمدە ئۆزىگە خاس سىس-تېما يارىتىشقا تىرىشقان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر ئەسەر بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەلگى-لىك يېڭىلىق روھىغا ۋە نىسبەتەن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

تۆتىنچى، ھەرقانداق بىر ياخشى يېزىلغان فولكلور ئەسىرى ئۆزىگە كۆپ مىقداردىكى ئەمەلىي ۋە ئىشەنچلىك بولغان ئېتنوگ-رافىيە ماتېرىياللىرىنى ئۇل قىلىدۇ. ئاپتور مەزكۇر ئەسەردە ناھايىتى زور مىقداردىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارغا تايىنىپ، ئىزدى-نىش ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغان ھەمدە زۆرۈر بولغان يەكۇن چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئىجادىي خاراكتېرلىق كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى توغرا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشەنچ-لىكتۇر.

بەشىنچى، ئاپتور مۇشۇ مەخسۇس تېمىنى ئىلمىي نۇقتىدىن يورۇتۇشتا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ۋە دۇنياۋى تەتقىقات ئەھۋالىدىن خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى نەزەرىيىۋى سەۋىيە تەلەپ قىلىسىمۇ، ئەمما ئاپتور پۇتكۇل تېمىغا نىسبەتەن بەلگىلىك دىئالوگ ئېلىپ بارالىغان. بۇ ياش بىر تەتقىقاتچىغا نىسبەتەن خېلى قىيىن ئىش ، شۇنداقلا قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك روھتۇر.

ئالتىنچى، ئاپتورنىڭ كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتى داۋامىدا توتې-مىزم نەزەرىيىسىنى ئەسەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان بۆرە

توتېمى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈشنى ھەمدە بەزى ئىنچىكە تېمىلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

قىسقىسى، مەن مەزكۇر ئەسەرنى تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە مەقسىدى ئېنىق بولغان، ماتېرىياللىرى مول، ئۆزىگە خاس يېڭىلىق روھىنى ئىپادە قىلغان، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى كىتاب دەپ قارايمەن.

94.5.26

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۆل بويى مېھمانخانىسى

# مۇقەددىمە

باشقىلار ئەزەلدىن ئىزدىنىپ كۆرمىگەن يېڭى بىر ساھەدە كۆپلىگەن قىممەتلىك پاكىتلارغا ئېرىشىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، پەقەت ماڭىدىغان يول تېپىلسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بۇ كىتابنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نېمىگە جاۋاب بەرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى نېمە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىدۇر.

**—— گروسسې [فرانسىيە]**

## 1

توتېم ئېتىقادى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەردە، بولۇپمۇ بىر قىسىم ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ كەلگەن مىللەتلەردە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. توتېمىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئالاھىدە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە دىن، پەلسەپە، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق ئاڭ فورماتسىيىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگموند فرېئود: «ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئىجتىمائىي دىنىي تۈزۈمى دەل توتېم تۈزۈمىدۇر»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئامېرىكا تارىخشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ئا.

① S. فرېئود: «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە»، 267 - بەت، سودا نەشرىياتى، 1986-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

گولدىنۋېيزېرمۇ: «ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا باشقا ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت ئېلېمېنتى توتېم مەدەنىيىتىدەك بۇنداق زۆرۈر ۋە نېگىزلىك رولنى ئويناپ باققان ئەمەس»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. توتېمىزم بىر خىل سىرلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت تارىخ سەھنىسىدىن ئىزچىل ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. توتېم مەدەنىيىتىنى ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد، بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، بىرخىل ئاڭ فورماتسىيىسى ۋە بىرخىل دۇنيانى كۆزىتىش شەكلى دېيىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار توتېم ھادىسىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىماقتا.

## 2

دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان توتېم مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى دەل ئۇلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ يادروسىدۇر. بىز ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئوخشىمايدىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، تەسۋىرىي سەنئىتى، خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور قاتلىمىغا نەزەر تاشلىساق بۆرە توتېمى بىلەن باغلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىلا تەرەپلەرگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن،

① A. گولدېنۋېيسېر (ئامېرىكا): «توتېمىزم» — «تارىخ - جۇغراپىيە مەجمۇئەسى»، شاڭخەي، 1933 - يىللىق 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى.

كۆپ خىل تىل ۋە كۆپ خىل يېزىقلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئارىلاشما مەدەنىيەت ياراتقانلىقىغا قارىماي، ناھايىتى زور دەرىجىدە توتېم مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرلىرىنى ساقلاپ كەل-گەنىدى. يەنە كېلىپ بۇ خىل تەسىر ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە بولغان ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەممە تەرەپ-لىرىگىچە سىڭگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە بۆرىگە باغلىغانىدى. ئۇلار بۆرىنى توتېم ئېستېتىكىسىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆ-زەتكەنىدى. كۆك بۆرە ئوغۇزخان قوشۇنىغا يول باشلىغان، تۈرك-لەرنى ئەرگىنەقۇن تاغلىرىدىن ئەركىنلىككە ئېلىپ چىققان شۇن-داقلا ۋۇجۇدىغا مىللەت نەسلىنىڭ ئاخىرقى ئۇرۇقىنى تېڭىپ ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن ئىدىقۇت تېغىغا قېچىپ كەلگەنىدى. بۆرى-نىڭ سىرلىق سىيماسى ئۇلارنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتىدە، تۇغ - ئەلەملىرىدە، ياغاچ ئويما ۋە مىمارچىلىقىدا روشەن ئەكس ئەتكە-نىدى. بۆرىنى مەركەز قىلغان توتېم ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى سۈپىتىدە خۇددى جانلىقلار ۋۇجۇدىدىكى گېنغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ روھ تارىخىنىڭ ھەر بىر بېتىگە يارقىن ئىزلارنى قالدۇرغانىدى.

ھالبۇكى، تارىخ ئېقىمى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئېقىپ، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتى-نى باشقىدىن تەڭشىدى. سىستېمىلىق دىنلار، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئاخىرقى تاللىشىنى بەلگىلىدى. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مۇسۇلمان شەرق مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. بۇنىڭ نەتى-جىسىدە كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بۆرە توتېمى بىلەن باغلىق بولغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى زور دەرىجىدە سۇسلاشتى. ئەمما ئۇنىڭ شەكىلسىز ھالەتتىكى ئىپادىلىرى يەنىلا خەلق فولكلورى-

نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى.

## 3

ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان توتېمىزم ھادىسىسى كۆپلىگەن ئىنسانشۇناس ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزە ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. گەرچە دۇنيادا توتېم ئېتىقادىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن كۆپلىگەن مىللەتلەردە «توتېم» سۆزىگە باراۋەر كېلىدىغان خاس ئاتالغۇلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدىن كېلىپ چىققان totem سۆزى ئەڭ دەسلەپ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغاچقا، كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ ئومۇملاشقان. ھازىرغا قەدەر ئۇرغۇن كىشىلەر «توتېم» ئاتالغۇسىنى ئەنگلىيىلىك جون لوڭ (John Long) دېگەن كىشىنىڭ 1791 - يىلى يازغان «ئىندىئان ساياھەتنامىسى» دېگەن كىتابىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى «توتېم» سۆزى 1791 - يىلدىن خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا چىققان.① يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن ئىتالىيە ئالىمى ۋىكو (Giambattista Vico) ئۆزىنىڭ 1725 - يىلى ئېلان قىلغان «يېڭى پەن» ناملىق ئەسىرىدە جېئان دې لائېت (Jean de Laet) ئىسىملىك بىر سەيياھنىڭ ئىندىئانلارنىڭ توتېم ئېتىقادى ھەققىدە توختىلىپ: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى توتېم ياكى توتېم بەلگىسىنى مەلۇم ئۇرۇق - جەمەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ»② دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ۋىكونىڭ «يېڭى پەن» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىندېكسىغا قارىغاندا، جېئان دې لائېتنىڭ 1593 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1649 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

---

① جېڭ يۈەنجې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 27 - بەت.

② G. ۋىكو (ئىتالىيە): «يېڭى پەن»، خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 225 - بەت.

بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا «توتېم» ئاتالغۇسىنىڭ مەيدانغا چىققان ۋاقتى يەنە ئالدىغا 140 يىل سۈرۈلىدۇ.[①] بۇنىڭ بىلەن توتېم مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىقات تارىخى 400 يىللىق مۇساپىگە ئىگە بولىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا غەرب ئىلىم ساھەسىدە توتېم مەدەنىيىتى تەتقىقات قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن مورگان (L. H. Morgan)، ماكلېنان (J. F. Maclenan)، تەيلور (E. B. Tylor)، روبېرتسون سىمىت (Robertson Smith)، سپېنسېر (H. Spencer)، فرازېر (J. G. Frazer)، دۇركخېيم (E. Durkheim)، فرېئۇد (S. Freud)، مالىنوۋسكى (B. K. Malinowski)، بوئاس (Franz Boas)، گولدېنۋېيسېر (A. Goldenweiser)، لېۋى ستىرائۇس (Levi — Strauss)، لاڭ (A. Ling)، گېرنېپ ئا. ۋان (Gernep A. van)، خادون (Hadon) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ساھەدىكى يىتۇك ئەسەرلىرىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن بىر قىسىم ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا تەتقىق قىلدى ھەمدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

توتېم مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. تولستوف (С. П. Толстов)، زولوتارېف (А. М. Зелотарев)، توكارېف (С. А. Токарев)، زېلېنىن (Д. К. Зеленин)، سېمېنوف (Ю. И. Семенов)، فايتون (Д. Е. Файтон) قاتارلىق ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ توتېمىزىم ھەققىدىكى

① جېڭ يۈەنجې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 28 - بەت.

ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلدى.

جۇڭگودا توتېم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئەڭ بالدۇر تونۇشتۇرغان كىشى يەن فۇ (严复) ئىدى. يەن فۇ 1903 - يىلى ئەنگلىيىلىك جېككىس دېگەن كىشىنىڭ «جەمئىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، Totem سۆزىنى تۇنجى قېتىم 图腾 دەپ تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىغان.[1] شۇنىڭدىن كېيىن گو مورو (郭沫若)، لۇ جېنيۈي، ۋېي خۈيلىن (卫惠林)، سېن جياۋۇ (岑家梧)، لى زېگاڭ (李则纲)، ما شۆلياڭ (马学良)، لى شۈەنبو (李玄伯)، ياڭ كۇن (杨望)، گاۋ مىڭچياڭ (高明强)، خې شىڭلياڭ (何星亮)، جېڭ يۈەنجې (郑元者) قاتارلىق بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتى داۋامىدا بىر تەرەپتىن غەربنىڭ توتېم مەدەنىيىتىگە دائىر مەخسۇس ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر يازدى.

## 4

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

---

[1] خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر نەشرىياتى شىركىتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 49 - بەت.

گەرچە مۇشۇ جەرياندا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان چوڭ تىپتىكى مەخسۇس ئەسەر يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار مۇشۇ ساھەدىكى ئايرىم تېمىلاردا نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. تۈركىيە تەتقىقاتچىلىرىدىن ئابدۇلقادىر ئىنان، زەكى ۋەلىدى توغان، زىيا گۆكئالپ، ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ، باھاۋىددىن ئۆگەل قاتارلىقلار؛ قازاق تەتقىقاتچىلىرىدىن ئېلكەي مەرغۇلان، ئۆزبېك ئالىملىرىدىن بۆرىباي ئەھمىدوف قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ قولغا ئېلىندى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلىرىدا توتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بىر قىسىم ياش ئىزدەنگۈچىلەر ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى، جۈملىدىن بۆرە توتېمى ھەققىدە مەخسۇس ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدى. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، بىر قىسىم ياش يازغۇچىلىرىمىز قەدىمكى توتېم ئەپسانىلىرىنىڭ سۇژېت ـ موتىفلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە باشلاپ كىرىپ، بۈگۈنكى كۈنسېرى ياتلىشىۋاتقان مەدەنىيەت ئېڭىمىزنى ئۇنتۇلغان ئۇدۇملار بىلەن سۇغۇرۇشقا ئىنتىلدى. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز ئىزدەش» روھى بىلەن «ئەپسانىگە قايتىش» قىزغىنلىقى 1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا بىر قېتىملىق قايتا ئويلىنىش ھادىسىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

## 5

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتى، تېخىمۇ توغرىراقى بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى بىرگەۋدىگە يىغىنچاقلاش ھەمدە بۆرە توتېمى

دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ماكرو جەھەت-
تىن كۆزىتىش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل ئەسەردە بۆرە
توتېمىغا باغلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كۆپ خىل قاتلام-
لاردىن مۇھاكىمە قىلىندى. توتېمىزىم ھەققىدىكى ئومۇمىي با-
يان، بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسى، بۆرە
توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، بۆرە توتېمىنىڭ مىللىيلىكى ۋە
دۇنياۋىلىقى، ئىپتىدائىي سەنئەتتە بۆرە ئوبرازى، تۈركىي تىل-
لىق خەلقلەردىكى بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ قاتلاملىرى ھەمدە
ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە توتېم ئېڭى قاتارلىق بىر يۈرۈش
تېمىلار نىسبەتەن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىندى. ئاپتور
توتېم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى
بۆرە توتېمىدىن ئىبارەت بۇ غول لىنىيىدە تۇرۇپ، ھەم دۇنياۋى
كەڭلىكتە، ھەم مىللىي خاسلىقتا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى.
ئەپسانىشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئانترو-
پولوگىيىسى قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا
تۇرۇپ، مەركىزىي ئاسىيا (تۇران) خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئى-
شەنچ - ئېتىقادلىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن ئەسەردە سېلىشتۇرما تەتقىقات نۇقتىسى-
دىن كۆپ لىنىيىلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئەمما
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت
غول لىنىيە باشتىن - ئاخىر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى.
ئاپتور ئەسەردە كۆپ خىل تىللاردىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىشنى
ۋە ئۇنى مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى زۆرۈر
ماتېرىياللارغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا بەزى ھەل بولمىغان قىيىن نۇقتىلارغا ئالدىراقسانلىق
بىلەن ھۆكۈم چىقارماسلىقنى، ئۇنى يەنە داۋاملىق مۇھاكىمە
قىلىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ
قارىدى.

بىرىنچى باب

# توتېم ۋە توتېمىزم ھەققىدە چۈشەنچە

ئادەم ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا ئوبيېكتلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. لېكىن بۇ ئوبيېكتلار يۇقىرى دەرىجە-لىك مەخلۇقلار ياكى مالائىكە ـ پەرىشتىلەر بولماستىن، بەلكى تۆۋەن دەرىجىلىك نەرسىلەر، يەنى ھايۋانلاردۇر. بۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارغا تېۋىنىش بارلىققا كەلدى...

— فرىدرىخ ئېنگېلس

## 1. توتېم: پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ھادىسىسى

شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، توتېم ئىنسانىيەت تارى-خىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنى-دۇ. كىشىلەر ھەر قېتىم ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ قەدىمىي پەردىسىنى ئاچقان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى سۇبھى-دىن ئاۋۋالقى خىرە تۇمانغا ئوخشاش، يىراق ئەجدادلىرىنىڭ غۇۋا كۆرۈنۈشى نامايەن بولىدۇ. گەرچە ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان سىر-لىق مەسىلىلەرگە دائىم سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن توتېم ھادىسىسىگە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ

سۈكۈت قىلمىدى. توتېم ھادىسىسى 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت-تىن بۇيان، ھەر ساھە ۋە ھەر كەسىپتىكى نۇرغۇنلىغان كىشى-لەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان تېمىسىغا ئايلاندى. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتى-جىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، توتېم ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، توتېم ئېتىقادىنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە جاۋاب ئىزدەش، تولىمۇ قىيىن بولسا كېرەك. توتېم ئېتىقادى-نىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغى-لى بولىدۇ:

بىرىنچى، توتېم ئېتىقادى بارلىق دىنلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىن. ئەگەردە ئىنسانىيەتنىڭ دىن تارىخىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ بى-رىنچى بېتى شەك - شۈبھىسىزكى، توتېمغا تېۋىنىشتىن باشلىنى-دۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي چۈشەنچىلىرى توتېم ئېتىقادى ئاساسىدا بىخ سۈرگەن بولۇپ، فرېئۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «توتېم تۈزۈمىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىرىن-چى دىنىي تۈزۈم» دېيىشكە بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا توتېم ئىلاھىنىمۇ ئىنسانلار چوقۇنغان تۇنجى تەڭرى دېيىش مۇم-كىن. بىز تارىختىن كېيىن پەيدا بولغان بارلىق دىنلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شە-كىلدە توتېم ئېتىقادىدىن ئۆرنەك ئالغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا، توتېم ئىنسانىيەت دىنىي ئېڭى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدا-ئىي ئۆلگىسى ياكى ئەسلى تىپى بولالايدۇ.

ئىككىنچى، توتېم ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىز (ئەجداد) چۈشەن-چىلىرىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئىنسانلار ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم

پەقەت توتېم ئېتىقادى ئارقىلىقلا ئۆز ئەجدادى، ئۆز ئەسلى ۋە ئۆز مەنبەسىنى ئىزدەش ۋە تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار چوقۇنغان توتېم ئوبيېكتى، ئۇلارنىڭ تۇنجى «ئەجدادى» ئىدى. شۇڭا، ئامېرىكا ئالىمى H. سپېنسېر: «توتېمغا تېۋىنىش — ئەجدادلارغا تېۋىنىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى»[①] دەيدۇ. رۇس ئالىمى S. P. تولستوف: «ئەجدادلارغا تېۋىنىشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، توتېمىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى توتېمنىڭ ئادەملىشىش جەريانىدۇر»[②] دەپ كۆرسىتىدۇ. خەنزۇ ئالىمى ياڭ كۇن ئەپەندىمۇ: «ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد چوقۇم توتېم ئەجدادىدۇر»[③] دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، توتېم بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئۆز يىلتىزى (ئەجداد)نى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى دادىل قەدىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، توتېم ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىكى تۇنجى ئۆزلۈك ئېڭى (Self—consciousness) نىڭ ئويغىنىشىدۇر. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇنجى قېتىم توتېم ئېتىقادى ئارقىلىقلا ئۆز ـ ئۆزىنى بايقاشقا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادە قىلىشقا ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى. ئۇلار تۇنجى توتېم ئوبيېكتىدا گەۋدىلەنگەن يۈكسەكلىك، سىرلىقلىق ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى ئىپادە قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي روھىي ماھىيىتىنى توتېمغا بېغىشلىدى. شۇڭا بىز توتېمنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى روھىنىڭ كاماللىقى بىلەن ھاياتلىق قىممىتى ھەق-

① H. سپېنسېر (ئامېرىكا): «جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسلىرى» — «سپېنسېر ئەسەرلىرى توپلىمى»، I ـ توم، لوندون، 1962 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 217 ـ بەت.

② S. P. تولستوف: «تۈركمەنلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتى قالدۇقلىرى ۋە بىرلەشمە تەشكىلاتلىرى» — «ئالدىنقى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى (رۇسچە)، 1935 ـ يىللىق 9 ـ، 10 ـ سان.

③ ياڭ كۇن: «نۇيۋا ھەققىدە مۇلاھىزە» — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1986 ـ يىللىق 6 ـ سان.

قىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىسى دەپ قارايمىز.

تۆتىنچى، توتېم ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ نېگىزلىك خېمىرتۇرۇچى ۋە قوزغاتقۇچ ئېلېمېنتى. ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى توتېمدىن ئىبارەت بۇ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تۆرەلمىسىدىن بىخ سۇرگەن ۋە تەدرىجىي شاخلاپ چىققان. شۇڭا، ئامېرىكا تارىخشۇناسى A . گولدېنۋېيسېر ( A. Goldenweiser ) بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى توتېم مەدەنىيىتىدەك بۇنداق زۆرۈر بولۇپ باققان ئەمەس، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت ئېلېمېنتى توتېم مەدەنىيىتىدەك ئاساسلىق ياكى نېگىزلىك ئورۇندا تۇرۇپ باققان ئەمەس»[1] دەيدۇ.

بەشىنچى، توتېم ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بىرىنچى بېتى ئەپسانىلەردىن باشلىنىدۇ. ئەپسانىلەر ئىچىدە بولسا ئەڭ قەدىمكىسى توتېم ئەپسانىلىرىدۇر. ئەپسانە بىلەن ئىپتىدائىي دىنلار ئايرىلماس چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغان بولۇپ، «دىن پەيدا بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەپسانىلەرمۇ مەيدانغا چىققان»[2] توتېم ئەپسانىلىرىمۇ تىلنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلغان بىرخىل توتېم ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالغان. شۇڭا، توتېم ئەپسانىلىرى، «ئەپسانە ئېڭىنىڭ ئەڭ ئاددىيلاشقان بىرخىل بىخ شەكلى»[3] شۇنداقلا «بۈگۈنگىچە تارقىلىپ كەلگەن ئەڭ

---

① A. گولدېنۋېيسېر (ئامېرىكا): «توتېمىزم» — «تارىخ - جۇغراپىيە ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1933 - يىللىق 1 - سان.

② ياڭ كۇن: «ئەپسانىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا» — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق 1 - سان.

③ ئۇگرىنوۋىچ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «سەنئەت ۋە دىن»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 65 - بەت.

قەدىمكى ئەپسانىلەر» ھېسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى، توتېم ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سەنئەت ئىپـ ـادىلىنىشىدۇر شۇنداقلا ئىنسانىيەت سەنئەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ھازىرغىچە بايقالغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئىزلىرى كونا تاش قورۇللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىـ ـلىدىكى توتېم ئېتىقادىغا مەنسۇپ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرى بولۇپ، ئۇنى ئالىملار بىردەك: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى سەنئەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى»① دەپ قارىدى. رۇمىنىيە ئاـ ـلىمى Y. تەيناشمۇ: «توتېما تېۋىنىش ئىپتىدائىي سەنئەتنى، بولۇپمۇ توتېم ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى»② دەيدۇ. سىبن جياۋۇ ئەپەندىمۇ: «بارلىق ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بىخلىرى توتېم مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا گۈللەپ - ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشـ ـتى»③ دەپ كۆرسىتىدۇ. توتېم ئېتىقادى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان توتېم سەنئىتى ئۆز ئىچىدىن توتېم گىرىمچىلىكى، توتېم ئويمىچىلىقى، توتېم سىزمىلىرى، توتېم ئۇسسۇلى ۋە توتېم مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلىنىدۇ.

دېمەك، توتېم يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنسانـ ـلارنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلانغان.

## 2 . توتېمنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى

ھەممىگە مەلۇمكى، «توتېم» سۆزى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ تىلىدىن كېلىپ چىققان سۆز بولۇپ، «ئۇنىڭ

① گىرىن دانىل (ئەنگلىيە) : «ئارخېئولوگىيىنىڭ 150 يىلى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىـ ـرى نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 86 - بەت.

② Y. تايناش (رۇمىنىيە) : «مەدەنىيەت ۋە دىن»، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

③ سىبن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى» — كىرىش سۆز، شۆلىن نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

توغقىنى» ، «ئۇرۇقى» ياكى «قان - قېرىنداشى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (تەپسىلىي مەزمۇننى ئالتىنچى بابنىڭ 2 - پاراگرافىدىن كۆرۈڭ) . بىراق، توتېم سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇقۇمىنى، يالغۇز ئىندىئان تىلىدىكى بىلدۈرگەن مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتى ھادىسىلىرى ئىچىدىن تەكشۈرۈش ۋە ئىزدەش زۆرۈر.

بىراق، توتېم ئاتالغۇسىنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى ۋە ئۇقۇمى تامامەن ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ «توتېم» ئاتالغۇسىغا بەرگەن تەبىرلىرىمۇ خىلمۇ - خىل بولۇپ، تا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. بۇ كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

1. توتېم مەلۇم ئۇرۇقنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولى.

بۇ كۆز قاراشنى ئامېرىكا ئالىمى مورگان قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە: «توتېم — بىر ئۇرۇقداشلىقنىڭ بەلگىسى ياكى ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، بۆرىنىڭ شەكلى — بۆرە ئۇرۇقداشلىقىنىڭ توتېمى بولىدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

2. توتېم مەلۇم توپ بىلەن قانداشلىق ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتە پلېخانوف مۇنداق دەيدۇ: «توتېمغا ئېتىقادنىڭ ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر بىرلەشمە گەۋدە ياكى ھايۋانلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدە كۆرۈلىدۇ»② رۇس ئالىمى تو-

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 317 - بەت.

② پلېخانوف: «پلېخانوف پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1962 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 383 - بەت.

كاربۇ: «مەلۇم بىر شەيئىي بىلەن سىرلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش — دەل توتېمدۇر» ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

3. توتېم ئەجداد سۈپىتىدىكى جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.

رۇس ئالىمى خايتۇن: «توتېم مەلۇم ئۇرۇقنىڭ ئەجدادى سۈپىتىدىكى هايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە جانسىز نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ» ② دەيدۇ. ياڭ كۇن ئەپەندىمۇ: «توتېم — مەلۇم بىرخىل هايۋان، ئۆسۈملۈك ياكى جانسىز نەرسىلەردۇر، قەبىلە ئىچىدىكى مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار دائىم توتېم ئوبيېكتىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى هېسابلاپ، توتېم نامىنى ئۆز نامى قىلىدۇ. . .» ③ دەپ قارايدۇ.

4. توتېم قوغدىغۇچى ئىلاھ سۈپىتىدىكى مەلۇم شەيئىدۇر.

ئەنگلىيە ئالىمى جون لوڭ توتېمنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھلىق ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

5. توتېم تۇغقان ياكى ئەجداد سۈپىتىدىكى مەلۇم شەيئىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى فرازېر بىلەن جۇڭگو ئالىمى سېن جياۋۇ ئەپەندى بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

6. توتېم ئۇرۇق ئەجدادى ياكى ئاسرىغۇچى سۈپىتىدىكى جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ هەقتە فرېئۇد «توتېم مەلۇم ئۇرۇقنىڭ ئەجدادى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ ئاسرىغۇچىسىدۇر» دەيدۇ. ④.

---

① C. A توكارېف: «دىنىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە تەرەققىياتى»، موسكۋا، 1964 - يىل، رۇسچە نەشرى، 45 - بەت.

② خايتۇن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «توتېمىزم»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1993 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 13 - بەت.

③ ياڭ كۇن: «ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 140 - بەت.

④ فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرهىز»، تەيۋەن تەزكىرە نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 14-، 15- بەتلەر.



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

7. توتېم ئەڭ دەسلەپ ئۇرۇقلارنىڭ سىمۋولى بولغان، كېيىنچە ئۇرۇق ئەجدادى ھېسابلىنىدىغان مەلۇم شەيئىگە ئايلانـ غان.

بۇ قاراشنى فرانسىيە ئالىمى E. دۇركخېيم (Durkheim) تەشەببۇس قىلىدۇ.

8. توتېم ئەجدادلار ۋە ئادەملەر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولغان جانلىق ياكى جانسىز شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا ئالىمى A. گولدېنۋېيسېر (Guldenweiser): «توتېم ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەلۇم ھايۋان، ئۇچار قۇش ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى ھېسابلىشى ياكى ئۆزلىرىنىڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇر»① دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا فرېئۇد ئۆزىنىڭ «توتېم ۋە پەرھىز» ناملىق ئەسىرىدە، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتلىـ رىنى يىغىنچاقلاپ، توتېمنىڭ ئۇقۇمى ھەققىدە مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ:

1. توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

2. توتېم ھايۋان مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەندە، خۇددى قەبىلە ئەزالىرىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ ۋە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

3. بەزى ئەھۋاللاردا، توتېم ھايۋاننىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىنىشتىن پەرھىز تۇتۇش، پەقەت ئاشۇ ھايۋاننىڭ مەلۇم ئەزاسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

4. بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللار ئاستىدا، رېئاللىقنىڭ قىستىـ شى بىلەن توتېم ھايۋان ئۆلتۈرۈلگەندە، دائىم ئۇنىڭدىن كەچۈ-

---

① A. گولدېنۋېيسېر (ئامېرىكا): «توتېمىزم» — «تارىخ - جۇغراپىيە ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1933 - يىل، 1 - سان.

رۇم سوراش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق توتېم ھايۋاننىڭ ئۆچ ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

5. توتېم ھايۋان مەلۇم بىر مۇراسىم ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا قاتتىق تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ.

6. مەلۇم دىنىي مۇراسىملاردا، كىشىلەر مەلۇم ھايۋاننىڭ تېرىسىنى يېپىنىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، توتېم ئېتىقادى يەنىلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى توتېم ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

7. قەبىلە ياكى شەخسلەر دائىم توتېم ھايۋاننىڭ نامىنى ئۆز نامى دەپ قارايدۇ.

8. نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ بايراقلىرى ۋە قورال - سايمانلىرىغا شۇنىڭدەك بەدەنلىرىگە توتېم ھايۋاننىڭ رەسىملىرىنى چېكىشىۋالىدۇ.

9. ئەگەردە توتېم بىرخىل يىرتقۇچ ياكى خەتەرلىك ھايۋان بولسا، ئۇلار قەبىلىدىكى ئاشۇ توتېمنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ.

10. توتېم ھايۋان ئۇرۇق ياكى قەبىلىنى قوغدايدۇ ياكى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

11. توتېم ھايۋان قەبىلە ئەزالىرىنىڭ كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ يولباشچىسى سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

12. قەبىلە ئەزالىرى دائىم توتېم ھايۋان بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئەجدادلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ.①

دېمەك، توتېمنىڭ ئۇقۇمى بىر مۇرەككەپ چۈشەنچە، ئۇنىڭ

① فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز» ، جوڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى، 130-، 131 - بەتلەر.

ئۇستىگە ھەرقايسى ئالىملارنىڭ بۇ ئاتالغۇغا بەرگەن تەبىرلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ھەقتىكى بىرقەدەر ئومۇملاشقان قاراشلارنى يىغىنچاقلىساق مۇنداق بولىدۇ:

توتېم — بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئۇرۇقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. توتېمنىڭ نامىنى دائىم ئۇرۇق ياكى قوۋم ئەزالىرى ئۆز نامى دەپ قارايدۇ ھەمدە توتېم ئوبيېكتى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق ياكى پەۋقۇلئاددە يېقىن مۇناسىۋەت بارلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. توتېم ئوبيېكتلىرى ئىچىدە ھايۋانلارنى توتېم قىلىش ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئادەتتە توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ناۋادا توتېم ھايۋان ئۆلسە قاتتىق تەزىيە بىلدۈرۈلۈپ، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. توتېم ھايۋاننىڭ رەسىمىنى بارلىق ئۇرۇق - قوۋم ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ بايراق - گېربلىرىغا ۋە تۇرلۇك قورال - سايمانلىرىغا چۈشۈرۈۋالىدۇ، ئوخشاش بىر توتېم قوۋمىدىكىلەر ئۆز ئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك قوۋم توتېمغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل پەرھىزلەرگە شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

## 3. توتېمىزم ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇمى

توتېمىزم ئادەتتە نىسبەتەن چوڭراق ئۇقۇم بولۇپ، توتېم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەر، ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ خەلقئارادا ئىنگلىزچە totemism، فرانسۇزچە totemisme، رۇسچە TOTEMN3M دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بىر نەچچە خىل يەنى: 图腾主义，图腾制度，图腾崇拜，图腾宗教，图腾观，图腾文化

قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئاتالغۇلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. توتېمىزم ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. توتېمىزم — بىرخىل دىنىي ئېتىقاد.

ئەنگلىيە ئېتنوگرافىيە ئالىمى J. E. ماكلېنان (Mac—Lenan) توتېمنىڭ ئىپتىدائىي دىنلىق خاراكتېرى بار دەپ قارايدۇ.[①] ئۇنىڭ ئۇقۇغۇچىسى روبېرتسۇن سىمىت (RobertsonSimeth): «توتېم ئېتىقادى بارلىق دىنلارنىڭ مەنبەسىدۇر»[②] دەيدۇ. فرانسىيە ئالىمى E. دۇركخېم: «توتېم ئېتىقادى دىننىڭ ئىپتىدائىي شەكلى»[③] دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمەك، توتېمىزم ئەڭ ئالدى بىلەن بىر دىنىي ئېتىقادتۇر شۇنداقلا بارلىق دىنلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىندۇر.

2. توتېمىزم — يىپتىدائىي ئىجتىمائىي، يىپتىدائىي دىنىي تۈس ئالغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

بۇ قاراشنى ئەڭ بالدۇر ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى فرازېر ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «توتېم تۈزۈمى يىپتىدائىي ئىجتىمائىي، يىپتىدائىي دىنىي تۈزۈمدۇر»[④] دەپ قارايدۇ. جۇڭگو ئالىمى لىن خۇيشىياڭ (林惠祥) ئەپەندىمۇ: «توتېمىزم بىر تەرەپتىن ئېتىقاد يەنە بىر تەرەپتىن بىرخىل ئىجتىمائىي تۈزۈمدۇر»[⑤] دەپ كۆرسىتىدۇ.

---

① روبېرتسۇن سىمىت: «سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق تارىخى»، فۇرېن كىتابخانىسى، 1948 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 97 -، 100 - بەت.

② روبېرتسۇن سىمىت: «سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق تارىخى»، فۇرېن كىتابخانىسى، 1948 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 134 - بەت.

③ E. دۇركخېم: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى» — «دىن تەتقىقاتىدىن تەرجىملەر»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 16-، 28 - بەتلەر.

④ J. G. فرازېر: «ئائىلە ۋە ئۇرۇقنىڭ كېلىپ چىقىشى»، لوندون، 1922 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 7 -، 8 - بەتلەر.

⑤ لىن خۇيشىياڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، سودا نەشرىياتى، 1934 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 224 - بەت.

3 . توتېمىزم — بىرخىل ئىجتىمائىي تەشكىلىي تۈزۈم ياكى مەدەنىيەت تۈزۈمىدۇر.

بۇ قاراشنى ئەنگلىيە ئالىمى W . رىۋېرس ( Rivers ) ، گېرمانىيە ئالىمى W . ۋۇنت ( Wundt ) ، جۇڭگو ئالىملىرىدىن سېن جياۋۇ، ۋېي خۇيلىن قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىدۇ.

4 . توتېمىزم — بىرخىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىدۇر.

بۇ خىل قاراشنى ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن تولىستوف، سىمىنوف قاتارلىقلار قۇۋۋەتلەيدۇ.

دېمەك، توتېمىزم ئىنسانىيەتنىڭ ھەم مۇرەككەپ، ھەم قەدىمىي بولغان ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ باشقا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## 4 . توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى

توتېم چۈشەنچىسىدىن شاخلاپ چىققان ھەرخىل مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى، ئادەتتە توتېم مەدەنىيىتى شەكىللىرى ( Totemic Complex ) نى تەشكىل قىلىدۇ. توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.①

1 . توتېم قارىشى. توتېم قارىشى توتېم مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇ ئادەتتە، توتېم تۇغقانچىلىقى قارىشى، توتېم ئەجدادلىق قارىشى ۋە توتېم ئىلاھىي قارىشى قاتارلىق قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، توتېم قارىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېڭى دېيىشكە بولىدۇ.

2 . توتېمناملىرى. توتېمناملىرى ئادەتتە ئۇرۇق ئەزالىرى

① خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 24 -، 25 - بەتلەر.

مۇقەددەس ھېسابلايدىغان مەخلۇقات ۋە نەرسىلەرنىڭ ناملىرى بولۇپ، ئۇ كىشى ئىسىم - فامىلىلىرى، يەر - جاي ناملىرى، مەنسەپ - ئەمەل ناملىرى ۋە باشقا تۈرلۈك ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر (تەپسىلىي مەزمۇننى ئال-تىنچى بابتىن ئوقۇڭ).

3. توتېم بەلگىلىرى. توتېم بەلگىلىرى ئادەتتە توتېم ئوبرا-زى ياكى سىيماسىنى ئاساس قىلغان سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشتۇر. ئۇرۇق ئەزالىرى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا توتېم رەسىمى ياكى ئوبرا-زىنى ئۆزلىرىنىڭ بايراق - گېربلىرىغا ۋە ھەرخىل قوراللىرىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سىمۋولى ياكى ئىجتىمائىي - تەش-كىلىي بەلگىسى قىلىدۇ.

4. توتېم پەرھىزلىرى. توتېم پەرھىزلىرى توتېم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇرۇق ئەزالىرى بىردەك بوي سۇنۇشى زۆرۈر بولغان قائىدە - تۈزۈملەردۇر. توتېم پەرھىزلىرى ئادەتتە ھەرىكەت پەرھىزلىرى، يېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرى ۋە تىل پەرھىزلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

5. توتېم نىكاھلىرى. توتېم نىكاھلىرى دەل ئۇرۇق ئەزا-لىرىنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئوخشاش بىر توتېمغا چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز - ئارا قانداشلىق ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى نىكاھ-لىنىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. شۇڭا، توتېم نىكاھى ئىنسانىيەت-نىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

6. توتېم مۇراسىملىرى. توتېم مۇراسىملىرى ئەڭ دەسلەپ-كى دىنىي مۇراسىم بولۇپ، ئۇ توتېمغا تېۋىنىشنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. توتېم مۇراسىملىرى ئادەتتە توتېم جەمئىيىتىگە كىرىش مۇراسىمى، ئەۋلاد قالدۇرۇش مۇراسىمى

ۋە تەزيىە مۇراسىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
7. توتېم تۇغۇتى. توتېم تۇغۇتى ئەڭ بالدۇرقى تۇغۇت كۆز قارىشى بولۇپ، ئاياللارنىڭ هامىلدار بولۇشى، تۇغۇشى قاتارلىق هادىسىلەرنى توتېم روھىنىڭ پەۋقۇلئاددە كارامىتىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئىپتىدائىي جىنسىي ئەزالارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
8. توتېمغا ئايلىنىش ئېتىقادى. ئىپتىدائىي كىشىلەر ئادەم بىلەن توتېم بىر - بىرىگە ئايلىنالايدۇ دەپ قارىغان، ئۇلار يەنە ئەجدادلار، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى توتېمغا ئايلىنالايدۇ ھەمدە سېھىرلىنەلەيدۇ دەپ ئىشەنگەن. بۇ خىل قاراش ئەڭ دەسلەپكى سېھىرگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.
9. توتېمنىڭ مۇقەددەس جايلىرى. ئادەتتە، ئۇرۇق ئىچىدىكى بوۋاقلار تۇغۇلغان ئورۇنلار، توتېم بەلگىلىرى ئېسىپ قويۇلىدىغان جايلار ۋە توتېم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدانلار مۇقەددەس دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل مۇقەددەس جايلار ئەڭ دەسلەپكى دىنىي پائالىيەت مەركەزلىرى ياكى ئىبادەتخانىلار ھېسابلىنىدۇ.
10. توتېم تۈرلىرى. توتېمنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئادەتتە مەدەنىيەت تىپىغا قاراپ، ئۇرۇق توتېمى، قوۋم توتېمى، قەبىلە توتېمى، مىللەت توتېمى، جىنس توتېمى، ئائىلە توتېمى ۋە شەخس توتېمىدىن ئىبارەت يەتتە تۈرگە بۆلىنىدۇ. توتېم ئوبيېكتىغا قاراپ، ھايۋانات توتېملىرى، ئۆسۈملۈك توتېملىرى، جانسىز شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توتېملىرى ۋە باشقا خىلدىكى توتېملاردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ.
11. توتېم ئەدەبىياتى. توتېم ئەدەبىياتى دېگەندە، ئاساسلىقى توتېم ئەپسانىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا توتېم قوشاقلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، توتېم ئېتىقادى بولغان ھەرقانداق مىللەتتە

شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان توتېم ئەپسانىلىرى بارلىققا كېلى-
دۇ. توتېم ئەپسانىلىرى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ئەدەبىياتىدۇر.

12. توتېم سەنئىتى. توتېم سەنئىتى توتېم قارىشىنىڭ
سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشىدۇر. توتېم سەنئىتىدە ئىنسانلارنىڭ
ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن ئىپتىدائىي سەنئىتى ئۆز ئارا گىرە-
لىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ساددا ئېستېتىك ئېڭى-
نى ئىپادە قىلىدۇ. توتېم سەنئىتى، توتېم گىرىمچىلىقى، توتېم
ئويمىچىلىكى، توتېم سىزمىلىرى، توتېم ئۇسسۇلى ۋە توتېم
مۇزىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى 12 تۈر توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي
شەكىللىرىنى تەشكىل قىلغان، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئىپتىدا-
ئىي مىللەتلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىدىن ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچ-
راتقىلى بولىدۇ. لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە
توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. بە-
زى خەلقلەردە بۇ خىل ئەھۋال ئېنىق بولسا، بەزى خەلقلەردە
ناھايىتى تەكشىسىز بولىدۇ.

ئىككىنچى باب

# بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

ئەپسانە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىدىكى غەيرىي ئەقىل ئامىللىرى بىلەن ئەقىل ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرخىل ۋاستە، شۇنداقلا خىيال ۋە غايىنىڭ رىئاللىق بىلەن جىپسىلىشىشىدۇر. ئەپسانە بىلەن مىللىي مەدەنىيەت چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ مىللەتنى تولۇق ۋە مۇكەممەل چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

— O .J. روبېرتسون

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە بۆرىگە تېۋىنىش ئېتىقادى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار بۆرە توتېمى ھەققىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلەرنى يارىتقان. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك، ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدۇر.

مەلۇمكى، بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ بىر تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەپسانىلەر بىزنىڭ بۆرە توتېمىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. تۆۋەندە بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى جۇغراپىيىلىك تارقىلىش جەھەتتىن بىرقانچە رايونلارغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

# 1. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

ئادەتتە، ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئۈچ قىتئە «كونا قۇرۇقلۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەر مانا مۇشۇ كونا قۇرۇقلۇقتا مەيدانغا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان. توتېم ئەپسانىلىرى توتېم بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۆرىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەخلۇقنىڭ يەر شارىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم. لېكىن «ھېچقانداق بىر ھايۋان بۆرىگە ئوخشاش ئىككى خىل تارىخنى، يەنى توتېم قىلىنغان سەلتەنەتلىك تارىخنى ۋە قورقۇنچ، ۋەھشىيلىك، يىرتقۇچلۇقنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رىيازەتلىك تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغاندۇ...»① شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كونا قۇرۇقلۇقتىكى توتېم ئەپسانىلىرىدە، ھېچقانداق بىر ھايۋان بۆرىگە ئوخشاش بۇنداق ئىلاھىي ئىمتىيازغا ئېرىشىپ باققان ئەمەس. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە ئەپسانىلىرىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئىلاھىي بۆرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە، موڭغۇللاردا، سىبىرىيىدىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بىر مۇنچە خەلقلەردە، ئىرانلىقلاردا، مىسىرلىقلاردا، يۇنانلىقلاردا، رىملىقلاردا، شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرىدە، سلاۋيان مىللەتلىرىدە زور ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلانغانلىقىنى بايقايمىز. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى جۇغراپىيىلىك تارقىلىش

① گرولىبر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، نيو - يورك، 1983 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى. 20 - توم، 195 - بەت. (Grolier Academia Ancyclopedia, 20:195, NewYoerk, 1983)

جەھەتتىن مۇنداق تۆت رايونغا بۆلۈش مۇمكىن:

1. ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

بۇ رايوندىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ئاساسەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۆرە توتېمى كېلىپ چىققان ئەڭ قەدىمكى مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ئاساسەن خەنزۇ مەنبەلىرىدە (مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «تاڭنامە» ۋە باشقىلار)، قەدىمكى تۈركىي مەنبەلىرىدە (مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»، «شەجەرەئى تۈرك» ۋە باشقىلار) ۋە ھىندى - ئىران مەنبەلىرىدە (مەسىلەن، «شاھنامە» ۋە باشقىلار) خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ ئەپسانىلەر ھۇنلاردىن باشلىنىپ، ئۇسۇنلار، سىيانپىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللارغىچە كەڭ تارقالغان.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدە، بۆرە بىلەن ئادەم بالىسى ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى تېما قىلىنغان. جاڭ چيەننىڭ خاتىرىسىدە، ئۇسۇنلارنىڭ مۇنداق بىر ئەپسانىسى ئۇچرايدۇ:

«مەن ھۇنلار ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ئۇسۇن پادىشاھىنىڭ كۇنبېيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كۇنبېينىڭ دادىسى ھۇنلارنىڭ غەربىدىكى كىچىك بىر ئەلدە ئىدى. ھۇنلار ئۇسۇن ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كۇنبېينى دالىغا تاشلىۋېتىپتۇ. بىر چىشى بۆرە ئۇنى ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتىپ چوڭ قىلىپتۇ...»①

«جىن سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە، مىلادىيىدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى شىمالىي ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ھۇنلارنىڭ 19 ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇلار-

① «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»، «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».

نىڭ ئىچىدە «قارا بۆرە» ئورۇقى ۋە «قۇلان» ئورۇقىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تىلغا ئالىدۇ.

«خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «دۆلەت ئەرباپلىرى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابلاردا: «جۇمۇۋاڭ (مۇتيەنزى) غەربتىكى چۇەنرۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلاردىن تۆت ئاق بۆرە ۋە تۆت بۇغا غەنىيمەت ئالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. خۇنەنلىك ئۇيغۇر تارىخچى جيەن بوزەن ئەپەندى: «بۇ بۆرە ۋە بۇغىنى توتېم قىلغان ئورۇقلارنى كۆرسىتىدۇ»[1] دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

«ۋېي سۇلالىسى تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: «قاڭقىللار ( 高车 ) قەدىمكى قىزىل دى ( 赤狄 ) لارنىڭ نەسلىدىن ئىدى. . . ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ بىكەسى (خانىشى) ئىككى قىز تۇغقان. بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا ھۇنلار ئېلىدىكى كىشىلەر ئۇ قىزلارنى پەرىزات دېيىشىدىكەن. ھۇن تەڭرىقۇتى: ‹قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جۈرە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جۈرىلەشسە بولىدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتى ھۇنلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر جايغا تاملىرى ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ ھەم قىزلىرىنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ: ‹قىزلىرىمنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن› دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن قىزلىرىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت: ‹بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن› دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قورغان ئەتراپىغا بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە

---

① جيەن بوزەن: «جۇڭگو تارىخى تېزىسلىرى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1950 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

كەتمەپتۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جۈرە بولۇشمىزنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپىتىدە كەلگەن تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر» دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جۈرە بولماقچى بوپتۇ. ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: «بۆرە هايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جۈرە بولىمەن دېيىش — ئاتا - ئانىمىزغا قىلىنغان هاقارەت ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي بۆرىنى شۇ قىياپەتتە كەلگەن تەڭرى دەپ تونۇپ قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جۈرە بولۇپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى ناخشا ئېيتىشقا ماهىر بولۇپ، بۆرىگە ئوخشاش هەم ئۇزۇن، هەم ياڭراق ئاۋاز چىقىرالايدىغان بوپتۇ.»

بۇ ئەپسانىنىڭ يەنە بىرخىل ۋارىيانتى بولۇپ، «بۈيۈك تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئىككى هۇن قىزىنىڭ بۆرىگە جۈرە بولغانلىقى، بىرىدىن ئون ئۇيغۇر، يەنە بىرىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تۆرەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ئوبۇلغازى باهادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرى بىلەن رەشىدىدىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق بىر بۆرە ئەپسانىسى خاتىرىلەنگەن:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ قاپتىلىغا قامىلىپ قاپتۇ ۋە ماڭىدىغانغا يول تاپالماي هالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەهۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. بۆرە تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ ناهايىتى يوغان بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىگە ئەگىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. قاپ - قاراڭغۇ ئۆڭكۈر

ئىچىدە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە ئوچۇقچىلىققا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىگە ئەگىشىپ، ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بىر گۈزەل يايلاققا چىقىپتۇ ھەم ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ».①

يۇقىرىقى ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان «ئەرگىنەقۇن» داستانىدىمۇ بۆرە ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قوشاقلاشتۇرۇلغان:

يوقتى بۆرە بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بۆرە پەيدا.
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان ياردەمچىمىز.

تۆشۈك كۆرۈپ بۆرە كەتتى،
بىر تۆمۈرچى تەقىپ ئەتتى.
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

زور خۇشاللىق كانتا ئۆزرە،
بايرام قىلدۇق چېدىر ئۆيدە،
نەۋرە، ئوغۇل، دادا جەددە،
ئۇلۇغىمىز، كىچىكىمىز.

تۆمۈرچىگە بۆرە دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىندى،

① ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، تاشكەنت، «چولپان» نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى؛ 28 - ، 29 - بەتلەر. رەشىدىدىن (ئىران): «جامىئۇل تەۋارىخ»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى. 1 - توم، 1 - كىتاب 251 - 252 - بەتلەر.

ئۆزى چۇشۇپ يول باشلىدى،
ئوڭ قولىدا بايرىقىمىز.

بۆرتەچىنە بۆرە ئاتى،
ئەرگىنەقۇن يۇرتىنىڭ ئاتى،
تۆت يۈز يىل تۇردۇق زادى،
چىق، ئەي يۇزمىڭ قوۋمىمىز. ①

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەشھۇر داستانى «دەدە قورقۇت» تا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ:

ئۆز ئەسلىم، ئۆز تەكتىم،
سۇندۇرغۇم يوق، ماختىغۇم يوق.
قاپلاننىڭ ئەركىكىدە يىلتىزىم بار،
قىردىكى كىيىكلەرنى تۇرغۇزمايدۇ.
ئارسلاننىڭ ئەركىكىدە يىلتىزىم بار،
يۇرتتىكى غازلىرىڭنى تۇرغۇزمايدۇ.
بۆرىنىڭ ئەركىكىدە يىلتىزىم بار،
يۇڭلۇق قويلىرىڭنى كەزدۇرمەيدۇ.
ئاق قۇشنىڭ ئەركىكىدە يىلتىزىم بار،
ئالا ئۆردەك - غازلىرىڭنى ئۇچۇرمايدۇ. ②

ئۇنىڭدىن باشقا، «دەدە قورقۇت» داستانىدا يەنە:

يۇرتۇمنىڭ خەۋىرىنى بىلەمسەن، ئېيتقىن ماڭا،
قارا باشىم قۇربان بولسۇن بۆرەم ساڭا.

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. «دەدە قورقۇت» نى رۇسچىغا تەرجىمە

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 215 - بەت.

② ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976 - يىل، تۈركچە نەشرى، 147 - بەت.

قىلغان ۋ. بارتولد، سالۇر قازان (ھېكايە قەھرىمانى) نىڭ «بۆرىنىڭ يۈزىگە مۇبارەك» دېگەن سۆزلىرىنى توتېمىزىم دەۋرىنىڭ خاتىرىسى دەپ قارايدۇ.①

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دە، بۆرە توتېمى توغرۇلۇق مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ:

«تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشۈپتۇ. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە چىقىپتۇ. بۆرە ئوغۇزخانغا: ‹ھەي ئوغۇز، سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن› دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپتۇ... بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بۇ چوڭ، ئەركەك بۆرە يولدىن توختاپتۇ. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە توختاپتۇ...»②

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە بۆرە ياخشىلىقنىڭ ۋە ئامانلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇلاردا بۆرىگە نىسبەتەن بىرخىل قېرىنداشلارچە ھېسسىيات بولۇپ، رىۋايەتلىرىدە بۆرىنىڭ تىلىنى بىلەلەيتتى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن بۆرە بىلەن ئالاقىلىشالايتتى. ھاپىز ئابۇلاينىڭ ئەسىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئوغۇزخان رىۋايىتىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىدا تۇمەن ئىسىملىك بىر بەگ بار ئىدى. بىر قېتىم بىر مېھمان ئەمدىلا چېدىرغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، چېدىر سىرتىدىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇمەنخان مېھمانغا: ‹بۆرە سۆزلەۋاتىدۇ! ئۇلاردىن بىرى، مەن ئولجىنى تۇتالمىسام نېمە

---

① ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، 147 ـ بەت.
② «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 48 ـ، 49 ـ بەتلەر.

گۇناھ؟ ئۇنى قوغلىغان بولسامۇ تۇتالمىدىم، ئاخىرى تۇتقان بولسامۇ يېيەلمىدىم، دەۋاتىدۇ، قالغان ئۇچ بۆرە ئۇنىڭغا: ئەگەر سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمىگەن بولسا، بىز ياردەملىشەيلى، بىزنىڭ كۈچىمىز زور... دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندۇردى». [1]

بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر قازاق خەلقى ئارىسىدىمۇ بۇگۇنگە قەدەر، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە. «ئورىل باتۇر رىۋايىتى» دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر. رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئورىل باتۇر ئاقكۆڭۈل، ئىشچان مىراخور (يىلقىچى) ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئات بېقىۋاتقاندا، ئۇچ بۆرە ئاتلىرىغا ھۇجۇم قىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئورىل بۆرىلەرنى قوغلاپ، بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ قاپتۇ، قارىسا بۆرىلەر كۆرۈنمىگىدەك، پەقەت ئۆڭكۈردە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئۇچ قىز ئولتۇرغىدەك، ئۇلار ئورىل باتۇرغا مۇھەببەت بىلەن بېقىپ، ئۆزلىرىدىن بىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئورىل ئەڭ كىچىك بۆرە قىزنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپتۇ... [2]

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 - جىلدتا مۇنداق دېيىلگەن:

«تۈركلەرنىڭ ئاتا بوۋىلىرى ‹سۇ› دېگەن ئەلدىن كېلىپ چىققان، بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ئىكەن، تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگىنىڭ نامى ئاپا بەگ بولۇپ، ئۇلار 17 قېرىنداش ئىكەن، ئۇلاردىن بىرىنىڭ نامى ئېگىلناچور بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن...»

«جۇنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 50 - جىلدتا: «خاقان ئۆزىنىڭ نەسلىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۇچۈن، بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە

---

① «قورقۇت ھەققىدىكى خاتىرىلەر» — «قازاق ئەدەبىياتى ھەپتىلىكى» گېزىتى، ئالمائاتا، 1982 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانى.

② «قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 261 - بەت.

بېشىنى سىزدۇرغان. نۆكەرلىرىنى ‹فۇلى› دەپ ئاتىغان، بۇنىڭ مەنىسى ‹بۆرە› دېگەنلىكتۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تاڭ سۇزۇڭ دەۋرىدە، ئۇيغۇر خاقانى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۆگلۇك - سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنجىتىپ بەرگەن. تاڭ قوماندانى گوزىيى ئۇيغۇر خاقانى بىلەن خۇيەنرولۇڭ دېگەن جايدا ئۇچراشقاندا، خاقان ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى پەش قىلىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى رەتلىك تىزىلدۇرۇپ، گوزىيىنى ئالدى بىلەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراققا تازىم قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن» دېيىلگەن.

«يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 215 - جىلدتا مۇنداق يېزىلغان: «... تۈرك خاقانى چېدىر ئىشىكىگە شەرققە قارىتىپ ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى ئېسىپ قوياتتى».

«سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «غەربىي تۈركلەرنىڭ داتۇخانى سۇي سۇلالىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەرگە بۆرە رەسمى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى تەقدىم قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى بۆركلى مەڭگۇ تېشىدا «مەن يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم، يىلپىز بىلەن بۇغىنى ئۆلتۈرمىدىم» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. بۇ يېنىسەي قىرغىزلىرى دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۇ تاش بولۇپ، يىلپىز بىلەن بۇغا قىرغىزلارنىڭ توتېمى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يات ئۇرۇقتىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز توتېم ئۇرۇقىغا مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆلتۈرمىگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىرغىزلارنىڭ شەرقىدە تۈركلەرنىڭ «تۇبا» (都播)، «مىلىي» (弥列) ۋە «كي ئېجى» (可饿支) دېگەن ئۇرۇقلىرى جايلاشقان ئىكەن. باشقا مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قىرغىزلارنىڭ شەرقىدە «富邻» (Fyri) دېگەن قەبىلە بولغان، بۇ ئېھتىمال «بۆرە» ئۇرۇقىنى

كۆرسەتسە كېرەك.①

«يېڭى تاڭنامە. سىر تاردۇشلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق بىر ئەپسانە ئۇچرايدۇ: «دەسلەپ سىر تاردۇشلار ھالاك بولۇش ھارپىسىدا، بىر تىلەمچى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىگە كېلىپ چېدىر ئىشىكىدە تۇرۇپ سەدىقە تىلەپتۇ. چېدىرنىڭ ئايال خوجايىنى تىلەمچىنىڭ بۆرە باشلىق، ئادەم تەنلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما ئەر خوجايىن كۆرمەپتۇ. تىلەمچى قورساق تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن كېتىپتۇ. ئايال خوجايىن بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتىپتۇ. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۆتۈكەن تېغىغا كەپتۇ. بۆرە ئۇلارغا: ‹مەن ئىلاھ بولىمەن، سىز تاردۇشلار ھالاك بولۇش خەۋپىدە تۇرۇۋاتىدۇ› دەپتۇ. قوغلاپ كەلگۈچىلەر قورقۇشۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. دېگەندەك ئۇلار مۇشۇ تاغدا ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ».②

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 - جىلدتا، تۈركلەرنىڭ شەكلى ئەڭ مۇكەممەل، مەزمۇنى تېپىك بولغان بۆرە ئەپسانىسى خاتىرىلەنگەن:

«تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى بولۇپ، فامىلىسى ئاشىنا ئىدى، ئۇلار ئايرىم قوۋم بولغاندىن كېيىن، قوشنا ئەل بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىرلا ئوغۇل بالا ھايات قاپتۇ. يات ئەلنىڭ ئەسكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆلتۈرمەپتۇ ۋە پۇتىنى كېسىۋېتىپ، سۇ بار سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ قېشىغا بىر چىشى بۆرە كەپتۇ ۋە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپتۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۆرە بىلەن بىللە يېتىپتۇ. نەتىجىدە چىشى بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. يات

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 - لېكسىيە.
② «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 63 - بەت.

ئەلنىڭ خاقانى ھېلىقى بالىنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، نۆكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھامىلدار بۆرە ئىدىقۇت ئېلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بار بولۇپ، ئۆڭكۈر ئالدىدا ياپ - يېشىل جىلغا بار ئىكەن. بۆرە جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپتۇ ھەم ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، توي قىلىشىپتۇ ۋە نۇرغۇن پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا مۇشۇ جەمەتتىكىلەر ھەممىدىن تېز كۆپىيىپ، جىلغىدىن چىقىپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىپتۇ...»

لى شۈيخۈي ئەپەندى ئۈسۈنلار بىلەن تۈركلەردىكى بۆرە ئەپسانىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ مەنبەسى بىر، ئۇلار ئوخشاش بىر بۆرە ئەپسانىسىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋارىيانتى دەپ قارىدى.① بۇ ئەپسانىنىڭ سۈژىتلىرى 11 - ئەسىرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بىرونى (973 — 1048) نىڭ «ھىندىستان» ۋە «مېنېرالوگىيە» قاتارلىق ئىككى پارچە ئەسىرىدە قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنى بىرونى كابۇل شاھلىرى سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان تۈركلەرنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغانلىقى ۋە تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشىغانلىقىدەك ئەپسانە سۈژىتلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. رۇس تۈركولوگلىرىدىن كلياشتورنى بۇ ئەپسانىنىڭ مەنبەسى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ بۆرىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىگە بېرىپ تاقىلىدۇ دەپ قارايدۇ.② كېيىنكى ۋاقىتلارغا

---

① لى شۈيخۈي: «تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 - يىللىق 1 - سان، 13 - ، 14 - بەتلەر.

② س. كلياشتورنى: «ئەل - بىرونى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئەپسانە توغرىسىدا ژۇرنىلى»، (ئىنگلىزچە). 1998 - يىللىق 2 - سان (Turkic languae, Vol. 2,1998, No:2 Harrassowitz Verlag

كەلگەندە «چىڭگىز سۇلالىسى (موڭغۇللار) مۇ قەدىمكى تۈركىي قوۋملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى ئۆزلەشتۇرۇۋالدى».[①] شۇڭا، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا بۆرتەچىنە (كۆك بۆرە) بىلەن ئالانقوۋا (ئاق مارال) نىڭ قوشۇلىشىدىن موڭغۇللار كېلىپ چىققان[②] دېگەن ئەپسانە يارىتىلغان. دېمەك، موڭغۇللارنىڭ تۈركىي قوۋملاردا بىر مەھەل «مودا» بولغان بۆرە ئەپسانىسىنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. تارىخچى خوڭجۈن (洪钧) موڭغۇللاردىكى بۆرە ئەپسانىسىنى «تۈرك قوۋملىرىنىڭ مەدداھلىرىنىڭ تۈكۈرۈك چاچراندىسى»[③] دەپ قارايدۇ. ياپونىيە ئالىمى ماسۇداخىسائو (松田寿男) مۇ، بۇ ئەپسانە تۈركىي قوۋملاردىن كەلگەن دەيدۇ.[④]

2. جەنۇبىي ياۋروپا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

بۇ رايوندىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ئاساسەن بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن ئاپېنىن يېرىم ئارىلىدىكى ئىككى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلق — يۇنانلىقلار بىلەن رىملىقلارغا مەركەزلەشكەن. بولۇپمۇ رىملىقلاردىكى بۆرە ئەپسانىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك.

ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى بايقاشلار، جەنۇبىي ۋە غەربىي ياۋروپادا بۆرە توتېمىنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىدىلا بىخ سۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ دوردوگنې (Dordogne) ۋە ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا (Altamira) ئۆڭكۈر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ھايۋانات رەسىملىرى ئىچىدە، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغىنى بۆرە ئوبرازى ئىدى.[⑤]

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئەنقەرە، 1975 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 8 ـ توم، 8 ـ بەت.

② «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، جوڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

③ لى شۈيخۇي: «تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سان

④ ماسۇداخىسائو (ياپونىيە): «تەڭرىتاغنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە نەشرى، 275 ـ ، 276 ـ بەتلەر.

⑤ سېن جياۋ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 52 ـ ، 53 ـ بەتلەر.

قەدىمكى يۇنان ۋە رىملىقلاردا ئەپسانە - رىۋايەتلەر تەرەققىي قىلغان. كلاسسىك دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش ئىلاھلىرىنىڭ نامى بۆرە (Wolf) دەپ ئاتىلاتتى. يۇنان ۋە رىم ئەدەبىياتىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قۇياش ئىلاھى ئاپوللو (Apollo) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى «بۆرە» بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە «بۆرىدىن تۇغۇلغان»، «بۆرە سۆيەتلىك ئاپوللو» دېگەن ناملىرى بار.①

قەدىمكى رىمدىكى سىگنا (Signa) بۆرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاسمان ۋە زېمىن ئىلاھى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۆرە يەنە ئىت بىلەن بىر قاتاردا ئەقىل پاراسەت ئىلاھى مېركورى (Mercori) غا سىمۋول قىلىناتتى.② قەدىمكى رىمدىكى ئورمان ۋە ئوتلاق ئىلاھى فائۇنۇس (Faunus) نىڭ يەنە بىر ئىسمى لۇپېركۇس (Lupercus) بولۇپ، ئۇنىڭ لاتىن تىلىدىكى مەنىسى «بۆرە» ئىدى.③ شۇڭا قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدىكى ئىنساننى قاراڭغۇ زۇلمەت ماكانىدىن يورۇقلۇق ماكانىغا باشلىغان ئىلاھلار دەۋرى ئاتالمىش «بۆرە دەۋرى» دەپ ئاتالغان.④

رىم تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ شەخس رومۇلۇس بىلەن رىم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى بېتىنى تەشكىل قىلغان بۆرە ئەپسانىسى بىر - بىرىگە ئورگانىك باغلانغان بولۇپ، بۇ ئەپسانىنى جەنۇبىي ياۋروپا رايونىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان «بۆرە توتېمى ئەپسانىسى» دېيىش مۇمكىن.

«مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 - ئەسىردە ئىتالىيىدىكى تىبىر دەرياسى ۋادىسىدا ئاربالونگا شەھەر دۆلىتى قۇرۇلۇپتۇ. بىراق پادىشاھ ئۇكىسى ئامىلئۇس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئامىلى-

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، نيۇ - يورك ماكمىللان نەشرىياتى، 1987 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 15 - توم، 431 - ، 432 - بەتلەر. (The Encyclopedia of Religion, Book 15, 431—432, NewYork, 1987)

② «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 15 - توم، 431 — 432 - بەتلەر

③ H. M باۋنىۋېننىڭ: «ئەپسانىلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 189 - بەت.

④ «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 15 - توم، 432 - بەت.

ئۇس پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئاكىسىنىڭ ھايات قالغان بىردىنبىر جىيەن قىزىنى موناخ بولۇشقا مەجبۇر قىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇناخلار ئۆمۈر بويى توي قىلمايتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى موناخ قىز قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن ئامىلىئۇس موناخ قىزنى ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئىككى بالىنى تېبىر دەرياسىغا تاشلىۋېتىشكە ئادەم تەيىنلەپتۇ.

سېۋەتكە قاچىلىنىپ دەرياغا تاشلانغان بۇ قوشكېزەك بالىلارنى سۇ دولقۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر ئانا بۆرە ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ ۋە بىر ئۆڭكۈردە ئۆز سۈتى بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ. . .

كېيىن، بىر پادىچى بۇ ئىشنى كۆرۈپ قېلىپ، بالىلارنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ. مالچى بالىلارنىڭ چوڭىغا رومۇلۇس (Romulus) ، كىچىكىگە رېمۇس (Remus) دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، كاتتا پالۋانلاردىن بولۇپتۇ. ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال قوزغىلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، ئامىلىئۇسنىڭ تەختىنى گۇمران قىپتۇ.

ئۇلار ئانا بۆرە ئۆزلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان جايغا يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىشنى قارار قىپتۇ، بىراق، شەھەرنى كىمنىڭ نامى بىلەن ئاتاش مەسىلىسىدە زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ئاكىسى ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. رومۇلۇس بۇ يېڭى شەھەرگە ئۆز ئىسمىنى نام قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رۇم (رىم) شەھىرى رەسمىي مەيدانغا كەپتۇ.

بىراق، دەسلەپكى چاغدا رىم شەھىرىدە خوتۇن - قىزلار بەك ئازئىكەن. ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنىڭ قىزلىرى بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمايدىكەن، شۇڭا، رومۇلۇس ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، سابىن قەبىلىسىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بۇلاپتۇ، نەتىجىدە رىم-

لىقلار بىلەن سابىنلار ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپتۇ.

سابىنلار سان جەھەتتە كۆپ بولغاچقا رىملىقلارنى مەغلۇپ قىلاي دەپ قالغاندا، بىر توپ ئانا بۆرە ئىككى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇرلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ كېلىشىپ، رىم شەھىرىدە بىللە ياشاپتۇ. رومۇلۇس بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانا بۆرىنىڭ شاپائىتى دەپ قاراپ، ئانا بۆرىنى ئۆزىنىڭ نىجاتكارى، رىم شەھىرىنىڭ شەپقەتچىسى دەپ ئاتاپتۇ ۋە ئانا بۆرىنى رىملىقلارنىڭ توتېمى قىلىپتۇ». ①

تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، رىملىقلار رىم شەھىرىنى «بۆرە شەھىرى» دەپ ئاتاپ، «بوۋاقلارنى ئېمىتىۋاتقان چىشى بۆرە» نى، قەدىمكى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر گېربى قىلىپ كەلمەكتە. ②

3. غەربىي ئاسىيا ۋە نىل دەريا ۋادىسىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

بۆرە توتېمىنىڭ سىرلىق ئىزلىرىنى كونا قۇرۇقلۇق (ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا) نىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق ۋە يېقىن شەرق رايونىدىكى بۆرە ئەپسانىلىرى ئاساسەن قەدىمكى مىسىرلىقلار ۋە قەدىمكى پېرسىيىلىكلەرگە مەركەزلەشكەن.

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئىلاھلىرىنى بۆرىدىن يارالغان دەپ قارىغان. ئۇلار بۆرىنى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ۋە ھەربىي كۈچلەرنىڭ سىمۋولى قىلغانىدى. ③ ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرىدە، ئىنساننى ياراتقۇچى چولڭ ئىلاھ مىرىنوم بۆرە باشلىق، ئادەم تەنلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن. ④

---

① «توتېم مەدەنىيىتىگە دائىر 100 ھېكايە»، خۇنەن نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 43 - ، 44 - ، 45- بەتلەر. H. M باۋنۇپىننىك: «ئەپسانىلەر لۇغىتى»، 188 - ، 189 - ، 190 - بەتلەر.

② M. بېسسون: «توتېمىزم»، كەيمىڭ كىتابخانىسى. 1932 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 75 - بەت.

③ «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 15 - توم، 432 - بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 460 - بەت.

ئىران ئىگىزلىكىدە، تۈزلەڭلىكىدە بىر مەھەل گۈللەنگەن قەدىمكى پېرسىيىلىكلەرمۇ بۆرە ئەپسانىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەپسانىلەرنى ياراتقان. «يۇنان تارىخچىسى ھىرودېد، قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى گېل I (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 558 — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 529) نىڭ ئەسلىدە، چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بىر چىشى ئىت تېپىۋېلىپ، ئېمىتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قەدىمكى پارس تىلىدىكى «ئىت» سۆزى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ». ①

ئەنگلىيە ئالىمى تەيلور قەدىمكى پېرسىيىلىكلەرنىڭ بۇ ئەپسانىسىنى رىملىقلارنىڭ بۆرە ئەپسانىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى ئەپسانە ئەمەلىيەتتە بىر تۈردىكى ھېكايىنىڭ ئوخشىمىغان ۋارىئانتلىرىدۇر ياكى بۇلار تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان ۋە خەلق قەھرىمانىغا ئايلاندۇرغان ئەپسانىلەر تېپىنىڭ بىر قىسمىدۇر». ② پېرسىيىلىكلەر ئەپسانىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەسلىدە چىشى بۆرە ئورنىغا چىشى ئىت ئالماشقان.

4. شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا رايونىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

بۇ رايوندىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ئاساسەن، سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرگە، فىنلارغا، گېرمانلارغا ۋە سلاۋىيان تىللىق مىللەتلەرگە مەركەزلەشكەن.

بۆرىنىڭ شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى نامى فېنرىر (Fenrir) ياكى فېنرىس-ۋولف (Fenriswolf) بولۇپ، ئۇ سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش ئىلاھى ئودېن (Oden) غا، فىنلارنىڭ ھالاكەت ئىلاھىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ③

---

① ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 282 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 282 - ، 283 - بەتلەر.
③ «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 15 - توم، 431 - بەت.

سلاۋيان تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە، ئانا بۆرە بىلەن ئانا ئېيىق قوشكېزەك باتۇرلارنى ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى تاغنى يۆتكىيەلەيدىغان باتۇر ۋالگور (Valgor). يەنە بىرى، دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرالايدىغان ۋېلۋىدوب (Velwidob) لار ئىدى؛ گېرمان ئەپسانىلىرىدە بولسا قەھرىمان يىگىت كىتلېخ (Kitleh) ئۆزىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئانا بۆرىنىڭ نامى بىلەن «بۆرە كىتلېخ» دەپ ئاتىلىدۇ...①

## 2. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ ئوخشاشلىق نۇقتىلىرى ۋە ئورتاق موتىفلىرى

كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى قۇرۇلما ئەپسانىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئەپسانىلارغا ۋاكالىتەن «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 ـ جىلدتا خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانە بىلەن قەدىمكى رىملىقلاردىكى روموْلۇس ۋە بۆرە ئەپسانىسىنى سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىقلارنى بايقىغىلى بولىدۇ:

1. بۇ ئەپسانىلەردە مەلۇم بىر خەلق ياكى قوۋمنىڭ ئۆز قوشنىسى ياكى قېرىندىشى (تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىسىدە قوشنا ئەل؛ رىملىقلار ئەپسانىسىدە ئۆز ئۇكىسى) تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغانلىقى بايان قىلىنغان.

2. بۇ ئەپسانىلەردە قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغان تەرەپتىن پە-

① ئېدۋارد تەيلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، 283 ـ بەت.

قەت بىرلا بالىنىڭ ھايات قالغانلىقى (تۈركىي خەلقلەر ئەپساند-
سىدە ئون ياشلىق ئوغۇل بالا؛ رىملىقلار ئەپسانىسىدە بويىغا
يەتكەن جىيەن قىز) بايان قىلىنغان.

3. بۇ ئەپسانىلەردە تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى ئانا بۆرىنىڭ
قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ۋە گۆش - سۈت بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغاند-
لىقى تەسۋىرلەنگەن.

4. بۇ ئەپسانىلەردە قىرغىنچىلىقتىن بىردىنبىر ئامان قال-
غان بالىلار تۈرلۈك غەيرىي رەسمىي ئۇسۇللار بىلەن نەسىل
قالدۇرىدۇ (تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىسىدە، ھايات قالغان ئوغۇل
بالا چىشى بۆرىنى ھامىلدار قىلىدۇ؛ رىملىقلار ئەپسانىسىدە ھايات
قېلىپ موناخ بولۇشقا مەجبۇرلانغان قىز غايىبتىن ھامىلدار بو-
لۇپ قالىدۇ). قارشى تەرەپنىڭ خانى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن،
ئۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ.

5. بۇ ئەپسانىلەردە ئانا بۆرە تاشلىۋېتىلگەن ئوغۇل بوۋاقلار-
نى سۇ بار جايدىن (تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىسىدە سازلىقتىن؛
رىملىقلار ئەپسانىسىدە دەريا بويىدىن) تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇلارنى تاغ
ئۆڭكۈرىدە باقىدۇ.

6. بۇ ئەپسانىلەردە ئانا بۆرىنىڭ شەپقىتى بىلەن ھالاكەت
گىردابىدىن قۇتۇلغان خەلقلەر بۆرە بىلەن قانداش ئۇرۇقنىڭ
پېتەكچىلىكىدە (تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىسىدە ئاشىنا ئۇرۇقى؛
رىملىقلار ئەپسانىسىدە رومۇلۇس ئۇرۇقى) كۈچلۈك دۆلەت قۇرىدۇ.

7. بۆرە ئەپسانىلىرىنى ياراتقان بۇ خەلقلەر كۈچلۈك دۆلەت
قۇرغاندىن كېيىن، بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆز بايراق - گېرىبلىرىغا
بۆرە بېشىنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرىدۇ. «تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ
نەسلىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بايرىقىد-
غا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرگەن»[1]

---

[1] «جۇنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، 50 - جىلد.

«. . . تۈرك خاقانى دائىم چېدىر ئىشىكىگە شەرققە قارىتىپ، ئالتۇن رەڭ بۆرە بېشى رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى ئېسىپ قوياتتى»؛① رىملىقلار ئىشلەتكەن بەش خىل ھەربىي بايراقنىڭ بىرىنچىسىگە بۆرە بېشى رەسىمى، قالغانلىرىغا ئات، ياۋا توڭگۇز، بۈركۈت ۋە كالا باشلىق، ئادەم تەنلىك غەيرىي مەخلۇقلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن.②

8. بۇ خەلقلەر ئۆزلىرىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىگە ئاساسەن، سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ھەيكەل ۋە ئابىدىلەرنى تۇرغۇزغان. رىملىقلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ، 6 ـ ئەسىرلەردە بىر ئانا بۆرىنىڭ مىس ھەيكىلىنى قاتۇرغان. مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئېمىپ تۇرغان قوشكېزەك ئوغۇل بالىنىڭ مىس ھەيكىلىنى قوشقان.③ تۈركىي قوۋملارمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى دەۋرلىرىدىلا بۆرىنىڭ تاش ھەيكەللىرىنى قاتۇرغان. «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بىر ئىبادەتخانا خارابىسىنى قازغاندا، بىر كەمەر تېپىلغان، كەمەر توقىسىغا بىر ئانا بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن».④ 1956 ـ يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى س. دورجى سۇرۇڭ موڭغۇلىيىنىڭ خاڭگاي ئۆلكىسى تەۋەسىدىن كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بىر ئابىدىنى تاپقان. بۇ ئابىدىگە ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان ئادەم بالىسى شەكلىدىكى بىر غەيرىي نەرسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. رۇسىيە ئالىمى كلياشتورنىي بۇنى، شۈبھىسىزكى، تۈركلەرنىڭ بۆرە ئەپسانىسىنىڭ ئوبرازلىق يالدامىسى، دەپ قارىغان.⑤

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، 215 ـ جىلد.
② سىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 7 ـ بەت.
③ «توتېم مەدەنىيىتىگە دائىر 100 ھېكايە»، 43 ـ بەت.
④ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 462 ـ بەت
⑤ س. گ. كلياشتورنىي: «سوغد يېزىقىدىكى بۇگۇت مەڭگۇ تېشى» — «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىن تەرجىمىلەر» توپلىمى، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ مەجمۇئە.

## 3 . كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى

كونا قۇرۇقلۇقتىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ بۆرە ئەپسانىلىرىدىكى ئوخشاشلىقلار، بىزدە بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ئورتاق بىرلا مەنبەدىن تارقالغانمۇ - يوق؟ دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئارىيانلار ياۋروپا بىلەن ئىچكى ئاسىيا رايوننى باغلىغان تارىختىكى ئەڭ قەدىمكى قوۋمدۇر، ئاتاقلىق تەتقىقاتچى قۇربان ۋەلى «قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەتلىرى ھىندى ۋادىسىدىكى ھىندىلارغا، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ قالغان. . . ئارىيانلار بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا بارغان. ئۇلارنىڭ قەيەردىن بارغانلىقى توغرىسىدا ھازىر دۇنيادا تېخى يەكۈن چىقىرىلمىدى. لېكىن ئارىيانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان قوۋم ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق ئالىم گۇمان قىلمايدۇ»① دەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركولوگلار تۈركىي تىللىرىدىكى «بۆرە» سۆزىنىڭ مەنبەسىنى قەدىمكى ھىندى - ئىران تىللىرىغا باغلايدۇ. «گېرمانىيە تۈركولوگى ۋ. باڭ ‹بۆرە› سۆزىنى تۈركولوگىيىدىكى بىلىملەرگە تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ» .② رۇس تۈركولوگى كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدىكى ‹بۆرى› سۆزىنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى قەدىمكى ھىندى - ئىران تىللىرىغا باغلاش مۇمكىن. يەنى بۇ سۆز سوغد تىلىدا ωyrk ، ئاۋېستا تىلىدا Vehrka ، قەدىمكى پارس تىلىدا

---

① قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل، قايتا نەشرى، 60 - بەت.

② س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 113 - بەت.

Vrkana ، ئۇدۇن - ساك تىلىدا birgga ، ئوسېت تىلىدا berār, birār شەكلىدىدۇر»[1] دەيدۇ. روشەنكى، قەدىمكى هىندى (سانسكرىت) تىلى دەل ئارىيانلار تىلىدىن شەكىللەنگەن تىلدۇر.

دېمەك، تۈركىي تىللاردىكى «بۆرە» سۆزى ئارىيانلار تىلىدىن قېپقالغان سۆز بولۇپ، ياۋروپا تىللىرىدىكى Wolf (ئىنگلىزچە «بۆرە»)، волк (رۇسچە «بۆرە») سۆزلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ ئارىيان تىلىغا باغلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلق — ئارىيانلار بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەڭ قەدىمكى قوۋملار ھېسابلىنىدۇ.

ئارىيانلار بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەڭ قەدىمكى خەلقتۇر. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئۇزۇن مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، بۆرە ئەپسانىسىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا مىراس قالدۇرغان. كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچكەندە، بۇ ئەپسانىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياۋروپادىكى رىملىقلار، سكاندېنوۋىيىلىكلەر، گېرمانلار ۋە سلاۋىيان تىللىق مىللەتلەر رايونلىرىغىچە ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۆرە ئەپسانىسى دۇنياۋى تۈس ئالغان.

دەرۋەقە، بۇ بىزنىڭ دەسلەپكى قارىشىمىز بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن بولالمايدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 4. يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى

ئادەتتە، يېڭى قۇرۇقلۇق دېگەندە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ رايوندىكى بۆرە توتېمى

① يۇقىرىقى كىتاب، 114 - بەت.

ئەپسانىلىرى ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ئىندىئانلارغا مەركەزلەشكەن. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان 400 گە يېقىن ئىندىئان ئۇرۇقلىرى ئىچىدە 30 نەچچە ئۇرۇق بۆرىنى توتېم قىلغان، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغان ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە بۆرىگە باغلاپ، بۇ ھەقتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ياراتقان ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقاتقان. تۆۋەندە ئىندىئانلارنىڭ بۆرە ئەپسانىلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆرنەك ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى:

«تولىمۇ ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى شىمالىي ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە دالىلىرىدا بىر توپ چىلبۆرىلەر ياشىغانىكەن. چىلبۆرىلەرنىڭ پادىشاھى ھىيلىگەرلىكتە ئۈچىغا چىققان بولۇپ، جىمى ھايۋانلارنى قورقىتىدىكەن. چىلبۆرىلەر بۇ جاينىڭ تەنھا خوجايىنى ئىكەن.

بۆرە پادىشاھ ئۆزىنىڭ زېمىگەرلىك ئورنىدىن تولىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، بىرى بۆرە پادىشاھقا، ئادەملەرنى بويسۇندۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆرە پادىشاھ چىلبۆرىلەرگە ئادەملەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

چىلبۆرىلەر ئادەملەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىپتۇ. ئۇرۇش جەريانىدا، ئادەملەر قورساق كۆتۈرگەن بىر ئانا بۆرىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار ئانا بۆرىنى ئۆلتۈرمەي بېقىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئانا بۆرە بىر جۈپ ئەركەك - چىشى بۆرىنى كۈچۈكلەپتۇ، بىراق، ئانا بۆرە ئاغرىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بۆرىنى باققان ئۆيدىكى ئايالمۇ قوشكېزەك بالا تۇغۇپتۇ. ئايال ئۆز سۈتىنى تۆتكە بۆلۈپ، بىر جۈپ بۆرە كۈچىكى بىلەن بىر جۈپ قوشكېزەك

بالىسىنى بىرگە بېقىپتۇ.

بىر جۈپ بۆرە كۈچىكى تېزلا چوڭلاپ، ھېلىقى ئايال تۇغقان بىر جۈپ ئادەم قېرىنداشنى ئوينىتىدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار دالىدا ئويناۋېتىپ بىر توپ چىلبۆرىلەرگە ئۇچراپتۇ. بۆرىلەرگە يول باشلاۋاتقان ئەركەك بۆرە دەل ھېلىقى بىر جۈپ بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇ ئۆز كۈچۈكلىرىنىڭ ئادەم بالىسىنى ھاپاش قىلىپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى يامىنىغا جورۇپ چۈشىنىپتۇ ۋە ئادەملەردىن قايتا ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كېلىپتۇ.

ئۇ مېھرىبان قىياپەتتە بۆرىلەرنى باشلاپ كەنتكە كېلىپتۇ ۋە ئادەملەرگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا ئەرلەر ئىشقا كېتىپ، كەنتتە ئاياللارلا قالغانىكەن. نىيىتى بۇزۇلغان چىلبۆرىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر دەمدىلا كەنتنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

ھېلىقى بىر جۈپ بۆرە كۈچىكى چىلبۆرىلەرنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى بولغان بىر جۈپ ئادەم بالىسىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. چىلبۆرىلەر كەينىدىن قوغلاپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ يولىنى بىر دەريا توسۇۋاپتۇ. بىر جۈپ بۆرە بالىسى قاتتىق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە، بىر ئامال قىلىپ، ئادەم بالىلىرىنى ئاخىرى دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە خاتىرجەم بىر جايغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ.

بىر جۈپ بۆرە بالىسى ئادەم بالىسىدىن تىل ئۆگىنىپ، پۈتۈنلەي ئادەملىشىپتۇ. ئۇلار ئادەم بالىلىرى بىلەن ئۆزئارا توي قىلىشىپ، نۇرغۇن پەرزەنتلىك بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۆرىنى توتېم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىنى «بۆرە قەبىلىسى» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ...».①

① «توتېم مەدەنىيىتىگە دائىر 100 ھېكايە»، 46 ـ، 47 ـ، 48 ـ بەتلەر.

ئىروكوز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بۆرە قەبىلىسىدىكى ئىندىئانلار ئۆزلىرىنىڭ بۆرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۆرە ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە بۇنداق بىر ئەپسانىنى يارىتقان:

«ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە بۆرە بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە تۆت ئاياغلىنىپ يول ماڭغان، ئۇلارنىڭ بىرلا بارمىقى، بىرلا تىرنىقى ۋە بىرلا كۆزى بولغان، كېيىنچە، ئۇلارغا ئىنسانلار بەدىنىدىكى ئەزالار ئۆسۈپ، ئىككى بارماق ۋە ئىككى تىرناق چىققان ھەمدە تەدرىجىي مۇكەممەل ئادەمگە ئايلانغان. ئەڭ ئاخىرى قۇيرۇقىنىمۇ تاشلاپ، ئادەملەردەك ئۆرە مېڭىشنى ئۆگىنىۋالغان...».①

موكوي قەبىلىسىدىكى ئىندىئانلار ئۆزلىرىنى غەرب تەرەپتىن كەلگەن توققۇز ئادەم ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئەپسانە ساقلانماقتا:

«بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا، موكويلارنىڭ ئۇلۇغ مومىسى غەربتىكى يۇرتىغا بېرىپ، ئادەم ئۇرۇقىدىن توققۇزنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ شەكلى مۇنداق ئىكەن: بىرىنچىسى، بۇغا؛ ئىككىنچىسى، قۇم ئۇرۇقى؛ ئۈچىنچىسى، سۇ (يامغۇر) ئۇرۇقى؛ تۆتىنچىسى، ئېيىق؛ بەشىنچىسى، ياۋا توشقان؛ ئالتىنچىسى، چىلبۆرە؛ يەتتىنچىسى، شالدىراق يىلان؛ سەككىزىنچىسى، كۆك تاماكا؛ توققۇزىنچىسى قۇمۇش ئۇرۇقى. بۇ ئىلاھىي موماي ئاشۇ توققۇز ئادەم ئۇرۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ ھازىر تۇرۇشلۇق مەھەللىسىگە تېرىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئادەمگە ئايلانغانىكەن...».②

دېمەك، ئىندىئانلارنىڭ يۇقىرىقى بۆرە توتېمى بىلەن باغلىـ

---

① فرازېر: «توتېمغا تېۋىنىش ۋە يات ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىش»، لوندون، 1910 ـ يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ جىلد 6 ـ بەت.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ كىتاب، 339 ـ بەت.

ىندىغان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ توتېم ئېتىقادىدا بۆرە ئوبرازىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## 5. يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى

شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا نېمە ئۈچۈن بۆرە توتېمى شۇنچىلىك ئەۋج ئالغان؟ شىمالىي ئاسىيا رايونىدا قەدىمدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۈركىي تىللىق (كەڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، ئالتاي تىللىق) مىللەتلەر بىلەن ئىندىئانلار ئوتتۇرىسىدا توتېم ئېتىقادى جەھەتتە قانداق ئورتاقلىقلار مەۋجۇت؟

دەرۋەقە، خۇددى مورگان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسەت پرىنسىپىنىڭ بىردەكلىكى ئىنسانىيەتنىڭ تېگى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى دەلىلدۇر»[1].

ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن شىمالىي ئاسىيا رايونىدىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ توتېم مەدەنىيىتىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلار كىشىدە، تەبىئىي ھالدا، ئۇلار بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانمۇ - يوق، دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ مەسىلە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان تېما بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئالىملار كۆپ خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنى ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈپ بار-

---

[1] مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 1159 - بەت.

غان دېسە، يەنە بەزىلەر ئامېرىكا ئىندىئانلىرى يەر شارىنىڭ ئاخىرقى مۇز دەۋرىدە يۈز بەرگەن «ئاتلانتىس ئارىلى ئاپىتى» دە ئامان قالغانلار دەپ قارىدى[1]. يەنە بەزىلەر ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تارىختىكى يوقاپ كەتكەن ئىسرائىلىيە قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارىماقتا[2]. لېكىن ئىلىم ساھەسى بۈگۈنگىچە ئەڭ قايىل قىلارلىق ۋە ئەڭ مۇۋاپىق قىياس دەپ ئېتىراپ قىلغىنى يەنىلا ئامېرىكا ئىندىئانلىرى شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادىدۇر، دېگەن پەرەزدۇر.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يەر شارىنىڭ مۇز دەۋرىدە، شىمالىي ئاسىيا رايونىدا قاتتىق ئىقلىم ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، بېرىنگ بوغۇزى مۇز تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقى شىمالىي ئۇچى ۋاقىتلىق تۇتاشقان. بۇ چاغدا مۇشۇ رايوندىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئىككى قېتىم كۆچكەن. بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈش تەخمىنەن 35 مىڭ يىللار ئىلگىرى بولغان. لېكىن بۇ ھەقتە تولۇق ئىسپات يوق. ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈش تەخمىنەن 15 ـ 18 مىڭ يىللار ئىلگىرى بولغان. ئامېرىكا قىتئەسىدىن قېزىۋېلىنغان مۇز دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنى $^{14}C$ ئارقىلىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ قېتىمقى كۆچۈشنىڭ يىل دەۋرىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان. بۇخىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق يەكۈننى چىقارغان: ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئەسلىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىكى تارىختىن بۇرۇن بىر مەھەل گۈللەنگەن چوڭ قوملۇقتا ياشىغان مەدەنىيەتلىك قوۋمدۇر. بۈگۈنكى كۈندە گەرچە بۇ قوملۇق بىر

---

① مىكائىل گىبلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان 78 ـ بەت.

② مىكائىل گىبلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان، 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

پارچە قاقاس چۆللۈككە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن مۇز دەۋرىدە ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاقلار ئىدى، خالاس①.

دەرۋەقە، بىزمۇ يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋۋەتلەيمىز. بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاساسقا ئېرىشىمىز:

بىرىنچى، بۈگۈنكى ئىنسانشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تارىختىن بۇرۇنقى ئاسىيالىقلار تىپىغا مەنسۇپ، ئۇلار ئىپتىدائىي موڭغۇل ئىرقىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تىپىك ئاسىيالىقلار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ يۈزى كەڭ، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، تۈز ھەم قارا چاچ، شالاڭ ساقال، قىيسىق كۆز بولۇشى موڭغۇللوئىدلار بىلەن تامامەن بىردەكلىككە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىرسىيەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار ئىندىئانلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ قان تىپىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلاردا ئوخشاش تىپتىكى قان ئېلېمېنتلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بايقىغان②.

ئىككىنچى، ئىندىئان تىللىرىنىڭ تۈرلۈك دىئالېكت - شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلغان تىلشۇناسلار «ئىندىئان تىللىرى» نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنبەسى ئىپتىدائىي موڭغۇل تىللىرىغا بېرىپ تاقالغان③. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىپتىدائىي موڭغۇل تىلى ئىپتىدائىي ئالتاي تىلى (ئالتاي تىللىرى بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئانا ئالتاي تىلى) دىن بۆلۈنۈپ

① مىكائىل گېلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1981 - يىللىق 3 - سان، 77 - بەت.

② مىكائىل گېلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1981 - يىللىق 3 - سان 77 -، 78 - بەتلەر.

③ مىكائىل گېلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1981 - يىللىق 3 - سان، 77 -، 78 - بەتلەر.

چىققان ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان تىل ئائىلىسىدۇر. شۇڭا، ئىندىئان تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر تىللىرىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق بار، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى ئېدۋارد تەيلور (Edward BernattTylore، 1832 — 1917) نىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئىندىئانچە سۆزلەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: ئۇيغۇر تىلىدىكى 〈ئانا〉 سۆزى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا ئوخشاش تەلەپپۇزغا ۋە ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەن. تەيلورنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا: «يۇقىرى كالىفورنىيىدە ياشايدىغان ئىندىئانلار، ئازابلانغان ۋاقىتتا 〈ana〉 دەپ توۋلايدىكەن. مەنىسى دەل 〈ئانا/ئاپا〉 دېگەننى بىلدۈرىدىكەن»[1]. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىندىئان تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىملىق ۋە ئۇندەش سۆزلەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلار بار ئىكەن. مەسىلەن[2]:

| ئۇيغۇر تىلى | ئىندىئان تىلى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئاھ | ah | (ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان ئۇندەش سۆز) |
| پۇۋ | pub | (پۇۋدەشنى بىلدۈرىدۇ) |
| ئۆھۇ - ئۆھۇ | hoh — hoh | (يۆتەل ئاۋازىنى بىلدۈرىدۇ) |
| پىش - پىش | pish — pish | (مۈشۈكنى ياكى مۈشۈكنى چاقىرغان ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ) |
| ھەي | hai | (ئادەمنى چاقىرغان ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ) |

① ② بۇ مىسالدىكى ئىندىئان تىلى سۆزلۈكلىرى ئېدۋارد تەيلورنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىنىڭ 182 ـ، 198 ـ، 209 ـ، 219 ـ، 184 ـ، 191 ـ، 193 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

ھېھ - ھېھ hee — hee (كۆلكە ئاۋازىنى بىلدۈرىدۇ)
كىش - كىش ksih — ksih (ئات - ئۇلاغنى ھەيدىگەن ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ)

ئۈچىنچى، ئارخېئولوگىيە جەھەتتە، ئامېرىكا قىتئەسىدىن تېپىلغان ئاخىرقى مۇز دەۋرىگە ئائىت بىر قىسىم ئىپتىدائىي قورال - سايمانلار، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى C 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى، موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە پۇتكول سىبىرىيىدىن تېپىلغان بۇيۇملار بىلەن تامامەن ئوخشاش چىققان①.

تۆتىنچى، ئىندىئانلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمى بىلەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمىنى سېلىشتۇرساق، ئاجايىپ زور ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز، تۆۋەندە ئۆرنەك كۆرۈپ باقايلى:

1. ئىروكوز ئىندىئانلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈلمىسى:

ئۇرۇق ← قەبىلە ← قەبىلىلەر ئىتتىپاقى

ئىروكوز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى②
- سېنېكا قەبىلىسى
  - بۆرە، ئېيىق، تاشپاقا،
  - قوندۇز، بىگىز تۇمشۇق،
  - كۆك قوتان، قارچىغا، بۈغا
- كايۇگا قەبىلىسى
  - بۆرە، ئېيىق، تاشپاقا،
  - قوندۇز، بىگىز تۇمشۇق
  - يىلانبېلىق، قارچىغا، بۈغا
- .........
  - .........
  - .........

2. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈلمىسى:

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈلمىسى ۋە

① مېكائىل گېلل: «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى — ئاسىيا كۆچمەنلىرىدۇر»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1981 - يىللىق 3 - سان، 77 -، 78 - بەتلەر.
② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 135 - بەت

ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈلمىسى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، يەنى ئۇرۇق ← قەبىلە ← قەبىلىلەر ئىتتىپاقى.

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى① | ئىچكى توققۇز قەبىلە | ياغلاقار، ئوتۇرقار، دېرېمار، ئاۋۇچاۋ، بوقاسقىر، قازار، ياماقار، ئاياۋىر، قوغۇرسۇ |
| | تاشقى توققۇز قەبىلە | ئۇيغۇر، بۆكۈ، ھۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، چۇبە، باسمىل، قارلۇق |

3. قازاقلارنىڭ كىچىك يۈز قەبىلىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى: رۇۋ (ئۇرۇق) ـ تائىپە (قەبىلە) ـ يۈز (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى)

| | | |
|---|---|---|
| كىچىك يۈز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى② | ئەلىم ئوغلى | قارا ساقال قاراش، كەتە |
| | باي ئوغلى | ئادي، ئالچىن، جاپپاس، ئالاشا، بايراق، بېرىش، ئېسىنتېمىر، قىزىلقۇرت، سېركېش، تاز ماسقار |
| | يەتتە ئۇرۇق | تابىن، تاما، تېلېۋ جاغالبايلى، كېردېرى كېرەيت، رامادان |

دېمەك، ئىندىئانلار بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈلمىسىنى سېلىشتۇرۇساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كىشىنى قايىل قىلارلىق ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. بۇ خىل بايقاش، شەك - سۈبھىسىزكى، ئىندىئانلار بىلەن شىمالىي ئاسىيا رايونىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

بەشىنچى، ئامېرىكىدىكى ئوماخا ئىندىئانلىرى بىلەن كۆك

① خاملتون: (فرانسىيە) : «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - بەت.
② جاقىپ مىرزاقان ئوغلى: «قازاق خەلقى ۋە فولكلورى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، قازاقچە نەشرى، 386 - بەت.

تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇنا-سىۋەتلىرى بىلەن قېرىنداشلىق ئاتالغۇلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر روشەن ئوخشاشلىقنى ھېس قىلىمىز. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۈركىيە ئالىمى شارون باشتۇغ (SharonBashtug) مۇنداق دەيدۇ: «كۆك تۈرك دەۋرىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى سىستې-مىسىنى ئوماخا ئىندىئانلىرى بىلەن كلاسسىفىكاتسىيە (تۈرلەرگە بۆلۈنۈش) نوقتىسىدىن سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى زور ئوخشاش-لىقلار بار دېيىشكە بولىدۇ... ئېچىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلىدى-غىنى شۇكى، ئوماخا ئىندىئانلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق ۋە قېرىنداش-لىق ئاتالغۇلىرى سىستېمىسىنى تارىختىكى ۋە ھازىرقى موڭغۇل - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇغقانچىلىق سىستې-مىسىغا مودېل قىلىشقا بولىدۇ»[①] (1 ، 2 - رەسىمگە قاراڭ).

ئالتىنچى، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن شىمالىي ئاسىيا رايونىدىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر ئوخشاشلا ئۇزاق مەزگىل شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ تىپىك شامان مەدەنىيىتى رايونىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شامانىزم بىلەن باغلىنىدىغان ئۆرپ - ئادەتلى-رى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە كۈي - مۇزىكىلىرىدا غايەت زور ئورتاقلىقلار ساقلانغان، بولۇپمۇ «مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ مۇزىكىلىرى، خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى بىلەن شىمالىي جۇڭگودىكى مانجۇ، شىبە، ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكي،

① «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1993 - يىللىق 1 — 2 - سان، 16 - بەت.




(△ئەر، ○ ئايال)
مودېلدىكى شەرتلىك بەلگىلەر: F=father (ئاتا)؛ M=mother (ئانا)؛ B=brother (ئاكا. ئۇكا)
Z=sister (ئاچا ـ سىڭىل)؛ S=son (ئوغۇل)؛ D=daughter (قىز)؛ H=husband (ئېرى)؛ W=wife (خوتۇنى)
MB=mother's brather (ئانىسىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى)؛ FZD=father's sister's daughter (باللار)؛
C=child (ئانىسىنىڭ ئاچا ياكى سىڭلىسىنىڭ قىزى)

1 ـ رەسىم. ئوماخا ئىندىئانلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان مودېل (△ئەر، ○ ئايال)

موڭغۇل، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشا ـ كۈي ئاھاڭلىرىنىڭ ئورتاق ئاھاڭ قۇرۇلمىسىغا، ئورتاق مېلودىيە راۋاجىغا، ئورتاق رىتىم خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئورتاق ماھارەت ۋاسىتىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان»[①].

يەتتىنچى، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن كۆچۈپ بارغانلىقى ھەققىدە، ئىندىئانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمۇ بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. موكوي ئىندىئانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولغان توققۇز ئۇرۇقنىڭ غەرب تەرەپتىن كۆچۈپ

① «مۇزىكا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان، 53 ـ بەت.




2 - رەسىم. كۆك تۈركلەرنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان مودېل ( △ ئەرنى، ○ ئايالنى، ▲ بىلەن ● ئاتا تەرەپ تۇغقانلارنى، ◬ بىلەن ⊜ ئانا تەرەپ تۇغقانلارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەردۇر. )

كەلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانە بىزگە،① تەبىئىي ھالدا، ئىندىئانلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ ئىلىم ساھەسىدە تېخىچە تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بىر مەسىلە. ناۋادا ئىلىم ساھەسى ئىندىئانلار بىلەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى قىياسنى تولۇق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەن كۈنى، بۆرە توتېمىنىڭ سىرلىق مەنبەسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئاشكارا بولىدۇ.

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 339 -، 340 - بەتلەر.

# ئۈچىنچى باب

# بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلار

توتېمىزم گەرچە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق دىنلاردىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن رەسمىي تەتقىق قىلىنىشى تېخى يېقىنقى زامانىدىكى ئىش. شۇنداق بولسىمۇ، توتېمىزم يۈز نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھەرساھە ئالىملىرى تەرىپىدىن بەس - بەستە تەتقىق قىلىنىپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكى «قىزىق نۇقتا» بولۇپ كەلدى.

دەرۋەقە فرېئۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تۇنجى دىنىي تۈزۈم — توتېم تۈزۈمىدۇر». ①

شۇڭا، ئىپتىدائىي دىنلارنى تەتقىق قىلغان چاغدا، تۇنجى قەدىمىمىز شەك - شۈبھىسىزكى، توتېمدىن باشلىنىدۇ.

بۆرە توتېمى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر توتېم مەدەنىيىتىدىكى يادرولۇق نۇقتا، خۇددى دۇنيا توتېم مەدەنىيىتىدە، توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشى كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ۋە ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە بولغىنىدەك، ئۇيغۇر - تۈرك توتېم مەدەنىيىتىدىمۇ بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چىگىش ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان قىيىن تېما

① سىگموند فرېئۇد: «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 276 - بەت.

ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى نىسبەتەن ئاددىي، نەزەرىيىۋى دەرىجىسى تۆۋەن، قايىل قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئاخىرقى يەكۈن بولالمايتتى. شۇڭا، بىز ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقۇسى.

## 1. بىئولوگىيىلىك ئاساسلار

### 1. بۆرىنىڭ پەيدا بولۇشى

مەزكۇر تېما گەرچە ئەسىرىمىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە. چۈنكى بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچنىڭ يەر شارىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى مەسىلىسى، بۆرىنىڭ توتېم قىلىنىش تارىخىنى ئېنىقلىشىمىزغا بىۋاسىتە چېتىلىدۇ.

ئېھتىمال، «ئەلمىساقتىن بېرى، ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ ئىزى يەر يۈزىگە تەڭ چۈشۈپ، بىر - بىرى بىلەن ھەپىلىشىپلا ئۆتكەن»[1] بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەيلى بىئولوگىيە ئىلمى ياكى ھايۋاناتشۇناسلىق ئىلمى بولسۇن، بۆرىنىڭ زادى قاچان پەيدا بولغانلىقىغا كەسكىن بىر نەرسە دېيەلىگەن ئەمەس. چۈنكى ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي مەخلۇقنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى مەسىلىسى تېخى تەخمىنىي قىياس ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان يەردە، بۆرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى مەسىلىسى ئەلۋەتتە قىيىن مەسىلە ھېسابلىناتتى.

---

① «بۆرە دېگەن بۆرە» — «زېردە» ژۇرنىلى، ئالمائاتا قازاقچە نەشرى، 1993 - يىللىق 3 - سان، 26 - بەت.

ھازىرقى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 6 مىليون يىللار ئىلگىرى ئادەم تۈرىدىكى جانلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان؛ 3 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىت، ئىنسانىيەتنىڭ رەسمىي پەيدا بولۇش نۇقتىسى بولۇپ، قورال ياساش ۋە ئوۋچىلىق مەيدانغا كەلگەن؛ 40 مىڭ يىللار ئىلگىرى ھازىرقى زامان بەدەن تۈزۈلمىسىگە ئىگە ئادەملەر، يەنى «يېڭى ئادەملەر» ياكى «ھازىرقى زامان ئادەملىرى» شەكىللەنگەن. ①

دېمەك، ھەرقانداق بىر ئىپتىدائىي دىن ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ مۇئەييەن ئالغا باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، توتېمىزممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېيىشكە بولمايدۇ. ياپونىيە ئالىمى ئابې تاكېئو: «دىننىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان مەسىلە. ئېھتىمال، بىز دىننىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلىشىمىز مۇمكىن» ② دەيدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەزەربەيجاننىڭ ئاچقىز تاغ ئۆڭكۈرلىرى، فرانسىيىنىڭ دوردوگنىي (Dordogne) ئۆڭكۈرلىرى، شۋېتسارىيىنىڭ دراخېنلوگ (Drahenlog) ئۆڭكۈرلىرى ۋە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، گرۇزىيە قاتارلىق ئەللەردىكى ئۆڭكۈر خارابىلىرىدىن، بۇنىڭدىن 200 — 250 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ، دەپنە قىلىنغان بۆرە ۋە ئېيىقلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى بايقالغان. ③ شۇڭا ئالىملار مۇشۇ دەۋرنى، توتېم ئېڭى مەيدانغا كەلگەن دەۋر دەپ قارىماقتا. ④ يۇقىرىقى ئۆڭكۈر خارابىلىرىدىكى بۆرە ۋە ئېيىقنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بىزگە ئەينى ۋاقىتتىلا توتېم ئېڭىنىڭ

---

① جېلىڭ يۈەنجي: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 13 - ، 14 - بەتلەر.

② ئابې تاكېئو (ياپونىيە): «ئېتىكاپچىلىق ۋە غەرب ئىدىيىسى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 267 - بەت.

③ ④ «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، 21 - ، 22 - بەتلەر.

بىخ سۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، «توتېم ئېڭىنى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىدراك شەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي شەكىل»① دېيىش مۇمكىن.

بۆرە توتېمى ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىنى بۇنىڭدىن 200 — 250 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە باغلىساق، ئۇ ھالدا بۆرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق دەۋرلەرگە — تارىخنىڭ چەكسىز قاراڭغۇ دەۋرلىرىگە باغلايمىز.

ئىچكى ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئىچكى ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرى بۆرە پەيدا بولغان ئەڭ قەدىمكى جايلار ھېسابلىنىدىكەن. بىئولوگىيە ۋە ھايۋاناتشۇناسلىق تارىخىدىن قارىغاندىمۇ، «شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئەتراپىدىكى تۇندار بەلباغ ئورمانلىرى ۋە يايلاقلىرى بۆرىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، نورمال ياشىيالىشىغا باب كېلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق رايونلار ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۆرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەر شارىنىڭ شىمالىي يېرىم شارىدا، يەنى شىمالىي كەڭلىك 20° ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان».②

شۇنداق بولغاچقا ئىچكى ئاسىيا ۋە سىبىرىيە رايونلىرىدىكى خەلقلەر بۆرىنى ئەڭ دەسلەپ توتېم قىلغان خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھۇن دەۋرىگە ئائىت بۆرە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بۇيۇملارمۇ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتاينىڭ پازىرىك رايونى، بايقال كۆلى ۋادىلىرى، سىبىرىيىدىكى لېنا ۋە يېنىسەي دەريا ھاۋزىلىرى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى يىنشەن تاغ تىزمىلىرى تەۋەسىدىن بايقالغان بۆرە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بو-

---

① ئاندىرى لېۋۇئى - گورخان (فرانسىيە) : «تارىختىن بۇرۇنقى دىن»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 29 - ، 30 - بەتلەر.

② «گرولىېر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئامېرىكا، 1983 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 20 - توم، 195 - بەت.

(Grolie Academic Encyclopedia, Vol. 20. P. 195. USA Grolier Internationalpublishing house, 1983)

يۇملار ۋە قىيا تاش رەسىملىرىمۇ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدۇ.



1



2



3

3 ـ رەسىم. ھۇن دەۋرىگە ئائىت ياغاچتىن ئويۇلۇپ، ئۇسلۇب بېرىلگەن بۆرە ئوبرازلىرى

## 2. بۆرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى خۇسۇسىيىتى

بۆرە، مايمۇن، ئېيىق قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجەلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار نېرۋا ئىقتىدارى ۋە باشقا بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئىنسانلارغا نىسبەتەن يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۆرە مۇشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد

قىلىدىغان توتېمىغا ئايلانغان.

«بۆرىلەر بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن نىسبەتەن ئىنچىكىرەك ۋە چاققان كېلىدۇ. قۇيرۇقىنى قىسىپ ماڭىدۇ. چىشلىرى ئىتنىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈر، ئېغىزى يوغان، كۆزلىرى قىيسىق، قۇلاقلىرى تىك كېلىدۇ...»[①] «بۆرىنىڭ پاچاقلىرى ئۇزۇن، بەدىنى زىلۋا، بېقىنى چوڭقۇر، ئاياغلىرى ئىنچىكە كېلىدۇ. قۇيرۇقى تۈكلۈك بولۇپ، دائىم ئېگىپ يۈرىدۇ. بېشى چوڭ ۋە ئۇزۇن، كۆزلىرى ئېگىك، قۇلاقلىرى تىك كېلىدۇ».[②]

«بۆرىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. رەسمىي يېشىغا توشقانلىرى تۇمشۇق قىسمىدىن قۇيرۇقىغىچە 127 — 164 سانتىمېتىر (5 — 6.5 فۇت) ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئېغىرلىقى 18 — 80 كىلوگىرامغىچە كېلىدۇ. قىزىل تۈكلۈك بۆرىلەرنىڭ جۈغى سەل كىچىك بولۇپ، ئېغىرلىقى 30kg ئەتراپىدا بولىدۇ. تېرىسىنىڭ رەڭگى ئادەتتە ياشاۋاتقان مۇھىتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۆرىلەر ئاساسەن توپ - توپ بولۇپ يۈرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئەركەك - چىشىسى قوشۇلۇپ، بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىت بىللە يۈرىدۇ. بىر توپ بۆرە پادىسىنىڭ سانى كۆپ بولغاندا 36 غا يېتىدۇ. بىراق كۆپ ھاللاردا 2 — 8 گىچە بولۇپ ئۇزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ھەربىر توپنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالغان زېمىنى ياكى تەسىر دائىرىسى بولۇپ، 130 — 13000 كۋادرات كىلومېتىرغىچە بولغان دائىرىگە سوزۇلىدۇ. بۇ دائىرىگە باشقا توپلارنىڭ ئۇسۇپ كىرىشىگە يول قويمايدۇ. ھەربىر توپ بۆرە پادىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا يول باشچىسى بولىدۇ.»[③]

---

① «ئوكيانۇس»، شاڭخەي لۇغەت كىتابلار نەشرىياتى، 1979 - يىل، خەنزۇچە قىسقارتىلغان نەشرى، 823 - بەت.

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئەنقەرە، 1975 - يىل، تۈركچە نەشرى، 22 - توم، 375 - بەت.

③ «گرولېر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 20 - توم، 196 - بەت.

«بۆرىلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كۈنىگە 50 — 60 كىلومېتىرغىچە يول يۈرەلەيدۇ. ئادەتتىكى مېڭىشىدا سائىتىگە 5 — 7 كىلومېتىرغىچە، يۈگۈرگەن ۋاقىتتا 8 — 10 كىلومېتىرغىچە يول يۈرىدۇ. بۆرىلەر ھەر يىلى بىر قېتىمدىن جۈپلىشىدۇ. چىشى بۆرە 60 كۈندىن ئارتۇق قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن، 5 — 7 گىچە كۈچۈكلەيدۇ. بۆرە كۈچۈكى ئۈچ ھەپتە ئانىسىنى ئەمگەندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ پائالىيەت قىلىدۇ. بۆرىلەر ئادەتتە 12 — 15 يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ...»①

بۆرىلەرنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، «ئۇنىڭ سەزگۈرلۈك ۋە قۇۋۋلۇق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ»②.

«بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچنىڭ يۈز گۆشلىرى ئۇنىڭ ئىچكى سېزىمىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۆرىنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتىكى ئىچكى پىسخىكىلىق ئوي - پىكرىنى (سوغۇق قانلىقىنى، خىرىس قىلىۋاتقان ھالىتىنى، خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى...) بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۆرىلەر بىر - بىرىگە قاراپلا ئۆزئارا ئۈچۈر ئالماشتۇرالايدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن ئىتنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ كۆزىگە تازا زەن سېلىپ قاراۋاتقان ھالىتىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئومۇمەن كۆپلىگەن ھايۋانلاردا ئىنسان بالىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى، قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىۋالىدىغان قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىلىم چەتكە قاقمايدۇ.

بۆرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئوي - پىكىرلىرىنى قۇلاق ۋە بەدىنىنىڭ ھەم قۇيرۇقىنىڭ قىمىرلاشلىرىدىن ھېس قىلغىلى

---

① «جۇڭگو ھايۋاناتلار تەزكىرىسى»، ياۋايى ھايۋانلار قىسمى، پەن نەشرىياتى، 1987 يىل، خەنزۇچە نەشرى، 8 - جىلد، 50 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 50 - بەت.

بولىدۇ. بۆرە غىڭشىيدۇ، خىرىلدايدۇ، پۇشقۇرتىدۇ، خالىسا ھۇۋلايدۇ. مۇشۇ ئاۋازلارنىڭ ھەر بىرى ئۇنىڭ دەل شۇ پەيتتىكى پسىخىكىلىق ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۆرىلەرنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى، بولۇپمۇ پۇراش قابىلىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىنسان بالىسىنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. پۇراش ئىقتىدارى بۆرىگە، ئۇنىڭ كۆزى ئارقىلىق سىرتقى مۇھىتتىن ئالىدىغان ئۇچۇرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدۇ. . . »①

دېمەك، بۆرىنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى تارىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغان. چۈنكى بۇگۈنكى غايەت زور دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە قارىغاندا، ساپ تەبىئەت قوينىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۆرە ھەققىدىكى بىلىملىرى خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلاردا دۇنيانى ئىلمىي يوسۇندا تونۇيدىغان ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەن بولغاچقا، بۆرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى قانداقتۇر «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىلاھلىق تونىنى كىيدۈرگەن. خۇددى فرانسىيە ئىنسانشۇناسى لېۋى - برۇھل (Levi — Brohl) ئېيتقاندەك: «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەتراپىتىكى ھەممە شەيئىلەرنى سىرلىق دەپ قارايتتى. ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا، بولۇپمۇ توتېم جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئىپتىدائىي كىشىلەر نەزىرىدە، ھەرقانداق ھايۋان، ھەرقانداق ئۆسۈملۈك ۋە ھەرقانداق مەۋجۇدات، توتېمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى. ھەربىر كىشى ئۇنى ئۆز قان - قېرىندىشى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىدە مەجبۇرىيەت

① «بۆرە دېگەن بۆرە» — «زېردە» ژۇرنىلى، ئالمائاتا، قازاقچە نەشرى، 1993 - يىللىق 3 - سان، 26 - بەت.

بارىدەك ھېس قىلالىتى ۋە ئۆزى بىلەن ئۇ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت دەپ قارايتتى...» ①

بۆرە بولۇپمۇ ئېچكى ئاسىيا ۋە شىمالىي يېرىم شارنىڭ يايلاق - داللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ۋە تىركىشىپ ياشايدىغان يىرتقۇچ ھايۋان بولغاچقا، قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدا سىرلىق تۇسكە كىرگەن. ئۇلار بۆرىدىكى ئېچكى - تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۇنى ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارىغان. نەتىجىدە قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ بىردەك ئۇلۇغلاپ، توتېم قىلىشىغا سازاۋەر بولغان.

## 2. جۇغراپىيىلىك ئاساسلار

1. بۆرە ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت

ھەممىگە مەلۇمكى، يەر شارىدىكى تۈرلۈك جانلىقلار ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، ئوخشاش بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى يەر شارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىنسانلاردا تۈرلۈك ئىرقىي ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىدەك، ھايۋاناتلار دۇنياسىدىمۇ خىلمۇخىل پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

بۆرە توتېمىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىگە نەزەر سالساق، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، مەسىلەن، ئېكۋاتور سىزىقى ئەتراپىدىكى ئىسسىق بەلباغلاردا ياشايدىغان خەلقلەردە بۆرە توتېمى مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى بۆرە ئاساسەن سوغۇق بەلباغلاردا ياشاشقا لايىقلاشقان ھاي-

① لېۋي - بروھل (فرانسىيە) : «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 28 - بەت.

ۋان ھېسابلىنىدۇ. ئىسسىق بەلباغ خەلقلىرىدە كۆپىنچە ئاشۇ رايونلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان مايمۇن، پىل، سۇ كالىسى، يىلان، سۇ ھايۋانلىرى ۋە تۈرلۈك ئىسسىق بەلباغ ئۇچار قۇشلىرى توتېم قىلىنغان. شىمالدىكى سوغۇق بەلباغنىڭ يايلاق - داللىرىدا ياشايدىغان خەلقلەردە بولسا مۇشۇ رايوندا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئېيىق، بۆرە، يىلپىز، قوتاز، ۋە سوغۇق بەلباغ ئۇچار قۇشلىرى توتېم قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن توتېم ئوبيېكتلىرىنىڭ تارقىلىشى روشەن رايون چەكلىمىلىكىگە ئىگە بولغان.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «بۆرىلەر ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتلارغا ماسلىشىپ ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە، لېكىن شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى توندرا بەلباغ ئورمانلىرى ۋە كەڭ كەتكەن يايلاقلار ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، نورمال ياشىشىغا باپ كېلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق رايونلار ھېسابلىنىدۇ. بۆرىلەر دائىم قومغاق ئېدىرلىقلار ۋە ئېگىز تاغلار ئارىسىدا كېزىپ يۈرىدۇ. بۆرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەر شارىنىڭ شىمالىي يېرىم شارىدا، يەنى شىمالىي كەڭلىك 20° ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايدۇ. شىمالدا شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئەتراپلىرىدىن جەنۇبتا مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە بولغان رايونلاردىمۇ بۆرە تىپىدىكى ھايۋانلار ياشايدۇ. كونا قۇرۇقلۇقتىكى بۆرىلەر ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، شىمالىي ھىندىستان، شەرقىي ياۋروپا قاتارلىق ئەللەرنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا تارقالغان، ئاز بىر قىسىم بۆرىلەر غەربىي ياۋروپا ۋە سكاندىناۋىيە يېرىم ئاراللىرىغىمۇ تارقالغان. يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى بۆرىلەر ئاساسەن كانادا ۋە ئالياسكىلاردا ئۇچرايدۇ. . . »[1]

«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا: «بۆرىلەر ئاساسەن ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ

① «گرولىير ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 20 - توم، 196 - بەت.

شىمالىي قىسمىغا تارقالغان، ئاز بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستاندا ئۇچرايدۇ. غەربىي ياۋروپادا يوق دېيەرلىك، شەرقىي ۋە شىمالىي ياۋروپانىڭ تاغلىق رايونلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە ئاق دېڭىز ۋە سىتسىلىيە ئاراللىرىدىمۇ بار، تۈركىيىدە نادىردۇر. . . »①

«بۆرىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئوخشاش بولمىغان رايونلار ۋە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوخشىمىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە بۆرە ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تاغلىق، ئېدىرلىق، تۈزلەڭلىك، ئورمانلىق، يايلاق، چۆل ۋە تۇندرا بەلباغ رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن. بىراق ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. جۇمۇلاڭما چوققىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1974 - يىلىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، دېڭىز يۈزىدىن 5400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇز ئۆڭكۈرىدىن بۆرە جەسىتى بايقالغان. بۇ بۆرىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىچىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز بولغان رېكورد ئىدى. . . »②

دېمەك، يۇقىرىقىدەك تەبىئىي شارائىتلار بۆرە توتېمىنىڭ رايون خاراكتېرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا بۆرە توتېمىنى شىمالىي يېرىم شارنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان خەلقلەر ئارىسىدىنلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. يەنى بۆرە توتېمى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن سىبىرىيە ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى رايونلاردا، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرى ۋە كەڭ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا، ئۇندىن باشقا «ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرى، شىمالىي ياۋروپا، سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلى، شەرقىي ياۋروپا داللىرى ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىدا توتېملىق ئورنىغا كۆتۈرۈ-

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 22 - توم، 375 - بەت.
② «جۇڭگو ھايۋاناتلار تەزكىرىسى»، ياۋايى ھايۋانلار قىسمى، 8 - جىلد، 49 - بەت.

لۇپ، ئۇلۇغلانغان» .[1]

2. بۆرە ۋە يايلاق خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى

شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىمالدىكى بىپايان يايلاق دالىلاردا بۆرە بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ - ئېتىقادلىرىدىمۇ بۆرە توتېمىمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونى تارىختىن بۇيان، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توپلىنىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى، شۇنداقلا بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچنىڭ پەيدا بولغان ماكانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ كەڭرى تەبىئەت قوينىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇنجى ھاياتلىق قەدىمى بۆرە بىلەن ياندىشىپلا باشلانغان. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى كۆچمەن چارۋىچىلىق (قىسمەن ئوۋچىلىق) بولۇپ، بۆرە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى دائىملىق كۈشەندىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، مەلۇم نۇقتىدا، بۆرە بىلەن يايلاق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىركىشىپ تۇرۇش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن، «قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى ئۇرۇق - قوۋملار ھاۋاسى ساپ، ئوت - چۆپلىرى بولۇق ۋە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ناھايەتى ئەپلىك بولغان كەڭ موڭغۇل دالىلىرى، ئالتاي تاغلىرى، چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي شىمالى، يىنشەن تاغ تىزمىسى، خېشى كارىدورى قاتارلىق كەڭ ماكاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ يىنشەن تاغ تىزمىلىرى باغرىدا كۆپرەك ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، ھەتتا خانلىق ئوردىلىرىنىمۇ يىنشەن تېغى ئىچىگە سالدۇرغان» .[2]

---

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، نيۇ - يورك، 1987 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 15- توم، 431 - ، 432 - بەتلەر. The Encyclopedia of Religion Vol. 15, pp. 431 — 432, (Macmillan publishing company New — york, 1987

② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئۇستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 65 - بەت.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قەدىمكى يىندشەن تاغ تىزمىسى رايونى پۈتكۈل موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يىنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى ئوردوس يايلاقلىرى ۋە ئىچكى موڭغۇل يايلاقلىرىدىن زور تۈركۈمدىكى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزلار بايقالدى. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى جيا لەنپو ( 贾兰坡 ) ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇز دەۋرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشىغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماي، يەنە مۇز دەۋرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىمۇ نەزەر - گۇزىرىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. موڭغۇل دالىسىنىڭ ھازىرقى كېلىماتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، غەربىي شىمالدىكى ئاز بىر قىسىم رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىپايان گوبى چۆللۈكىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرى خېلىلا قۇرغاق. بىراق، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى... 1922 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە، بۇ رايوندىن 80 گە يېقىن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بايقالدى. ھەممە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر نوپۇسىنىڭ ھازىرقىدىن زىچلىقى ئېنىقلاندى... مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقان مەزگىللەردە، غايەت زور مۇز قاتلىمىنىڭ تەسىرىدە، بۇ رايوننىڭ كېلىماتى تەدرىجىي ئىللىغان... يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، زور مىقداردىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، نۇرغۇن كۆل - دەريالارنى ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە بېلىق تۈرىدىكى سۇ ھايۋانلىرى كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زور دەرىجىدە ئاۋۇشىغىمۇ شارائىت

هازىرلانغان. . . » . ①

دېمەك، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە موڭغۇل دالىسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ خىل كېلىماتتىكى غايەت زور ئۆزگىرىش، بۇ رايوندا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېز كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بولۇپمۇ بۆرە بۇ دەۋردە زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن، يىنشەن تاغ تىزمىسىدىكى قىيا تاشلارغا چۈشۈرۈلگەن بۆرە ئوبرازلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. «ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بۆرە تېغى دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار. بۇتخار خوشۇنىنىڭ غەربىدە بۆرە چوققىسى بار. يىنشەن تاغ تىزمىسى بۆرە تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغ ۋە چوققىلارنىڭ بۆرە نامى بىلەن ئاتىلىشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك، بەلكىم ئەينى دەۋرلەردە بۇ ئەتراپتا بۆرە كۆپ بولغان بولۇشى مۇمكىن» . ② يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت جەنۇبىي سىبىرىيىدىن بايقالغان ئىسكىت - سىبىر تىپىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ بۆرە ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە يۇقىرىقى پىكرىمىزنى كۈچەيتىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر سەنئەت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بۆرە ئوبرازلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئەينى دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە توپلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەشھۇر ئالىم D. ۋون ستەيىن برازىلىيە ئىندىئانلىرىنىڭ سەنئىتى ھەققىدە توختىلىپ: «بىز بۇ كىشىلەرنى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغىنىمىزدىلا، ئاندىن ئۇلارنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم قىسىملىرى ھايۋانات دۇنياسىغا باغلانغان. ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى

---

① جيا لەنپو: «مۇز ئېقىنى ۋە ئارخېئولوگىيە» — «تاش قاتما» ژۇرنىلى (خەنزۇچە نەشرى)، 1973 - يىللىق 2 - سان.

② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان.




4 ـ رەسىم. ئىسكىف ـ سىبىر تىپىدىكى راۋاجلانغان بۆرە ئوبرازىنىڭ تەسۋىرى (1 ـ ئالتاي — پازىرىك؛ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 6 ـ، 8 ـ، 10 ـ مىنىسكى ئويمانلىقى؛ 5 ـ پېتىردىن تېپىلغان سىبىرىيە ئەۋرىشكىلىرى؛ 7 ـ تاشقى بايقال؛ 9 ـ قازاقىستان؛ 11 ـ يەتتە سۇ. )

مۇ مۇشۇ تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇنىڭغا ماس ھال-
دا، ئۇلارنىڭ سەنئىتىنىڭ باش تېمىسىمۇ ھايۋانات دۇنياسىدىن
كەلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقى-
رى گۈللەنگەن سەنئىتىنىڭ مەنبەسى دەل ئوۋچىلىق تۇرمۇشى-
دۇر»[①] دەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا «ئوۋچىلىق دەۋرى-
دىكى يىنشەن تېغى ئاھالىلىرىنىڭ قىيا تاش سەنئىتى تېمىلىرى
ھايۋانات دۇنياسىدىن ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپ
قىسمى ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان. ئۇلارنىڭ
بېزەك بۇيۇملىرىمۇ ھايۋانلاردىن كەلگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئېستې-
تىك ئېڭىمۇ ئوۋچىلىق ئەمگىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن...»[②]

دېمەك، يىنشەن تېغىنى مەركەز قىلغان شىمالدىكى كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ھايۋانات دۇنياسى، بولۇپمۇ
بۆرە تېپىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ
كەتكەن. «ئۇلارنىڭ بالىلىرى كىچىكىدە قويلارنى مىنىپ، قۇش
ۋە چاشقانلارنى ئوۋلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا توشقان تۈلكىلەرنى
ئوۋلايتتى... ئۇلارنىڭ ئادىتى، چارۋا - ماللارغا ئەگىشىپ،
ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنى ئىستېمال قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش
ئىدى». [③] شىمالدىكى خەلقلەر بۆرە بىلەن بولغان ئۇزاق مۇد-
دەتلىك تىركىشىپ ياشاش جەريانىدا، بۆرىلەرنىڭ قاتتىق خىرىس-
لىرىغا ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ «كۆپكە قادىر» ئىقتىدارىدىن سارا-
سىمگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن قورققان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار
بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق، كۈچ - قۇۋۋەت
ۋە ھېچنېمىدىن يانمايدىغان خاراكتېرىدىن ھەۋەسلەنگەن ۋە ئۆز-
لىرىنىڭمۇ شۇنداق كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. نەتى-

① «پىلىخانوق پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 376 -
بەت.
② گەي شەنلىن / گەي جىيى: «يىنشەن تېغىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئوۋچىلىق مەدەنىيى-
تى» — «ئىچكى موڭغۇل ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1988 - يىللىق 2 -
سان، 51 - بەت.
③ «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى»

جىدە تەدرىجىي ھالدا بۆرىگە چوقۇنۇش كېلىپ چىققان. دېمەك، شىمالدىكى يايلاق - دالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئەجدادلىرىمىز بىلەن بۆرە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈلمەس باغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا، جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەلۋەتتە، خەنزۇلارنىڭ ئەجدىھا توتېمى، ھىندىلارنىڭ كالا توتېمى ۋە شىمالدىكى تۇنگۇس تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېيىق توتېمىمۇ بەلگىلىك جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

## 3. فىزىئولوگىيىلىك ئاساسلار

بۆرىدە راستتىنلا ئىنسان بالىسىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلالايدىغان فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار مەۋجۇدمۇ - يوق؟

بۇ مەسىلە ئۇزاقتىن بۇيان ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلدى. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، مۇنداق بىر ئورتاقلىقنى بايقايمىز: — مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چۆل دالىلارغا تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى ئانا بۆرىلەر قۇتقۇزۇۋالغان ۋە ئۆز سۈتىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان...

تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىدە، پۈتىنى كېسىپ، سازلىققا تاشلىۋەتكەن ئون ياشلىق بىر بالىنى چىشى بۆرە قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە گۆش بىلەن باقىدۇ.① ئۇسۇن خانىنىڭ كۈنبېيسى چۆلگە تاشلىۋېتىلگەندە، ئانا بۆرە ئۆز سۈتى بىلەن ئۇنى ئېمىتىدۇ.② يۇنان تارىخچىسى ھىرودىدنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى گېبل كىچىك چېغىدا چۆلگە تاشلىۋېتىلگەندە ئانا بۆرە (بەزى مەلۇماتلاردا ئانا ئىت) تەربىيىدىن

① «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، 50 - جىلد.
② «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»؛ «خەننامە. جاڭچيەن تەزكىرىسى».

قۇتقۇزۇۋېلىنىپ هايات قالىدۇ.[①] سلاۋىيان ئەپسانىلىرىدە، قوشكېزەك باتۇرلار دەپ ئاتالغان ۋالگور (Walgor) بىلەن ۋېلۋىدوپ (Welvidob) نى كىچىكىدە بۆرە بىلەن ئېيىق ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ.[②] گېرمان ئەپسانىلىرىدە قەھرىمان كىتىلېخ (Kitleh) نى بۆرە بېقىپ ئۆستۈرىدۇ.[③] رىم ئەپسانىلىرىدە، قەدىمكى رىم شەھىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولغان رومۇلۇس (Romulus) بىلەن رېمۇس (Remus) تۇغۇلغان ۋاقتىدا، قارانىيەت تاغىسى ئامىلىئوس (Amilios) تەرىپىدىن تىبېر دەرياسى (Tiber R.) غا تاشلىۋېتىلگەندە، ئانا بۆرە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ ۋە ئانا بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ.[④] كالىفورنىيىدىكى ئىندىئان ئەپسانىلىرىدە، خەتەرگە يولۇققان بىر جۈپ قىز - ئوغۇل باللارنى بىر جۈپ بۆرە بالىسى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ...[⑤]

دېمەك، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى ۋاراقلىساق ھەممىسىدە دېگۈدەك، ئانا بۆرىلەرنىڭ ئىنسان باللىرىنى ئېمىتىپ ئۆستۈرگەنلىكى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۆرە ئەپسانىلىرىدىكى بۇ خىل ئورتاق موتىف بىزدە، ئانا بۆرىلەردە راستىنلا ئىنسان باللىرىنى بېقىپ ئۆستۈرەلەيدىغان تەبىئىي فىزئولوگىيىلىك ئىقتىدار بارمۇ - يوق؟ دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۆرە — يۇقىرى دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ھايۋانات دۇنياسىدا بۆرە، ئېيىق، مايمۇن، ئورانگوتان قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ

---

① ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە) : «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 282 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 283 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 283 - بەت.

④ H. M باۋنېۋېيىنىڭ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) : «ئەپسانىلەر لۇغىتى». سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 189 — 190 - بەتلەر.

⑤ «توتېم مەدەنىيىتىگە ئائىت ھېكايىلەردىن 100 مىسال»، خۇنەن نەشرىياتى، 1991-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 46 - ، 47 - بەتلەر.

نىرۋا ئىقتىدارى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى مەلۇم جەھەتلەردە ئىنسانلارغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا «ئانا بۆرىلەرنىڭ ئانىلىق ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۆرە بالىلىرىدىن باشقا ئىت كۈچۈكلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالايدىكەن...»① مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن «بۆرىنىڭ ئادەم بالىلىرىنى بېقىۋېلىشى» دەك غەيرىي ھادىسىلەر، قەدىمكى بۆرە ئەپسانىلىرى سۆزىتىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى.

1920 - يىلى ھىندىستاندىكى كالكۇتتا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مىدناپور دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بازار ئەتراپىدا، كىشىلەر دائىم تۆت ئاياغلىنىپ ماڭىدىغان «ئادەم سۈپەت غەلىتە مەخلۇق» نى كۆرۈشكەن. ئۇلار شۇ چاغدا ئۈچ بۆرىگە ئەگىشىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، بىر پوپ ئورمانلىققا كىرىپ، بىر چىشى بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئۇۋىسىدىن ئىككى بۆرە كۈچىكى بىلەن ئىككى يالىڭاچ قىزچاقنى تېپىۋالغان. قىزچاقلارنىڭ بىرى تەخمىنەن يەتتە - سەككىز ياشلاردا، يەنە بىرى ئىككى ياشلاردا ئىكەن. ئىككى بۆرە بالا مىدناپوردىكى دارىلئېتامغا ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇلارنىڭ چوڭىغا كامارا، كىچىكىگە ئامارا دەپ ئىسىم قويۇلغان. ئامارا ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. كامارا 1929 - يىلىغىچە ياشىغان... ئۇ 1922 - يىلى ئاران ئۆرە تۇرالايدىغان بولغان. 1926 - يىل ماڭالايدىغان بولغان، ئۇنىڭ پەقەت تىلى چىقمىغان، تۆت يىلدا ئاران ئالتىلا سۆز ئۆگەنگەن...②

---

① جۇگوشىڭ: «بۆرە بالا. قار ئادەم. تاشقا ئايلانغان ئوت»، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

② سىنگىر (ھىندىستان): «بۆرە بالا»، چېن سۇشىن تەرجىمە قىلغان، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى؛ «بىلىم كۈچ» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى، 1957 - يىل 5 - سان 7 - بەت.

1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ھىندىستاننىڭ راكلۇ شەھىرى ۋوگزالىدا رام ئىسىملىك بىر بۆرە بالا ئۇچرىغان. ئۇ چاغدا بۇ بالا تۆت ئاياغلاپ ماڭاتتى. . . ھازىر. . . گەرچە يەنىلا ئېنىق تىلى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋارقىراش ياكى قىسمەن ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلى- يەلەيدىغان بولغان. ①

1972 - يىلى ھىندىستاننىڭ رېكناي شەھىرى ئەتراپىدىكى دالىدىن بىر بۆرە بالا بايقالغان. . . بۇ دۇنيادا بىردىنبىر ياشاۋات- قان باسكال ئىسىملىك بۆرە بالا. ئۇ چېنىقتۇرۇلۇش ئارقىلىق ھازىر ئىككى ئاياغلىق بولۇپ ئۆرە ماڭالايدىغان بولدى. كىشىلەر بۇ ئون ياشلىق بۆرە بالىنىڭ سۆزلىيەلىشىنى ۋە خاتىرىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ بۆرە بالىلىق ھاياتىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۈمىد يەنىلا غۇۋا تۇرماقتا. . . ②

ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا شتاتىغا جايلاشقان ئا كىرا[illegible] ازىرد- دىكى ئاھالىلەر، خېلى يىللار ئىلگىرى بۆرە توپلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان بىر بالىنى بايقاشقان. كېيىن، بىر ئوۋچى بۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، داۋالاش مەركىزىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەسلىدە مورلى ئىسىملىك بۇ قىزچاق بوۋاق مەزگىلىدە، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئانىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندە بۆرىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئانا بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولغانىكەن. بۇ قىزنى كېيىن ئەنگلىيىلىك بىر ئەر - ئايال بېقىۋېلىپ، قايتىدىن كىشىلىك تۇرمۇشقا ئېلىپ كىرگەن، بىراق مورلى ئۆزىنى بې- قىپ چوڭ قىلغان بۆرە توپلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ ھەر يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ ئالياسكىدىكى بۆرە دوستلىرى بىلەن دىدارلىشىشنى تەلەپ قىلغان. مورلى ھەر قېتىم بۆرە

---

① «ئىلىم - پەن رەسىملىك ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1963 - يىلى 4 - ئايلىق سانى، 157 - بەت.

② «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتى (خەنزۇچە)، 1979 - يىلى، 6 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانى؛ «بېيجىڭ گېزىتى»، 1979 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانلىرىغا قاراڭ.

توپلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇرغان بۆرىلەر بىردىنلا مۇلايىم ھالەتكە كىرگەن. ھەتتا ئانكىرازى بازىرىدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر تاماشا كۆرگىلى كەلگەندىمۇ بۆرە توپلىرى قىلچە ئۈركىمىگەن. مورلى بىلەن بۆرىلەر قىزغىن كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىنى پۇرىشىپ بىر ھازا تۇرۇشقاندىن كېيىن، بۆرە توپلىرى ئۆزلۈكىدىنلا جىمجىت ھالدا تارقىلىپ كەتكەن. مۇلايىم ۋە نازۇك چوڭ بولغان مورلى ھازىر 20 نەچچە ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالياسكىدىكى بۆرىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر يىلمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان...①

بۇنداق ۋەقەلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن قېتىملار يۈز بەرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە كىشىلەر كەم دېگەندە ياۋايى ھايۋانلار توپى ئىچىدە چوڭ بولغان ئادەم بالىلىرىدىن 30 نەچچىنى بايقاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «بۆرە بالا»، «ئېيىق بالا»، «يىلپىز بالا»، «مايمۇن بالا» قاتارلىقلار بار ئىكەن.②

دېمەك، مەيلى قەدىمكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدە بولسۇن، ياكى ھازىرقى زاماندا يۈز بەرگەن بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ۋەقەلەردە بولسۇن، بىز بۆرىنىڭ ئادەم بالىلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرەلەيدىغان ئالاھىدە ئانىلىق ئىقتىدارىنى كۆرەلەيمىز. بىراق قەدىمكى بۆرە ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۆرە بىلەن ئادەمنىڭ جۈپلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى قانداق ھادىسە؟ بۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى بارمۇ - يوق؟

ئىپتىدائىي كىشىلەر بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمىگەچكە، ئاياللار بىلەن بۆرە قوشۇلسا بالا تۇغۇلىدۇ دەپ قارىغان. «كامچاتكىلىقلار، بۆرە چوقۇم قوشكېزەك بالىلارنىڭ

---

① «سانجى گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

② «بۆرە بالىدىن تۇغۇلغان ئىلھاملار» — «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

ئاتىسى، ئەرلەر قوشكىيزەك بالا تاپالمايدۇ، ئىككى بالىنىڭ بىرى چوقۇم بۆرىنىڭ پۇشتى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇلاردا ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە سادىق بولۇشى قاتتىق تەلەپ قىلىنىدىكەن. بولمىسا قاتتىق جازالىنىدىكەن. ئەگەردە قايسى ئايال قوشكىيزەك بالا تۇغۇپ قويسا، ئۇنىڭ گۇمانلىق كەچۈرمىشى ئاشكارىلىنىپ قالىدىكەن. قاتتىق قىيىن قىستاقتا ئىلىنغان تۇغۇتلۇق ئايال ئاران نەپەس ئېلىۋېتىپمۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۆرە بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەن. بىراق توي قىلمىغان قىزلارغا ئۇنداق پەرھىزلەر قويۇلمايدىكەن...»[1]

ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى بۆرە ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك بۆرە قۇتقۇزۇۋالغان ئوغۇل باللار بىلەن ئانا بۆرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋەقەلىرى سۆزلەنگەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئانا بۆرىلەرنىڭ ئىنسان بالىلىرىنى باقالايدىغان تەبىئىي ئانىلىق ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن ئادەم بىلەن جۈپلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرالايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى يوق. ھازىرقى زامان فىزىئولوگىيە ئىلمى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساسى ئارقىلىق ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىدىن تۆرەلمە ھاسىل بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى فىزىئولوگىيىلىك تەبىئىي ئىقتىدارى پەقەت ئىنسان بالىلىرىنى ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتىپ باقالايدىغانلىقى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، خالاس.

قەدىمكى كىشىلەر ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا بىلىشكە

---

[1] «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 - يىل 1 - سان، 31 - بەت.

تېخى قادىر بولمىغاچقا، ھەممە نەرسىگە گۇمانىي پوزىتسىيە بىلەن قارىغان. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشى، بالىنىڭ تۇغۇلۇشى قاتارلىق بىرمۇنچە ھادىسىلەر ئۇلارغا سىرلىق تۇيۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مەنبەسىنى، يىلتىزىنى بىلىشكە قىزىققان. خۇددى ماكس مۇللېر ئېيتقاندەك: «ھەربىر مىللەت، ھەربىر ئۇرۇق ۋە ھەربىر جەمەت ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىلا ئۆز ئەجدادلىرىنى بىلىشكە ھاجەتمەن بولغان». ① مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك ئېھتىياج ئاستىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى دادىل قەدىمى سۈپىتىدە توتېم مەيدانغا كەلگەن.

دەرۋەقە، قەدىمكى چاغلاردا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغاچقا، بۆرە توپلىرىنىڭمۇ چۆل - داللاردا نۇرغۇن بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زامانلاردا ئۇرۇش - جېدەل، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بوۋاق باللار دالا - چۆللەرگە تاشلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. خې شىڭلياڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «يايلاقلاردا بۆرىلەر كۆپ بولغاچقا، تاشلىنىپ قالغان بوۋاقلارنىڭ بۆرىگە يولۇقۇپ، ئانا بۆرىلەرنى ئېمىپ چوڭ بولۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىكى يوق ئىدى، كىشىلەر بۆرىلەرنىڭ ئادەم باللىرىنى گۆش، سۈت بىلەن باققانلىقىنى كۆرۈپ، بۆرىدىكى ئادەملىك تەبىئەتنى ھېس قىلغان، بۆرە بىلەن ئادەم ئوخشاش دەپ قاراپ، بۆرىنى ئۆز تۇغقىنى ياكى ئەجدادى ھېسابلىغان. نەتىجىدە بۆرىگە چوقۇنۇش كېلىپ چىققان». ②

---

① ماكس مۇللېر (ئەنگلىيە): «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 32 - بەت.

② خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى شىركىتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 214 - بەت.

شۇڭا، بۆرىدىكى تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار، ئىپ-تىدائىي كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە سىرلىق ھادىسە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە كۆپىيىشىنى بۆرىدىكى «تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچ» نىڭ رول ئوينىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىغان. بۆرىدىكى مانا بۇخىل فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارمۇ بۆرە توتېمى ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بولغان.

«گەرچە بۆرە قانخور، ۋەھشىي ۋە يىرتقۇچ ھايۋان بولسى-مۇ، لېكىن ئۇ خەلق فولكلورى ۋە باللار چۆچەكلىرىدە ئاۋام تەرىپىدىن ئىنچىل تۈردە خاراكتېرى ئۆزگەرتىلىپ تەسۋىرلىنىپ قىلىنىپ كەلدى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۆرە ئەپسانە ۋە چۆچەك-لەردە قوغدىغۇچى، ئاسرىغۇچى بىر كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىق-تى. بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان، قانچىلىغان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بۆرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئېكولو-گىيىلىك سىستېمىدىكى ئورنى، خاراكتېرى ۋە رولىنى ئېنىق شەرھلەپ، ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىدا ئىنچىل تۈردە مۇرەككەپلىكى ۋە سېھرى تۈسى بىلەن خاتا ئۇقۇملارنى پەيدا قىلىپ كەلگەن بۇ ھايۋان ئۈستىدە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدى». ①

گەرچە بۆرىدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا خاس تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار بىرخىل تاشقى سەۋەب بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى سىرلىق ئور-نىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قەدىمكى ئىنسانلار دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بۆرىنى سىرلىقلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلاھىي تون كىيدۈرگەن.

① «گرولېر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 20 - توم، 196 - بەت.

## 4 . پىسخىك ئاساسلار

### 1 . بۆرە — قورقۇش تۇيغۇسى

توتېم ئوبيېكتىلىرى گەرچە تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنى، يەنى ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە باشقا جانسىز تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاساسىي توتېم ئوبيېكتىلىرى ھايۋانلار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ ئاساسى بارىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ھايۋانلار بولۇپمۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ بولغان، شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ھايۋانلار ئوبرازى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. دېمەك، مۇشۇنداق شارائىتتا، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدلۇقىغا بولغان ئەڭ زور تەھدىت، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن كېلەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاچ قېلىش، كېسەل بولۇش ۋە باشقا تۈرلۈك ۋەھىمىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلىلەر ئىدى. خۇددى ماركس، ئېنگېلسلار كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتى، شەك - شۈبھىسىزكى ھاياتلىق ئىقتىدارى بولغان شەخسلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىدۇر. شۇڭا، مۇشۇ بىرىنچى ئېھتىياج بەلگىلىگەن كونكرېت ئەمەلىيەت، دەل مۇشۇ شەخسلەرنىڭ جىسمانىي تۈزۈلمىسى ھەمدە جىسمانىي تۈزۈلمىسىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان ئۇلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر» .①

شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتى بار-

---

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ، 3 - توم، 23 - بەت.

لىق ئېھتىياجلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياج ئىدى. ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇشۇ ئېھتىياجنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئىستەيتتى. بىراق، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدىغان كۈچ يوق ئىدى. ئۆلار ئورمان - دالىلاردىكى تۈرلۈك - تۈمەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ھەر زامان تىركىشىپ ياشايتتى. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يىراق قەدىمكى زاماندا يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن زەھەرلىك ھاشارەتلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، بېيجىڭ ئادىمى بىلەن شىر، يولۋاس، بۆرە ۋە ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلار تەڭلا ياشىغان.① خېتاۋ ئادىمى بىلەن چوڭ چىشلىق پىل، كەركىدان، قۇلان، ياۋا كالا، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بىللە ياشىغان.② مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ھەر ۋاقىت ئۇچراپ تۇراتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى خۇددى بىر يوقالماس سايىدەك ئۇلارنى ئەگىشىپ يۈرەتتى.

دەرۋەقە، ئۆلۈم — بىرخىل قورقۇنچلۇق ۋەھىمە. ئۇ ھەرقانداق بىر ۋەھىمىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ قەلبىنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىدىغان قورقۇنچلۇق سايە. ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئۆلۈمدىن قېچىش ۋە ئامانلىق ئىستەش ئادەمنىڭلا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭمۇ تەبىئىي ماھىيىتى. ئىنسانىيەتتە مانا مۇشۇنداق قورقۇش ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلار روھىي قالقان ئىزدەشكە، مەنىۋى پاناھ تېپىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى پىسخىك تەسەللىسى — توتېم مەيدانغا كەلگەن.

روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگموند فرېئود بۇ

---

① جيا لەنپو: «جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى»، لوڭمېن بىرلەشمە كىتاب ئىدارىسى، 1950 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 105 - ، 111 - بەتلەر.

② جيا لەنپو: «خې تاۋ ئادىمى»، لوڭمېن بىرلەشمە كىتاب ئىدارىسى، 1951 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 53 - ، 55 - بەتلەر.

ھەقتە توختىلىپ: «ھالاكەت (ئۆلۈم) ئىككى تارىختىن بۇرۇنقى بارلىق دىنلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن يەنە بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭمۇ چىقىش نۇقتىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، يىراق قەدىمكى زاماندا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئۆلۈم ئىككى ئاخىرقى ھېسابتا، ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئېپتىدائىي دىن ھېسابلانغان توتېم — ئۆلۈم ئىككىدىن ئىبارەت پسىخىك خىمىرتۇرۇچ ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

ۋالىڭ شياۋخۇا ئەپەندى خەنزۇ مىللىتىنىڭ توتېمى بولغان ئەجدىھانىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى پسىخىك ئاساس ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يىلاندىن ئىبارەت بۇ خۇنۈك، ۋەھشىي ھايۋان قانداق قىلىپ مىللىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ مەزمۇنىنىڭ گۈزەل سىمۋولى بولۇپ قالدى؟ ئەينى زاماندا ئىنسانلار قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە بۇ تۇراقسىز دۇنياغا كەلگەن. ئۇلاردىكى ۋەھىمە دەسلەپتە تەبىئەت ۋەھىمىسى، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋەھىمىسى ۋە كېسەللىك ھەم ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىدى. بىراق، بۇ مۇتىدىل بەلباغنىڭ دەريا - ئېقىنى بويىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەجدادلىرىمىز يىلانغا نىسبەتەن تولىمۇ چوڭقۇر ھېسسىياتتا بولدى. كىشىلەر بۇنداق مۇدھىش — قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن ھامان ئۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلىدى. بۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە ئۇلارغا بولغان تەقۋادارلىقى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىدىكى ۋەھىمە تۇيغۇسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. مانا بۇ دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى پسىخىك ئاساستۇر. كىشىلەر دەل قۇربان بېرىش ھەيۋىتى ئىچىدە، ئاجىز نەرسىنى ‹ قۇدرەتلىك › قىلدى. ئۆزلىرىگە قارشى كۈچلەرگە مۇھەببەت باغلاش بەدىلىگە ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن يۈرەكلىرىنى تىنچلاندۇردى. ئىنسانلار

ئەقىل ساۋۇتىنى كىيىپ، ئىلىم - پەن قورالىنى ئېسىپ ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىلگىرى دەل مۇشۇنداق روھىي يۆلەنچۈك ئارقىلىق ئاشۇ سانسىزلىغان ئەسىرلەرنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. . . كىشىلەر بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىللە ياشىغان ۋە ئىنسانىيەتكە سان - ساناقسىز زىيان يەتكۈزگەن يىلانغا بولغان ئېتىقاد ۋە مۇھەببەت ھەمدە شۇ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن پۈتمەس - تۈگىمەس ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ دەل مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا كەلدى. . . »[①]

قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەر زامان تەھدىت سېلىپ، ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنى ئاخىرقى ھېسابتا قورقۇش ئىچىدە ئىلاھلاشتۇردى، ئۇلارغا نەپرەت ئىچىدە مۇھەببەت قويدى ھەمدە يىرگىنىش ئىچىدە ئۇلارنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇلار ئاشۇ ۋەھشىي كۈچلەرنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىكلىكىنى، ئۇلارغا بېقىنغاندىلا، يول قويغاندىلا ۋە قورقۇپ باش قويغاندىلا ئاندىن ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. خۇددى فېيېرباخ ئېيتقاندەك: «قورقۇش باشقا نەرسە بولماستىن، بەلكى بېقىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ روشەن ئىپادىسى»[②] ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق ۋەھىمە تۇيغۇسى ئىچىدە، ئۆزىگە قارشى ۋەھشىي كۈچلەرنى «ئاتا» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئەجداد ھېسابلىدى ۋە بالا ئاتىسىغا بېقىنغاندەك ئاشۇ ئىلاھىي «ئاتا» سىغا چوقۇندى چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئاشۇ ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ بالىسى ياكى ئەۋلادى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاسرىشىغا ۋە قوغدىشىغا سازاۋەر بولالايتتى.

تونېمدىن ئىبارەت بۇ تۈنجى ئېتىقادقا، شەك - شۈبھىسىز-

---

① ۋاڭ شياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 - سان، 60 - بەت.

② فېيېرباخ: «دىنىنىڭ ماھىيىتى»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1964 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 527 - بەت.



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

كى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەجداد ۋە يىلتىز چۈشەنچىلىرى بىلەن ساددا پسىخىك ئىپكى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇلار توتېم هايۋاندا گەۋدىلەنگەن قۇدرەت، يۈكسەكلىك ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئادەم ماهىيەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلغان. سىگموند فرېئۇد روهىي ئانالىز نۇقتىسىدا تۇ- رۇپ: «توتېم قارىشىدا گەۋدىلەنگەن توتېم هايۋان دەل ئاتا ئور- نىدىكى ئوبرازدىن ئىبارەت»① دەيدۇ. دەرۋەقە، يىلتىز — مەنبە. ئۇ ئادەم ئۈچۈن مىسلىسىز زور تەسەللىي بولالايدۇ. شۇنداقلا هەر ماكان، هەر زامان ئىنسانغا غۇرۇر ۋە غەيرەت - شىجائەت بەخش ئېتەلەيدۇ. شۇڭا، ئەجدادتىن ئىبارەت بۇ يىلتىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەۋلادلارمۇ مەڭگۈلۈك هاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىغان. توتېم — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى دادىل قەدىمى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ توتېم هايۋانغا بولغان هېسسىياتى، دەل كىچىك بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىغا بولغان هۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ «سۈرلۈك، هەيۋەتلىك قىياپىتى» دىن ئەيمەنگەن ۋە پەخىرلەنگەن چاغدىكى هېسسىياتىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي مىللەتلەردە ۋە توتېم قالدۇقلىرى نىسبەتەن قويۇق ساقلىنىپ قالغان هازىرقى زامان مىللەتلىرىدە، ئۆزلىرى چوقۇنغان توتېم هايۋانلارنى ئالاهىدە هۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتاشتىن ئەيمىنىپ، ئا- تىسىنىڭ ياكى قان قېرىنداشلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئادىتى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، گەنسۇدىكى شەرقىي يۇغۇرلار بۆرىنى «قارا تۇمشۇقلۇق تاغا» دەپ ئاتايدۇ.② قازاق چارۋىچىلىرى بۆرىنىڭ ئىتىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئاتاپ قويساق بالاغا قالىمىز دەپ

① فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرهىز»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى، 165 - بەت.

② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 65 - بەت.

ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، قازاقلار بۆرىنى «قاسقىر»، «ئىت قۇش»، «شۇناي» دەپ ئاتايدۇ.① قىرغىزلار قەدىمدە بۆرىنى «كۆك جال»، «كۆك چولاق»، «غۇلام» ياكى بىۋاستە «باتۇر» دەپ ئاتىغان.② تۈركلەر بۆرىنى «قۇرت» دەپ ئاتىغان. ئىستونىيەلىكلەر بۆرىنى «تاغا»، «مالچى» ياكى «ئۇزۇن قۇيرۇق» دەپ ئاتىسا، بۇريات موڭغۇللىرى بۆرىنى «ساماۋى ئىت» دەپ ئاتىغان، ياقۇتلار بۆرىنى «ئۇلۇغ تويۇن ئىلاھىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىسا، كىلياكلار بۆرىنى «يۇغىنىڭ خوجايىنى»، «مۇز بەلباغنىڭ بوۋىسى» دەپ ئاتىغان.③

ئۇنىڭدىن باشقا ئافرىقىدىكى بېژىنىلار ئۆزلىرىنىڭ توتېمى بولغان كىتنى «ئاتا» دەپ ئاتىسا،④ بانبارلىقلار ياۋا كالا توتېمىنى «ئاتا» دەپ ئاتىغان.⑤ خېجىلار يولۋاس توتېمىنى «غوجام»، «بوۋام» دەپ ئاتىسا،⑥ ئېلۇنچۇنلار ئېيىق توتېمىنى «بوۋا»، «موما»، «تاغا» دەپ ئاتىغان.⑦

دېمەك، قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرى چوقۇنغان ھايۋانلارنى «ئاتا»، «بوۋا»، «تاغا» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن قورقۇپ ۋە ئۇلارغا بېقىنىپ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يىرتقۇچ ھايۋانلار قانچىكى قورقۇنچلۇق، قانچىكى ۋەھشىي بولسا، ئۇلارنى شۇنچە ئۇلۇغلىغان ۋە ھەممىدىن

① مۇتەللىپ ئالپامىش ئوغلى: «قازاق ئېپوسلىرىدىكى باتۇرلار ئوبرازىنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشىتىلىشىدىكى ئېستېتىكىلىق كۆز قاراش» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى (قازاقچە)، 1990 - يىللىق 1 - سان، 68 - بەت.

② جاڭ يەنپىڭ: «قىرغىزلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە ئۆزگىرىشى» — «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1993 - يىللىق 3 - سان، 39 - بەت.

③ «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 - يىللىق 1 - سان، 30 - ، 31 - بەتلەر.

④ فرازېر (ئەنگلىيە): «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - كىتاب، 695 - بەت.

⑤ سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 15 - بەت.

⑥ ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 71 - بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 74 - بەت.

مۇھىم ئورۇندىكى توتېم ھېسابلىنغان. مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ 400 گە يېقىن ئورۇقى ئىچىدە، 32 سى بۆرىنى، 32 سى ئېيىقنى ۋە 11 ى يىلاننى توتېم قىلغان.①

دېمەك، بۆرىنىڭ توتېم قىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر پىسخىك سەۋەب، دەل بۇ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋەھشىيلىكى، قانخورلىقى ۋە ھېچنېمىدىن يانمايدىغان خىرسچانلىقى بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلار نەزىرىدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىدى. يايلاق - داللاردا توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن بۆرىلەر تەلۋىلەرچە نەرە تارتىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن مال - چارۋىلارغا زىيان سالاتتى. گاھىدا پات - پاتلا ئادەملەرنىڭ ھاياتىغىمۇ خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇراتتى، ئەينى چاغدا يايلاق خەلقلەرىنىڭ تۇرمۇشىدا بۆرىدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق، ۋەھشىيراق كۈچ يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋەھىمە، كۈچلۈك تەھدىت، تىنچسىز مۇھىت ئاخىرقى ھېسابتا بۆرىنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا ئېلىپ باردى.

2. بۆرە — رازىمەنلىك تۇيغۇسى

رازىمەنلىك ياكى تەسىرلىنىش تۇيغۇسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېم تاللىشىدىكى مۇھىم بىر پىسخىك سەۋەب بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى مەلۇم ھايۋان ياكى شەيئىنىڭ مەلۇم خەلق ياكى قوۋمگە پايدا يەتكۈزگەنلىكى، شاپائەت كۆرسەتكەنلىكى ياكى بولمىسا ھەل قىلغۇچ قىيىن پەيتلەردە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توتېملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك رازىمەنلىك تۇيغۇسىدىن ئىبارەت پىسخىك سەۋەبنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئىنسان تەبىئەتتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 120 - ، 228 - بەتلەر.

ئادەمدە مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئىپ-تىدائىي ئىنسانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر خەلق تاللىغان توتېم ئوبيېكتىدىن ھەر جەھەتتە (مۇھىمى روھىي ۋە پسىخىك جەھەتتە) رازىمەنلىك ياكى قايىل-لىق ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇستەھكەم ئى-شەنچ - ئېتىقاد تۇرغۇزالايدۇ.

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇلاردا ئىلاھىي مەخلۇق بۆرىنىڭ ئىنسانلارغا خەير - ساخاۋەت، مېھىر - شەپقەت ۋە ياخشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئو-غۇزخان ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان چاغدا ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئال-دىدا، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ ماڭىدۇ. بۆرە توختىسا، ئوغۇزخانمۇ توختايدۇ. بۆرە ماڭسا ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنىمۇ ماڭىدۇ ۋە غەلىبىدىن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە بۆرىنىڭ شاپائىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئوغۇزخان تەنتەنىلىك ھالدا:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران.①

دەپ جاكارلايدۇ. مانا بۇ كۆك بۆرىنىڭ توتېم قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى يەنە بىر ئەپسانىدە، ئۇيغۇرلار ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بىر تاغ قاپتىلىغا سولىنىپ قالغاندا، بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، كۈن پېتىشتىكى بىر

① گېنىڭ شىمىن / تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىيا-تى، 1980 - يىل نەشرى، 46 - بەت (ئۇران — ئۇرۇش شۇئارى دېگەن مەنىدە).

ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مې-ڭىپ، ئۆڭكۈردىن ئۆتۈپ، گۈزەل بىر يايلاققا چىقىپ قالىدۇ ۋە خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ...①

ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى خەلقلەر بۆرە ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە، بۆرىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بو-ۋاقلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى، ئۇلارنى ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى، بۇ بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۈچلۈك خانلىقلارنى قۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەپسانىلەردىن قارىغاندا، بۆرە ئىنسانلارغا شاپائەت يەتكۈزگۈچى، ئاسرىغۇچى ۋە قوغدىغۇچى كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ... دەرۋەقە بۆرە ئەپسانىلىرىمۇ باشقا ئەپسانىلەرگە ئوخ-شاشلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە سىرتقى دۇنيانى ئىز-دەش يولىدىكى بىر خىل ساددا تەسەۋۋۇرىنىڭ نەتىجىسى. ناھايى-تى ئېنىقكى، بۆرە ئەپسانىلىرىدىكى ئىنسانىيەتكە ئۈمىد يولى كۆرسىتىپ ماڭغان «شاپائەتچى بۆرە» لەرنىڭ رېئاللىقتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن مانا مۇشۇنداق ئىلاھىي «بۆرە» ئوبرازى-غا پىلتە بولغان ئوششاق تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ قەدىمكى زاماندا يۈز بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە بۇ تۇراقسىز دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار، ئاچلىق، كېسەللىك تەبىئىي ئاپەت ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك تەھ-دىتى ئاستىدا ئالاقىزادىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇلار-نىڭ ۋەھىمىدىن لەختە - لەختە بولغان ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر نىجاتكارغا تەلپۈنۈپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار تۇيۇقسىز ئانا بۆرىلەرنىڭ ئادەم باللىرىنى ئېمىتىپ تۇر-غان تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، ئىچ - ئىچىدىن

---

① «جۈنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» ؛ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» ، تاش-كەنت «چولپان» نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 28 - ، 29 - بەتلەر؛ رەشىدىدىن (ئىران) : «جامىئۇل تاۋارىخ» ، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 1 - كىتاب، 251 - 252 - بەتلەر.

سۈيۈنۈپ كېتىدۇ. ئاجايىپ كۈچلۈك رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان غايىۋى بىر يۈلەنچۈككە تەشنا بولۇپ كەلگەن يۈرىكىنى بەختىيار ھېسلارغا چۈمۈلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈندىن باشلاپ ئۇلار تاغدەك مەنىۋى تۈۋرۈككە — تۇنجى ئۇلۇغ تەڭرىگە ۋە باش قويۇپ چوقۇنىدىغان ئىجادكارغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۆرە ئانا توغرىسىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. . .

دېمەك، تارىخنىڭ چەكسىز قاراڭغۇ دەۋرلىرىدىكى ۋەھىمىلىك يىللاردا، بۆرىدىن ئىبارەت ۋەھشىي ھايۋان تەرىپىدىن ئېرىشىلگەن كىچىككىنە مەنپەئەتدارلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاخىرى بېرىپ، بۆرىنى تەڭرىلىك سەلتەنىتىگە چىقارغان.

3. بۆرە — سىرلىقلىق تۇيغۇسى

ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەتراپتىكى ئۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ساددا ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن بۇ سىرلىق نەرسىلەرگە جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەتراپتىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرگە خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ ھەيرانلىقىغا ئوخشاش ئەجەبلىنىش، ھاڭ - تاڭ بولۇش ھالىتىدە مۇئامىلە قىلاتتى. شۇڭا، سىگمۇند فرېئۇدمۇ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ توتېم ئېڭىنى بالىلار پسىخولوگىيىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.① ئامېرىكا ئالىمى S. ئارېئىت (S. Areit) مۇ: «ئىپتىدائىي كىشىلەردە ئۇرغۇنلىغان كىچىك بالىلارغا ئوخشاشلا بىرخىل قالدۇق سېزىم (eidetic) شەكلىدىكى خىيالىي تەجرىبە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن»② دەيدۇ.

---

① فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»، 129 - ، 180 - بەتلەر.
② S. ئارېئىت (ئامېرىكا): «ئىجادىيەتنىڭ سىرى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 258 - بەت.

دەرۋەقە، ئەجەپلىنىش تۇيغۇسى بىر خىل سىرلىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سىرلىقلىق ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەددەسلىكنى، مۇقەددەسلىك چوقۇنۇشنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارغا، ئۇچار قۇشلارغا، سۇ ھايۋانلىرىغا ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە توغرا ۋە ئىلمىي جاۋاب تاپالمىغاچقا، ئۇلارنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسىلەر دەپ قارايتتى. خۇددى لېۋى بروھل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئىپتىدائىي كىشىلەر ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىرلىق دەپ چۈشىنەتتى. ھەمدە ھەربىر شەخس بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇناسىۋەت مەۋجۇت دەپ قارايتتى»[①].

ھايۋانات دۇنياسى، بولۇپمۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە بېلىق تۈرىدىكى سۇ ھايۋانلىرى ئۇلارغا ئادەتتىن تاشقىرى غەلىتە تۇيۇلاتتى. ئۇلاردىكى ئادەملەردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلار ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى. مەسىلەن، ئۇچار قۇشلار تۇركۇمىدىن بۈركۈت بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايتتى، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بۈركۈتنى توتېم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۈركۈتتە ئىلاھىي سۈپەتلەر بار ئىدى. بۈركۈتنىڭ كۆك قەھرىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالىشى، شۇنچە ئېگىزدە تۇرۇپ يەر يۈزىدىكى كىچىككىنە نەرسىنىمۇ ئىلغا قىلالىشى، ئادەتتىكى كىچىك ھايۋانلارنىلا ئەمەس، ھەتتا بىر قىسىم گۆشخور ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلىيالىشى، ئۇنىڭ كۆك قەھرىدىن يەرگە شۇڭغىغان چاغدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قىياپىتى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا چەكسىز ھەيرانلىق تۇيغۇسى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۈركۈت كۆپكە قادىر ئىلاھىي قۇش، ئۇنىڭ سىرلىق كارامىتىنى باشقا ھېچقانداق نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى

① لېۋى بروھل (فرانسىيە) : «ئىپتىدائىي تەپەككۇر» ، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 28 - بەت.

بولمايدۇ، دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلىغان.

دەرۋەقە، بۆرىدىكى نۇرغۇن ئالامەتلەرمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسبەتەن سىرلىق تېپىشماق ئىدى. بۆرىنىڭ غالجىرلىقى تۇتقان چاغدىكى ئەسەبىي قىياپىتىنى ئۇلار مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇلار دائىم قاراڭغۇ تۈنلەردە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، تۈكلىرىنى هۈرپەيتىپ، ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ تۇرغان ئەسەبىي بۆرە توپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، پۈتكۈل ۋۇجۇدى سوغۇق تەرگە چۆمىلەتتى. . .

«ئالتاي تاغلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا تەۋە قىسمىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ، 7 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تۈركىي خەلقلەرگە ئائىت بىر قورغان تېپىلغان. قورغاندىن چىققان بىر قامچا دەستىسىگە ئۈچ بۆرە بېشى ئويۇلغان. قورغاننى كولاش خىزمىتىگە قاتناشقان رودىنكو بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ قامچا ناهايىتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئويۇلغان بۆرىنىڭ بېشى، ھېڭگىيىپ تۇرغان ئۆتكۈر چىشلىرى، يىراققا قاراپ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى، ھەرقانداق شەپىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇرغان ئىككى قۇلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ›». ① دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھەرخىل بۇيۇملارغا بۆرىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەخلۇقنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى سەنئەتلىك تۇستە ئويۇپ قالدۇرغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۆرىنىڭ ھەرقانداق بىر نىشانغا جان - جەھلى بىلەن خىرىس قىلىشى، ھېچنېمىدىن قورقماسلىقى، توپلىشىپ ياشاش ئادىتى، قويۇندەك تېزلىكتە يۈگۈرەلىشى، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھوشيارلىقى، ئۆتكۈر پۇراش سېزىمى، بىر قېتىمدا 5 — 7 گىچە كۈچۈكلىيەلىشى. . . قاتارلىق ئالاھىـ

① «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 62 - بەت؛ ئەسلى مەنبە «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى (رۇسچە)، 1987 - يىللىق سانلىرى، 68 - بەت.

دە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئىپتىدائىي كىشىلەردە قاتتىق ھەيرانلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. ئۇلار بۆرىنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتى باشقا ھەممە نەرسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، بۆرىدە ئىنسانلار چۈشىنەلمەيدىغان بولمايدىغان «تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار» مەۋجۇت دەپ قاراپ، بۆرىنى تەدرىجىي سىرلىقلاشتۇرغان. ئۇلاردىكى بۇ خىل سىرلىقلاشتۇرۇش شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بۆرىنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلغان ئوبرازى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. نەتىجىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ ئادەتتىكى يىرتقۇچ پەيدىن - پەي ئىنسانىيەتنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىلاھلىق سەھنىسىگە چىقىرىلغان.

بىز يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكەن بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئۈچ تۇرلۇك پسىخىك سەۋەب بىر - بىرىگە ئورگانىك يوسۇندا باغلانغان بولۇپ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. بۇنى 5 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك سىخېما ئارقىلىق چۈشەندۇرۇش مۇمكىن.




5 - رەسىم. بۆرىنىڭ توتېم قىلىنىشىدىكى پسىخىك قۇرۇلما

## 5 . ئېستېتىك ئاساسلار

ئېستېتىك تۇيغۇ، يەنى گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىي ماھىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى بارلىق دىنىي ئېتىقادى، ئەدە-

بىياتى ۋە سەنئەتتى مەلۇم نۇقتىدا مۇئەييەن گۈزەللىك ئىلىمىنىڭ
ـلىرىغا ھامىلدار بولغان بولىدۇ. پىلىخانوف دارۋىنىنىڭ ئىنسان
تەبىئىتى بىلەن گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى
بايانلىرىغا باھا بېرىپ: «ئىنسان تەبىئىتى ئۇنى ئېستېتىك ھە-
ۋەس ۋە ئېستېتىك قاراشقا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
شارائىت بۇ مۇمكىنچىلىكنىڭ قانداق قىلىپ رېئاللىققا ئايلىنى-
شىنى بەلگىلەيدۇ»① دەيدۇ. ئاتاقلىق ئېستېتىكىشۇناس جور-
جى سانتىيانامۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدە
چوقۇم بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك
ئەڭ نېگىزلىك خاھىش مەۋجۇت، ئەگەردە ھەرقانداق پىسخىك
پرىنسىپلارنىڭ بايانى مۇشۇ خىل روشەن ئىقتىدارغا سەل قارايدى-
كەن، ھەممىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتكەن بولىدۇ»② دەپ
كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئېستېتىك تۇيغۇ ھازىرقى زامان
ئادەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەنئىتىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ سەنئىتىدىمۇ
مۇھىم ئورۇن تۇتقان. «ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، گۈزەللىك ئىلىپ-
مىنتلىرى دىنىي ۋە سېھىرگەرلىك ئېلېمېنتلىرى بىلەن قوشۇ-
لۇپ، مۇراسىملارنىڭ پىسخىك رولىنى كۈچەيتكەن». ③
شۇنداق بولغاچقا، توتېمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئىپتىدائىي دىن
ۋە سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۈزەل-
لىك قاراشلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، «گۈزەللىك
تۇيغۇسىنىڭ ئىچىدە، بىزدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى كىشىلەر-
نىڭ، ھەتتا تارىختىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ قالدۇق گېنلىرى

① «پىلىخانوف ئېستېتىكا ماقالىلىرى توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل،
خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 320 - بەت.

② جورجى سانتىيانا (ئامېرىكا): «گۈزەللىك تۇيغۇسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

③ D. M. ئۇگرىنوۋىچ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «دىن پىسخولوگىيىسى»، ئىجتىما-
ئىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 158 - بەت.

ساقلىنىپ قالغان» .[1]

توتېم، يىراق قەدىمكى زاماندا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلە. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، «كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالمىدى» .[2] 1920 - يىلى توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا 40 خىل نەزەرىيە مەيدانغا كەلگەن بولسا؛[3] 1958 - يىلىغا كەلگەندە، 60 خىلغا يېقىن نەزەرىيە بارلىققا كەلدى.[4] روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئۇد بۇ ھەقتە ئۈچ خىل نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[5]

توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشىدا خىلمۇخىل نەزەرىيىۋى قاراشلار بار بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېستېتىك ئاساس ھەممىدىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ قارايمىز. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى» . گەرچە ئىپتىدائىي ئىنسانلار فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن داۋاملىق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرغان، ئەقلىي جەھەتتىن داۋاملىق يېتىلىۋاتقان، تەسەۋۋۇرى ساددا، تەپەككۇرى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يەنىلا مۇئەييەن ئېستېتىك ئاڭ مەۋجۇت ئىدى. ئامېرىكا ئالىمى فرانس بوئاس (Frans Boas) نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ھەر-

---

[1] ئانتون ئاللانسۋېخ (ئاۋسترىيە): «سەنئەتتىكى كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمىغا پىسخىك تەھلىل» ، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 83 - بەت.

[2] خې شىڭلياڭ: «توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، — «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1989 - يىللىق 5 - سان، 31 - بەت.

[3] ئا. ۋان گېننېپ: «توتېم ھەققىدىكى ئاكتۇئال مەسىلىلەر» ، پارىژ، 1920 - يىل فرانسۇزچە نەشرى؛ (A. Van Gennep: L etat actuel du problema totemique, Paris, 1920)

[4] خايتون: «توتېمىزم» ، ستالىنئاباد، 1958 - يىل رۇسچە نەشرى؛ 108 - بەت.
(д. Е. Файтун, ≪Тотемизм≫, Сталинабад 1958, С. 108

[5] فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز» ، 140 - بەت.

قانداق ئادەم پەقەت ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەندىلا، ئۇلار خۇشاللىقىغا شېرىك، ئازابىغا ھەمدەم بولغاندىلا، ئۇلارنى مىكروسكوپ ئاستىدىكى ھۇجەيرە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئادەملىك نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغاندىلا ھەمدە ئۇلارنى ھەم ھېسسىياتى، ھەم تەپەككۇرى بولغان ئادەم دەپ تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قانداقتۇر ئاتالمىش ‹ئىپتىدائىي كاللىلىق›، ‹لوگىكىسىز تەپەككۇرلۇق› كىشىلەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ زامانىمىزدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش كىشىلەرگە ئوخشاش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە نورمال ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىدۇ».①

شۇڭا، ئىپتىدائىي دىن ۋە سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، شۈبھىسىزكى، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ساددا ئېستېتىك ئېڭى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۆرە توتېمى دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، مەنبەسى چوڭقۇر، تەسىرى زور بولغان توتېملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە بولغان تەتقىقاتلاردا، بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېستېتىك نۇقتىدىن تەھلىل قىلغانلار ئاساسەن كۆرۈلۈپ باقمىدى ھەمدە بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئېستېتىك ئاساس، بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى تەتقىقاتىمىزنى تۆۋەندە كىتابخانلارغا سۇندۇق.

1. سىمۋول: مۇقەددەس كۆك رەڭ ۋە بۆرە

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا، يەنى بىزنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا بىرخىل ساددا سىمۋول قىلىش ئىقتىدارى بولغانمۇ-يوق؟ ئۇلارنىڭ توتېم تاللىشىدا بۇ خىل «سىمۋول» ئىقتىدارى

① فرانس بوئاس (ئامېرىكا): «ئىپتىدائىي سەنئەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەت.

قانداق رول ئوينىغان؟ بەزى كىشىلەر تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق يوسۇندا «سىمۋول» ئىشلەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇ خىل گۇمانلىنىش ئەقىلگە ئۇيغۇندەك قىلىدۇ، لېكىن ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئاللىقاچان سىمۋوللۇق بەلگە ئېتىقادىنىڭ ھازىرلانغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. خۇددى ماركس «كاپىتال» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «گەرچە ئۇلار بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق قىلىدۇ».

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا، سىمۋول ئېڭى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا قارىغاندىمۇ كۆپرەك ئۇلارنىڭ سىرتقى ئوبرازىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا، ئۇلاردا ئابستراكت تەپەككۇر (سىمۋول) غا قارىغاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر (ياكى سىمۋول) نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. ئۇلاردىكى ھېسسىي تۇيغۇ، ئىدراك (سەزگۇ)، تەسەۋۋۇر، تەقلىد قىلىش، بەلگە ئېتىقادى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. شۇڭا، گېگىلمۇ: «سىرتقى ئوبراز — بالىلار ۋە مىللەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بىرخىل ئورتاق ھەۋەس ئوبيېكتىدۇر» دەيدۇ.

ئامېرىكا ئالىمى S. ئارېئىت: «تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆزى ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئالدىنقى شەرتى»[①] دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، ئىپتىدائىي كىشىلەر «ئىلگىرىكى بارلىق تەسىراتلىرى بىلەن ئاڭلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن».[②] ۋە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن «قالدۇق سېزىم»[③] (eidetic) ئارقىلىق ئوبرازلىق سىمۋول ئېتىقادىنى ئىشقا سالغان. بۇ خىل ئۇلانما تەسەۋۋۇر توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىغان.

---

① S. ئارېئىت: «ئىجادىيەتنىڭ سىرى»، 48 ـ، 258 ـ بەتلەر.
② دارۋىن (ئەنگلىيە): «ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، سودا نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 111 ـ 112 ـ بەتلەر.
③ S. ئارېئىت: «ئىجادىيەتنىڭ سىرى»، 258 ـ بەت.

مۇشۇ خىل مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، قەدىمكى كۆك (ئاسمان) ۋە كۆك تەڭرى ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن باغلايمىز. چۈنكى توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوبرازلىق سىمۋول ئىقتىدارى ئۈچۈن، بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق ئاساس بولمىسا كېرەك.

ھەممىگە مەلۇمكى، كۆككە چوقۇنۇش بىر خىل ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى، ئەجدادلىرىمىز قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار پارلاپ تۇرغان بىپايان بوشلۇق (كائىنات) نى بىرخىل ئىلاھىي كۈچ دەپ قارىغان ۋە ئۇنى كۆك تەڭرى دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. «كۆك تەڭرى يايلاق قوۋملىرى ئېتىقادىدا تەنها ياراتقۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ۋە ئىپتىدائىي دىن سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ھۇنلار، ئۇسۇنلار، كۆك تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار قاتارلىق تارىختىكى تۈرك تۇپلۇقلىرىدا، قۇربانلىقلار بېرىلگەن مۇقەددەس شەيئىلەرنىڭ بېشىدا ۋە ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. تەڭرى، ئەينى زاماندا ‹ساماۋى› ماھىيەتتە ئىپادىلىنەتتى...»① تۈرك تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان فرانسۇز ئالىمى رېنى گىرائۇد (Rene Graud) مۇنداق دەيدۇ: «كۆك تەڭرى ئېتىقادى توغرىدىن - توغرا پۈتۈن تۈركلەرنىڭ ئانا ئېتىقادى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ‹تەڭرى› بەزىدە ‹تۈرك تەڭرىسى› شەكلىدىكى نامى بىلەن، ئاشۇ زاماندىكى تۈركلەرنىڭ ‹مىللىي تەڭرىسى› سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ».②

دەرۋەقە، خەنزۇ مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا رايونىدا خانلىق قۇرغان پۈتكۈل تۈركىي قوۋملار

①  ② ئىبراھىم كافەس (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى»، ئەنقەرە، 1980 - يىل، تۈركچە نەشرى، 55 - ، 56 - بەتلەر.

ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلاردا «تەڭرى» ۋە «كۆك تەڭرى» ئېتىقادى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاتاقلىق تارىخچى سىماچيەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىلا ھۇنلارنىڭ تىلىدا «تەڭرى» (撑犁 teng li) سۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى قەيت قىلىدۇ.① «دەسلەپكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن، ئۇلار چوقۇنغان تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى كۆك تەڭرىسى ئىدى. بۇ بۈيۈك تەڭرى تۈرك خاقانلىقى دائىرىسىگە كىرگەن بارلىق ئۇلۇسلار ئۈچۈن ئورتاق ئېتىقاد ئوبيېكتى بولغان».②

كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۇ تاشلاردا، كۆك تەڭرى ئېتىقادى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى تۈركىيە ئالىمى ئابدۇلقادىر ئىنان ئېيتقاندەك: «خاقانلارنى تەختكە چىقارغان، تۈركلەرنى زەپەر قۇچتۇرغان، پالاكەتلەردىن قۇرۇغان تۈرك تەڭرىسى — كۆك تەڭرىدۇر».③

تۈرك - ئۇيغۇر مەڭگۇ تاشلىرىدا «تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن»،④ «تەڭرى ياشايدۇ»⑤ «تۈرك تەڭرىسى»،⑥ «تەڭرى ۋە يەر ساقلىدى»،⑦ «تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن»،⑧ «تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر - سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ...»،⑨ «تەڭرىتەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە خاقان»⑩ قاتارلىق قۇرلار ئۇچرايدۇ. بىز بۇنىڭدىن كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تەڭرى ئېتىقادىنىڭ يۈكسەك پەللىگە چىققانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. R. گىرائۇد ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «ھەرقايسى مەڭگۇ تاشلاردا،

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، 110 - جىلد.
② ③ ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976 - يىل تۈركچە نەشرى، 15 - ، 16 - بەتلەر.
④ «بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى»، جەنۇب تەرەپ، 10 - قۇر.
⑤ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، شىمال تەرەپ، 10 - قۇر.
⑥ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» شەرق تەرەپ، 10 - قۇر.
⑦ «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى».
⑧ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» شەرق تەرەپ، 12 - قۇر.
⑨ «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، 38 - قۇر.
⑩ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، جەنۇب تەرەپ، 1 - قۇر.

كۆك تەڭرى (tangri ,tengri) نىڭ نامى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ دەل تۈركلەرنىڭ مۇھىم ئېتىقادى ئىكەنلىكىنى، كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشنىڭ قەدىمكى چوڭ تۈركچىلىك چۈشەنچىسىگە باغلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»① دەيدۇ.

كۆككە چوقۇنۇش تۈركىي خەلقلەردىن باشقا يەنە دۇنياۋىي تۇسكە ئىگە بولغان، «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر تىلغا مەنسۇپ بولغان ‹tengri› ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كۆك تەڭرى ئېتىقادى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەردە ۋە ئۇلارنىڭ يايلاق، ئۇرۇقداشلىق، كۆچمەنچىلىك، شۇنىڭدەك تېرىم مەدەنىيىتىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا كۆككە چوقۇنۇش ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئېتىقاد ھېسابلىنىدۇ. گرېكلاردىكى زېۋس (Zeus)، لاتىنلاردىكى يۇپىتېر (Jupiter)، يەھۇدىيلاردىكى يەھۋە (Yahveh) ۋە خەنزۇلاردىكى تيەن (Tien) دەل ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرىلىرىدۇر».②

گەرچە كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش دۇنيادىكى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ شامانلىق ئېتىقادى ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ كۆك (ئاسمان) ئېتىقادىدەك، بۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە بۇنچىلىك ئىزچىل ئەمەس. كۆك تەڭرى ئېتىقادى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قوۋملار «تەڭرى» سۆزىنى كېيىن ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىغىمۇ ئېلىپ كىرگەن. مەسىلەن، بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىنى «تەڭرى بۇرخان» دەپ ئاتىغان؛ مانى دىنىنىڭ ئىلاھى — «مانى» نى «تەڭرى مانى» دەپ ئاتىغان؛

---

① رېنې گرائۇد (Rene Geaud): «شەرقىي تۈرك خانلىقى مەڭگۈ تاشلىرىغا ئىنتىلىما»، 137 - بەت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، 1984 - يىل خەنزۇچە ئىچكى باسما نۇسخا.

② «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 13 - توم، 350 - 351 - بەتلەر، نيو - يورك، 1987 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

زارۋئاستىر (ئاتەشپەرەستلىك) دىنىنىڭ ئىلاھى — «ئەزرۇ» نى «ئەزرۇئا تەڭرى» دەپ ئاتىغان؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى — «ئاللا» نى «تەڭرى» ياكى «بايات»، «ئىدى» دەپ ئاتىغان.①

ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى 6774 بېيىتتە، ئىسلام ئىلاھىنىڭ نامى 235 قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، 26 بېيىتتە «تەڭرى» دەپ ئاتىلىدۇ.②

دېمەك، تەڭرى ئېتىقادى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان ئېتىقادىدا، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ - ئېتىقادىدا يادرولۇق ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈكسەك ئورنىنى باشقا ھېچقانداق ئىلاھىي كۈچ بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «كۆك تەڭرى تۈركىي قوۋملارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، بارلىق ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ئىگىسى ئىدى، ھەمدە بارلىق تەڭرىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يېگانە تەڭرى ئىدى...».③ «كۆك تەڭرى يارىتقۇچى ھەم قۇرغۇچى ئىدى. ئۇ دۆلەت ئىلاھى سۈپىتىدە، تۈركىي قوۋملارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇراتتى. ئەگەر ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزسە جازالايتتى. ۋەزىيەت خەتەرلىك مىنۇتلارغا يۈزلەنگەندە، تۈركلەرنىڭ بىر ئوغلانىنى مەيدانغا چىقىرىپ، زەپەر قۇچقۇچى خاقانغا ئايلاندۇراتتى».④ شۇڭا، «كۆك تەڭرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە باشپاناھى سۈپىتىدە، پۈتكۈل خەلقنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان».⑤

---

① قۇربان ۋەلى: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقادلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە» — «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى سانى.

② قۇربان ۋەلى: «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى ‹بايات› ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990 - يىللىق 2 - سان، 105 - بەت.

③ رېنې گرائۇد: «شەرقىي تۈرك خانلىقى مەڭگۈ تاشلىرىغا ئېنىقلىما»، 5 - بەت.

④ رېنې گرائۇد: «شەرقىي تۈرك خانلىقى مەڭگۈ تاشلىرىغا ئېنىقلىما»، 144 - بەت.

⑤ شۆزوڭجېڭ: «تۈركلەر تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 726 - بەت.

خوش، تۈركىي قوۋملاردا كۆك تەڭرى ئېتىقادى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ماددىي مەنىدىكى كۆك (ئاسمان) بىلەن باغلىنىشى بارمۇ - يوق؟ كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى ئېتىقادىنىڭ مەنبەسى نەدە؟ . . .

كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى مۇقەددەس دەپ بىلىش قەدىمكى زاماندا شامان دىنى ئېتىقادىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ۋەسىقىلەردىن كۆك تۈرك خانلىقى (552 — 744) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) دەۋرىدە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋالقى ھۇنلار سەلتەنىتى دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز كۆك (ئاسمان) نى «تەڭرى» دېگەن مۇقەددەس سۆز ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى: «خۇدا ئۇرغۇر كاپىرلار ئاسماننى ‹تەڭرى› دەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى — ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ ‹تەڭرى› دەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەمنى ‹تەڭرىكەن› دەيدۇ. بۇنداق ئازغۇنلۇقتىن خۇدا ساقلىسۇن»① دەپ خاتىرىلەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ يەردە «كاپىر» دەۋاتقىنى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىدى. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولدمۇ: «تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى پىششىق بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم. مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە پەقەت كۆك (ئاسمان) ۋە يەر (تۇپراق) گە بولغان ئېتىقاد تىلغا ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ ‹تۈركلەرنىڭ تەڭرىسى›، ‹تۈركلەرنىڭ يەر سۈيى› دېگەن جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى ‹تەڭرى› سۆزى ئېھتىمال ماددىي مەنىدىكى ‹كۆك› (ئاسمان)

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 3 - توم، 515 - بەت.

ۋە ئىلاھىي مەنىدىكى ‹كۆك› (تەڭرى) نى كۆرسەتسە كېرەك»① دەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كۆك رەڭنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى ئاسماننىڭ كۆك رەڭدە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شامان ئېتىقادىدىكى ئەڭ يۇكسەك ئىلاھ — كۆك تەڭرىنىڭ ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرۇشى، زۇمرەتتەك كۆكۈش ئاسماننىڭ ئۇنى ئوراپ تۇرۇشى، تەبىئىي ھالدا كۆك رەڭنىڭ ئىلاھىي تۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە كۆك تەڭرى (ئاسمان ئىلاھى) بارچە ئىلاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، گويا «ئولىمپىس تېغىدىكى خۇدالارنىڭ خۇداسى — زېۋس» قا ئوخشاش، ھەممىۋا تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كۆك رەڭنى «ئىلاھىي رەڭ»، «مۇقەددەس رەڭ» دەپ قاراپ، كۆك رەڭ بىلەن باغلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەن ھەتتا چوقۇنغان. شۇ دەۋرلەردە كۆك رەڭ ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدا يۇكسەك ئورۇن تۇتقان.②

شامان دىنى تەتقىقاتچىسى ۋۇبىڭئەن ئەپەندى: «شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنىدىكى كۆك (ئاسمان) نىڭ ئىلاھىي ئۇقۇمى بولسىمۇ، لېكىن بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان كۆكۈش ئاسمان خۇددى ‹ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارگاھسىمان›، دېگەن شېئىردىكىگە ئوخشاش، تۆۋرۈكى بار بوشلۇق سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ. بۇ يۇكسەك قاتلام ئىلاھ (تەڭرى) بىلەن ئىنسانلارنى ئايرىپ تۇرىدۇ»③ دەيدۇ. ئابدۇلقادىر ئىنانىمۇ: «كۆك تۈرك ۋە دەسلەپكى ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ماددىي بىر بارلىق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ‹كۆك› بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان روھ

① ۋ. ۋ. بارتولد (رۇسىيە شەرقشۇناسى): «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 11-، 12 - بەتلەر.

② ئەسەت سۇلايمان: «قۇمۇل خەلق ناخشا - قوشاقلىرىدىن شامان دىنى ئىزنالىرىغا بىر نەزەر» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 4 - سان، 124 - بەت.

③ ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1989- يىل، خەنزۇچە نەشرى، 8 - بەت.

بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان بولسا كېرەك»① دەپ قەيت قىلىدۇ. ئابدۇلقادىر ئىنان ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم» دا: «قەدىمكى تۈرك تىلىدا ‹تەڭرى› سۆزى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان كۆك (ئاسمان) ۋە ‹ئاللا› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ»② دەيدۇ. ئۇ يەنە: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەڭرى» سۆزى هازىرقى هەرقايسى تۈركىي دىئالېكتلاردا Tangara، Tanri، Tangri، Tingri، Tengere، Tengri، Ture شەكىللىرىدە ئىپتىلىدۇ. هازىرقى شامان ئېتىقادىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوللىنىۋاتقان ‹تەڭرى› سۆزىنىڭ مەنىسى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشاش. . . يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قەدىمكى تۈرك تىلىدا، كۆك (ئاسمان، ساما) بىلەن «ئەڭ بۈيۈك روھ» نى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر سۆز ‹تەڭرى› دۇر. كۆك (كۆك رەڭ) ئۇنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ‹كۆك› سۆزىنى ‹ئاسمان› مەنىسىدە، ‹تەڭرى› سۆزىنى ‹ئاللا› مەنىسىدە چۈشىنىدۇ»③ دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «كۆك» سۆزى ئەسلىدە ماددىي مەنىدىكى «ئاسمان»، «ساما»، «كائىنات» نى بىلدۈرەتتى. كېيىن كۆك (ئاسمان) غا چوقۇنۇش ئېتىقادى تەدرىجىي هالدا ئاسماننىڭ روھىغا، يەنى كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشقا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، «تەڭرى» سۆزى ئاسمان مەنىسىدىن باشقا، ئاسمان ئىلاھىنىمۇ بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان، «تەڭرى» سۆزىنىڭ دەسلەپكى «كۆك» (ئاسمان) مەنىسىدىن «ئاسمان

---

① ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، 17 - بەت.

② ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، 1979 - يىل خەنزۇچە ئىچكى باسما. 33 - بەت. (Adbulkadir Inan: Tarihte ve Bugun Samanizm, Ankara 1972)

③ يۇقىرىقى كىتاب، 34 - بەت.

ئىلاھى» غا تەرەققىي قىلىشى، كۆك تەڭرى ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن زۇمرەتتەك كۆكۈش ئاسماننىڭ رەڭگى تەڭرىنىڭ ئىلاھىي سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان رەڭگە ئايلانغان ۋە كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى كېلىپ چىققان. خۇددى تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «كۆك ئاسمان قەدىمكى تۈركىي قوۋملارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇقەددەس نەرسىگە ئايلانغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىدا، قەھرىمانلار كۆككە قاراپ قەسەم ئىچىدۇ. كىمكى ۋەدىسىدىن يانسا كۆك (ئاسمان) نىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئاسماننىڭ رەڭگى كۆك بولغاچقا، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە كۆك رەڭنى مۇقەددەس بىلىپ، كۆك رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئېپوسلىرىدا دائىم قەھرىمانلار ‹كۆك بۆرە›، ‹كۆك جال› دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. . . ». ①

«ماناس» ئېپوسىدا، قەھرىمان ماناسنىڭ «كۆك بۆرە ماناس»، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتىلىشى؛ «ئوغۇزنامە» دە، ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلغان چاغدا يۈز - كۆزىنىڭ كۆپ - كۆك بولۇشى؛ ئورمانلىقتا ئاسماندىن بىر كۆك نۇرنىڭ چۈشۈشى بىلەن، دەرەخ كاۋىكىدا گۈزەل قىزنىڭ پەيدا بولۇشى؛ قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆك ئاسماندىنمۇ كۆكرەك بولۇشى؛ كۆك نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان كۆك يايلىلىق، كۆك تۈكلۈك ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنىغا يول باشلىشى. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەردۇر. ھازىرغىچە قۇمۇل رايونىدا ساقلىنىپ

---

① لاڭ يىڭ / رېن چىن دورجى تۈزگەن: «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 150 - بەتلەر.

كېلىۋاتقان قەدىمىيلىكى كۈچلۈك بولغان — «كۆك مەشرىپى» مۇ دەل كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكىگە باغلىنىدىغان مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن،
بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكۈم.
شاھى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل ئۆستى كۆكۈم.

كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ،
چەرۋىسىنى ئوتقا قاقلىسىلا.
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق،
بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

مېنىڭچە، «كۆك مەشرىپى» نىڭ شامان ئېتىقادىدىكى كۆك ئاسمانغا سىمۋول قىلىنغان كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن مەلۇم باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شامانىزم ئېتىقادىدىن قارىغاندا سىمۋوللۇق رەڭلەر ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئۇششاق تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن. كۆك رەڭدىن ئەسەر بەرگۈچى تەبىئەتنىڭ جىمى رەڭدار جۇلاسى ئۆچكەن قىش پەسلىدە، كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس كۆك رەڭدىكى يۇمران مايسىنى ئۆستۈرۈپ ئەيي قىلىشى ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ بېيىتلەر توقۇشى، مەشرەپ - مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى، ئەجەبا، بۈيۈك كۆك تەڭرىنىڭ بەلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى كۆك رەڭگە بولغان ئېتىقادنىڭ قالدۇقلىرىدىن دالالەت بەرمەمدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش قازاق، قىرغىز قاتارلىق چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. قازاق شائىرى

ئۆمەرغازى ئايتان ئوغلى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆك تۇس (رەڭ) قازاق تۇرمۇشىدا ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدۇ. دىنىي ۋە مىستىك (ئەپسانىۋى) جەھەتتىن ‹كۆك ئۇرسۇن›، ‹كۆك سوققۇر›، ‹كۆك ئالغۇر› دېگەندەك قارغىش سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى ‹كۆك› سۆزى خاسىيەتلىك مەنىنى، يەنى ئۇلۇغ تەڭرى ۋە مۇقەددەس كۆك رەڭنى بىلدۈرىدۇ. قازاقلاردا ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانغا كۆك قاشقا تاي سويۇلىدۇ. بالىلاردا بولىدىغان بىرخىل يۆتەل تۈرىنى ‹كۆك يۆتەل› دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆك سېپىرنىڭ سۈتى دەۋا بولىدۇ دەيدۇ... تارىختا ئۆتكەن داڭدار شەخسلەر بىلەن ئەۋلىيا، باتۇرلارغىمۇ كۆك تۇس ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، ئالتاي تۈركلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى كۆگاداي، ۋاق ئۇرۇقىنىڭ مەشھۇر باتۇرىنىڭ ئېتى — ئەر كۆكچە. ‹سالقا سامەن› داستانىدىكى ئەۋلىيانىڭ ئېتى — كۆكچە ئەۋلىيا، ‹كۆك جال›، ‹كۆك پېرىسى بار› دېگەن سۆزلەرمۇ بىكارغا ئېيتىلمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ‹كۆك جال› بۆرىنىڭ كۆك يايلىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ‹كۆك جال›، بۆرە ياكى بۆرىنىڭ كۆك يايلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھېچنېمىدىن يانمايدىغان كۆك بۆرىنىڭ ئوبرازى بار. بەلگىلىك بىر ئادەمنىڭ ئەرلىكىنى، باتۇرلۇقىنى ۋە ھېچنېمىدىن يانماس قەيسەرلىكىنى ماختىغاندا كۆكجالنىڭ ئۆزى ياكى كۆكجالنىڭ ئۇرۇقى دەپ سۈپەتلەيدۇ...»①

ئەجدادلىرىمىز يەنە «كۆك» سۆزى بىلەن سۈپەتلىنىدىغان نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرىنى ۋە باشقا خاس ئاتالغۇلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، يەر - جاي ناملىرىدىن كۆكنۇر (چىڭخەي كۆلى)، كۆكچىتاغ، كۆكيار، كۆك تۆپە، كۆك داۋان، كۆك قۇدۇق... ۋە باشقىلار؛ مىللەت ناملىرىدىن كۆك تۈرك،

---

① ئۆمەرغازى ئايتان ئوغلى: «بۆرە ۋە كۆك تۇس» — «مۇرا» ژۇرنىلى (قازاقچە)، 1986 - يىللىق 1 - سان 113 - ، 114 - بەتلەر.

كۆك مونچاق. . . قاتارلىقلار؛ ئىلاھ ناملىرىدىن كۆك تەڭرى، كۆك بۆرە. . . قاتارلىقلار؛ سۈپەت سۆزلىرىدىن كۆك بۆرەك (قورقماس)، كۆك كۆز. . . ۋاھاكازالار.

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر قەدىمدىن تارتىپلا كۆك رەڭنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مىللىي بەلگىسى قىلىپ كەلگەن. تۇغ - بايراقلىرىنىمۇ سىياھ (قېنىق كۆك) رەڭدە لاھىيىلىگەن. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە ئوخشاش قەدىمكى ئىران قەھرىمانلىق داستانىدا: «ئىران - تۇراندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ قەھرىمانلىرىنى ۋە ئوردىلىرىنىڭ سىرتىدىكى بايراقلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. مۇشۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ۋە بۈيۈك تۈرك ھۆكۈمدارى ئافراسىيابنىڭ بايرىقى سىياھ (قېنىق كۆك) رەڭدە ئىكەن. . .».[1] ھەتتا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىمۇ كۆك رەڭنى ئالاھىدە قەدىرلەپ ئىشلەتكەن. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كارۋان توپلىرى ئەڭ كۆپ كېلىدىغان قايناق بازار كوچادا كۆك رەڭ تۈرلۈك ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلغان، بۇ يەردىكى تۇرغۇنلىغان بۇددىزم رەسىملىرىدە كۆك رەڭنىڭ يېشىل رەڭگە ماسلىشىپ، باشقا ھەرقانداق رەڭلەردىنمۇ بەكرەك گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس».[2] مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ‹تۆمۈر› سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز kök tümur karu turmas دېگەن ماقالىدىمۇ كەلگەن. بۇ ‹كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ. تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ› دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلەڭ قويىدۇ - دە ‹بۇ كۆك

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1979 - يىل تۈركچە نەشرى، 2 - توم، 404 - بەت.
[2] «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، نيۇ - يورك، 1987 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 3 - توم، 564 - بەت.

كىرسۇن، قىزىل چىقسۇن، دەيدۇ. بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا، قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن»، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆك تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ». ① بۇلارنىڭ ھەممىسى شامان ئېتىقادىدىكى كۆك تەڭرىنىڭ سۈپىتى بولغان كۆك رەڭ ئاساسىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەردۇر. «تۈركىي قوۋملارنىڭ شامان ئېتىقادىدا، كۆك تەڭرى ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان ئىلاھىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا كۆك تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى شامان (قام) لار كۆك تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدۇ. قەھرىمانلارمۇ كۆك تەڭرىگە بەيئەت قىلغاندىلا، ئاندىن غەلىبىدىن غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئۇ تۇغماس ئاياللارغا پەرزەنت ئاتا قىلالايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ». ②

دېمەك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە كۆك تەڭرى ئېتىقادى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. بولۇپمۇ كۆككە ۋە كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ، تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ (刘义堂) ئەپەندى «ئوغۇزنامە» نىڭ پارچىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پارچىدا (‹ئوغۇزنامە› داستانىنى دېمەكچى) كۆپ قېتىم كۆك رەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدە تۈركلەر ئۆزلىرىنى كۆك تۈرك (kök Turk) دەپ ئاتايدۇ (‹كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى›، شەرق تەرەپ، 3 ـ قۇر). ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسمانىنى ۋە كۆك رەڭنى پەقەت بىرلا سۆز ‹كۆك› بىلەن ئاتىشىنىڭ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشى بار. چۈنكى ئۇلارنىڭ

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 468 ـ ، 469 ـ بەتلەر.
② لاڭ يىڭ، رېنچىن دورجى تۆرگىن: «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايان ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، 150 ـ ، 151 ـ بەتلەر.

ئەجدادلىرى قام يەنى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامانلارنىڭ قارىشىچە، جەننەت كۆك (ئاسمان) تە بولۇپ، ئىلاھلارمۇ شۇ يەردە تۇرىدىكەن، مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرى ئېتىقادى ئىدى. ئاسماننىڭ رەڭگى كۆك بولغاچقا، ‹كۆك› سۆزى ئەرشنى ۋە جەننەتنى بىلدۈرگەن ۋە مۇقەددەس دەپ قارالغان. شۇڭا، كۆك رەڭ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت بەلگىسى ۋە دۆلەت رېڭى بولغان. مۇقەددەس دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆك رەڭ بىلەن تەرىپلەنگەن. ‹كۆك تۈرك›، ‹كۆك بۆرە› دېگەن ناملارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. . . »①

تۈركىيىلىك مەشھۇر ئالىم، پروفېسسور، دوكتور باھاۋىدىن ئۆگەل ئۆزىنىڭ ئون توملۇق «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» ناملىق بۈيۈك ئەمگىكىنىڭ 1 - تومىدا، قەدىمكى تۈركلەردىكى ‹كۆك› ئېتىقادى ۋە كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتلىق قوۋملار ئۈچۈن كۆك ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلگەن نەرسىلىرى ئىچىدە تەبىئەتنىڭ تۈس - رېڭى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھەممە يەردە رەڭ بولاتتى، ھەرقانداق نەرسىگە رەڭ بېرەتتى، ھېچقانداق شەيئىنى رەڭسىز سۆزلىمەيتتى. رەڭلەر ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تولدۇرغان ئەڭ ئۈنۈملۈك سىمۋوللار ئىدى. . . رەڭ دۇنياسى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خىياللىرىدا ۋە قەلبلىرىدىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۈچۈن رەڭلەرنىڭ رېڭى ۋە رەڭلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلىمۇ بار ئىدى. ساما رەڭگى، يەنى ‹كۆك رەڭ›، ھەممە شەيئىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. پۈتكۈل گۈزەللىك ۋە جىمى مۇقەددەسلىك ئۇنىڭغا مەجەسسەملەشكەنىدى. تۈركلەر كۆك رەڭنى ناھايىتى سۆيەتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى.

① ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جېڭجۇڭ كىتابخانىسى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 72 - ، 73 - بەتلەر.

بۇ خىل قورقۇش ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن-دى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەرقانداق شەيئى كۆك رەڭدە ئىدى. بۇنداق گۈزەللىك تۇيغۇسىنى پۈتكۈل تۈرك ئەدەبىياتىدىن تاپقىلى بولاتتى. ئەگەردە تۈركلەر بىركىمنى 〈كۆك ساقاللىق〉 دېسە، بىلىش لازىمكى، بۇ شەخس ئۇلۇغ بىر كىشى ياكى تەڭرىنىڭ بىر ئەلچىسى ئىدى. ياشانغان، تەجرىبىلىك، يۇرتىغا كۆپ خىز-مەتلەر قىلغان كىشىلەرمۇ 〈كۆك ساقاللىق〉 دەپ تەرىپلىنەتتى». ①

كۆك رەڭ گۈزەللىكى تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ئۇيغۇر-لار تۇرمۇشىدىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر كۆپىنچە كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ. ئايال-لار كۆك رەڭلىك ياغلىق سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆيلىرىنى كۆپ ھاللاردا كۆك رەڭدە ئاقارتىدۇ...

دېمەك، رەڭ گۈزەللىكى نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆك رەڭگە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئېتىقادى ۋە ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى يۇكسەك پەللىگە يەتكەن. قەدىمىي تۈركىي قوۋملاردىكى كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش ئادىتى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە موڭغۇللارغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە موڭغۇللار تۇرمۇشىدىمۇ كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى خاسىيەتلىك دەپ بىلىش قارىشى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللارمۇ ئۇزاق مەزگىل شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، كۆك تەڭرى ۋە ئۇنىڭ ئىلاھىي سۈپىتى ھېسابلانغان كۆك رەڭگە ھۆرمەت قىلاتتى. موڭغۇلىيە ئالىمى سېبور، موڭغۇللاردىكى كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمىكى دەۋردە دۆلەت قۇرغان ۋاقىتتا، دۆلىتىگە 〈كۆك موڭغۇل

---

① باھاۋدىن ئۆگەل (تۈركىيە): «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش»، ئەنقەرە، 1991-يىل تۈركچە نەشرى، 1-توم، 57-، 59-بەتلەر. (Prof. Dr. Bahaeddin Ugel: Turk Kultur Tarihine giris, Cilt1, ss. 75 -- 95. Kultur bakan ligi Yayinlari, Ankara — 1991)

خاندانلىقى، دەپ ئىسىم قويغان. بايرىقىنى كۆك رەڭدە لاھىيە-لىگەن. ھەربىي قوشۇنىنى «كۆك تۇغلۇق قوشۇن» دەپ ئاتى-غان. خاندانلىق پايتەختىنى «كۆك شەھەر» (كۆكخوت)، خاقان ئوردىسىنى «كۆك ئوردا»، خاندانلىق تارىخىنى «كۆك بىتىگ» ياكى «كۆك تارىخ» دەپ ئاتىغان... قەدىمكى موڭغۇللار ئاسمان-نىڭ رەڭگىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەڭگۈ گۈزەل رەڭ دەپ قارىغان. ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭمۇ خۇددى مەڭگۈلۈك كۆكۈش ئاسماندەك ئەبەدىي گۈللەپ ياشنىشىنى ئۈمىد قىلىپ، «كۆك موڭغۇل خاندانلىقى» دەپ ئاتىغان». ①

يۇقىرىقى پۈتكۈل بايانلىرىمىزدىن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈر-كىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ۋە كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش ئەنئەنىسىدە، كۆك رەڭنى مۇقەددەسلەشتۈر-گەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆك تەڭرى-نىڭ سۈپىتى بولغان كۆك رەڭنى پۈتكۈل ئۇلۇغلۇق، پۈتكۈل خاسىيەتلىك ۋە پۈتكۈل گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن رەڭ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىدىغان بارلىق شەيئىلەرنى ئۇلۇغلى-غان. كۆك رەڭنى بارلىق رەڭلەرنىڭ ئۈستىگە قويغان. شۇنىڭ بىلەن كۆك رەڭ ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدا يۇكسەك ئورۇن ئىگىلىگەن.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۆرىنىڭ توتېم قىلىنىشىدىكى مۇ-ھىم بىر ئېستېتىك سەۋەب، دەل كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن باغلانسا كېرەك. چۈنكى بۆرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ياكى سىرتقى كۆرۈ-نۈشىدىن قارىغاندا، كۆزگە ھەممىدىن بەكرەك چېلىقىدىغىنى ئۇنىڭ رەڭگى ئىدى. گەرچە ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا قاراپ، بۆرىلەرنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن «بۆ-

① سىبىور (موڭغۇلىيە): «موڭغۇللار ئۇلۇغلايدىغان رەڭلەر» -- «مىللەتلەر تەرجىمە-لىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 - يىللىق 4 - سان، 52 - بەت.

رىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆكۈش كۆلرەڭ كېلىدۇ» .① بولۇپمۇ ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۆرىلەرنىڭ رەڭگى ئاساسەن سۇر (كۆك) رەڭگە مايىل كېلىدۇ. «جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشىنىڭ چوڭراق بولۇشى سەۋەبلىك، ئوخشاش بىر رايوندىكى بۆرىلەرنىڭ تۈك رەڭگىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىققان. شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمال رايونىدىكى بۆرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇر رەڭ كېلىدۇ» .② بۇنىڭدىن قارىغاندا، سۇر كۆك رەڭ بۆرىلەرنىڭ ئاساسىي رەڭگى بولۇپ، ئۇ كۆك ئاسماننىڭ رەڭگى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى داۋامىدا، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان كۆك تەڭرىنىڭ ئىلاھىي تۇسىنى، يەنى مۇقەددەس كۆك رەڭنى ھېس قىلىشقان.

دەرۋەقە، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۇلار كۆپرەك شەيئىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، رەڭگى ۋە قىياپىتىگە دىققەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تاشقى ئوبرازىدىن ئۇلارغا باھا بەرگەن. خۇددى كىچىك باللار مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن، خېلى ئۇزاقلارغىچە ئۇلاردا ئاشۇ نەرسىنىڭ غۇۋا سىماسى (سايىسى) قالغاندەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىمۇ بىرخىل قالدۇق سېزىم (eidetic) ئىقتىدارى بولغان. نەتىجىدە مۇشۇ خىل قالدۇق سېزىم ئۇلارنىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرغان. «ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ھاياتى داۋامىدا، تارىختىن ئاۋۋالقى ئىنسانلار توپىدا، ئۇندۇرمە ھالەتتىكى توتېم ئېڭى ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ تەسەۋۋۇر چەمبىرىكىنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇلار بىلەن توتېم

---

① «گرولېر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1983 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 20 ـ توم، 196 ـ بەت.

② «جۇڭگو ھايۋانلار تەزكىرىسى»، پەن نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، گۆشخور ھايۋانلار قىسمى، 8 ـ جىلد، 47 ـ بەت.

هايۋان ئوتتۇرىسىدىكى سانسىز قېتىملىق ئۇچرىشىش جەريانىدا، توتېم هايۋاننىڭ سىرتقى قىياپىتى ئۇلارنىڭ سەزگۈلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ئوبرازلىق تەسىرات قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇلار توتېم هايۋان كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ ئوبرازلىق قىياپىتىنى ئەسلىيەلىگەن ۋە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگەن. بۇ خىل قالدۇق سېزىم ئەڭ دەسلەپكى توتېم هايۋانغا بولغان تەسىراتنى پەيدا قىلغان». ①

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرىدىن ئالغان ئەڭ دەسلەپكى تەسىراتى ياكى «قالدۇق سېزىم» ى، دەل بۆرىنىڭ «كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق» ئالاھىدە سىرتقى قىياپىتى ئىدى. بۆرىنىڭ مانا مۇشۇ كۆك رەڭلىك قىياپىتى ئۇلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىنىڭ قانىتىنى يەشتى. ئۇلار كۆك تۈكلۈك بۆرىنى كۆرگەن ئاشۇ دەقىقىدە بىردىنلا ئۇلانما تەسەۋۋۇرىدا كۆك تەڭرىنىڭ سۈپىتى بولغان كۆك تۈس (رەڭ) جەۋلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەڭرىنىڭ سىيماسىنى ۋە ئىلاهىي قىياپىتىنى هېس قىلالىدى.




6 ـ رەسىم. بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئېستېتىك قۇرۇلما

① جېڭ يۈەنجې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە هازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 71 ـ بەت.

دىمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ساددا تەسەۋۋۇر، يەنى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىغان، تەقلىد قىلىش بولسا كۆۋرۈك بولغان. ئۇ بۆرە بىلەن تەڭرىنى تۇتاشتۇرغان. توينبى ( Arnold Toynbee ) ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە: «تەقلىد قىلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئومۇملاشقان بىر ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ»① دەيدۇ. دارۋىنمۇ «ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەقلىد قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ... ياۋايى كىشىلەردىمۇ شۇنداق»② دەپ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەڭرىنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى كۆك تەڭرىگە تەقلىد ياكى سىمۋول قىلىپ، تەڭرى قىياپىتىدىكى بۆرە توتېمىنى ياراتقان.




7 - رەسىم. بۆرە توتېمىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سىمۋوللۇق تەسەۋۋۇر قاتلىمى

① توينبى (ئەنگلىيە): «تارىخ تەتقىقاتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 273 - بەت.
② دارۋىن: «ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 109 - بەت.

گېرمان پەيلاسوپى گېگىل: «سىمۋولنىڭ ئىككى خىل مۇ-
قەررەر ئېلېمېنتى بولۇپ، بىرى مەنىسى، يەنە بىرى مۇشۇ
مەنىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. مەنە بىرخىل ئۇقۇم ياكى ئوبيېكت
بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئىپادىلىنىشى بىرخىل ھېسسىي مەۋجۇدلۇق ياكى ئوبرازدۇر»[1]
دەيدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆللېكتىپ يۇشۇرۇن ئې-
ڭىدا، كۆك تەڭرىنىڭ سۈپىتى بولغان كۆك رەڭ ۋە ئۇنىڭ
مىسلىسىز خاسىيىتى چوڭقۇر دەرىجىدە جۇغلانغان بولۇپ، ھەر
زامان ئىپادىلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى «ئاتلىق تۈركلەر-
نىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بۈيۈك شەيئى دەل كۆكنىڭ چەك-
سىزلىكى ۋە تىنىقلىقى ئىدى. قەلبىنى ۋە كۆزلىرىنى تالدۇرغان-
مۇ كۆكنىڭ زۇمرەتتەك تىنىقلىقى ئىچىدە جەۋلان قىلىپ تۇرغان
تاغ - دالىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ۋە قەلبىدە بۇلاردىنمۇ
گۈزەل ۋە بۇلاردىنمۇ ئۇلۇغ شەيئىلەر يوق ئىدى، پۈتۈن كۈچلەر
ۋە پۈتۈن گۈزەللىكلەر كۆكتە توپلانغانىدى. كۆكنىڭ پارچىسى
يوق ئىدى. ئۇ بىرخىل رەڭلىكى ۋە تىنىقلىقى بىلەن بىر پۈتۈن-
لۈك ھاسىل قىلغانىدى. جىمى مۇقەددەسلىك ۋە گۈزەللىك
كۆكتە ئىدى. شۇڭا، تۈركلەرنىڭ تەڭرىسىمۇ كۆكتەك ئۇلۇغ،
كۆك (ئاسمان) غا ئوخشاش تەنھا ئىدى...»[2]. ئۇلار كۆك
تەڭرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغلىقىنى ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ نەقەدەر
گۈزەل، نەقەدەر يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتى ۋە
ئۇنىڭدىن ھەم قورقۇپ، ھەم زوق ئېلىشاتتى بىرچاغدا، تۇيۇق-
سىز تەڭرى سۈپەت بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ قالدى. بۇ مەخلۇق
«كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق» بۆرە ئىدى! ئۇلار بۆرىنىڭ
سىرتقى قىياپىتىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلاھىي «كۆك رەڭ» لىك

---

① گېگىل (گېرمانىيە): «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 10 - بەت.

② باھاۋىدىن ئۆگەل (تۈركىيە): «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش»، 1 - توم، 68 بەت.

ئوبرازىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى. . . چۈنكى ئۇلار يەر يۈزى-
دىن ئۆزلىرىگە بىر مەنىۋى تۈۋرۈك ئىزدەۋاتقاندا، بۆرىنىڭ
ۋۇجۇدىدىن تەڭرىلىك سىمۋولىغا ئېرىشكەنىدى. خۇددى گېرمان
ئالىمى ئېرنېست كاسىرر ئېيتقاندەك: «گەرچە توتېم هايۋان مۇ-
قەددەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئۇنىڭ سىمۋ
ولىلۇق تۇسىگە سىڭىشتۇرغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرات-
تى. . .»①

خەنزۇ مەنبەلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان مۇنداق بىر ئەپسانە
بىزنىڭ پىكرىمىزنى تېخىمۇ دەلىللەيدۇ: «هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ
بىكەسى ئىككى قىز تۇغقان. قىزلار ناهايىتى چىرايلىق بولغاچقا،
كىشىلەر بۇ قىزلارنى ‹پەرىزات› دېيىشكەن. هۇن تەڭرىقۇتى:
‹قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جۈرە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار
تەڭرى بىلەن جۈرىلەشسە بولىدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى-
قۇت شىمالدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر جايغا تاملىرى ئېگىز
بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ هەم قىزلىرىنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ:
‹قىزلىرىمنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن› دەپتۇ. . . كېيىن قورغان ئەتراپىغا بىر ئەركەك بۆرە
پەيدا بولۇپ، قورغاننى ياقىلاپ هۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان
تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە
كەتمەپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا:
‹دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بى-
لەن بىرگە بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەن-
دە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاهىي مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپى-
تىدە كەلگەن تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر› دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ
بۆرىگە جۈرە بولماقچى بوپتۇ. بۇ ئىشنى ئاچىسى توسقان بولسى-
مۇ، لېكىن سىڭلىسى قۇلاق سالماي، قورغاندىن چىقىپ بۆرە

---

① «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلمىسى»، جېجىياڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 206 ـ بەت.

بىلەن جۈرە بولۇشۇپتۇ. . . »[1] مۇشۇ ئەپسانىدىن قارىغاندا، بۆرە تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ياكى تەڭرى سۈپەت مەخلۇق سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە تەڭرى بىلەن بۆرىنىڭ ئاللىقاچان بىرلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، كۆك تەڭرىنىڭ مۇقەددەس سۈپىتىگە بۆرىدىنمۇ مۇۋاپىقراق سىمۋول يوق ئىدى. . . خۇددى گېرمانىيە ئېستېتىكا ئالىمى ماكس دېسو ئېيتقاندەك: «ئىپتىدائىي گۈزەللىك مۇھىمى ئوبيېكت بىلەن شەكىلنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھېس قىلىنغان خۇشاللىق ۋە ئۇنىڭ رەڭ (تۈس) بىلەن بىرلەشكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ». [2] قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۆرىنىڭ تەڭرى سۈپەتلىكىدىن چەكسىز خۇشاللىق ۋە تەسەللىي ھېس قىلغان. باھاۋىدىن ئۆگەل ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «تۈركلەر، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بۆرە دېسە، بىلىش لازىمكى، بۇ تەڭرىنىڭ ئەلچىسىدۇر. چۈنكى، ئۇ تەڭرىنىڭ رەڭگى بولغان كۆك تۈسكە ئورالغان». [3]

دېمەك، يۇقىرىقى قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، بۆرىنىڭ تۇتېم قىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر ئېستېتىك ئاساس دەل ئىپتىدائىي سىمۋولىزمدۇر. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسىنى ئىزدەش داۋامىدا، جىمى ئۇلۇغلۇق مۇجەسسەملەنگەن كۆك تەڭرىنىڭ سىرلىق قىياپىتى ۋە چەكسىز گۈزەللىكىنى كۆك بۆرىنىڭ ئوبرازىدىن ۋە كۆكۈش رەڭگە ئورالغان ۋۇجۇدىدىن كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز كۆك تەڭرىنى بۆرە بىلەن بىرلەشتۇرگەن ۋە بۆرىنىڭ كۆك رەڭلىك ئوبرازىنى كۆك تەڭرىگە سىمۋول قىلغان. خۇددى ئامېرىكا ئالىمى فرانس بوئاس ئېيتقاندەك: «ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا، گۈزەللىك مەقسىدى بىر-

① «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى».
② ماكس دېسو (گېرمانىيە): «ئېستېتىكا ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 260 ـ بەت.
③ باھاۋىدىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» 1 ـ توم، 59 ـ بەت.

لەن سىمۋوللۇق مەنە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن».[1] ئىپتىدائىي ئىستېتىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، رەڭمۇ كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ رەڭ مايىللىقى بولىدۇ. مەلۇم بىرخىل رەڭنىڭ كىشىلەردە قانداق ھېسسىيات قوزغىتالىشى، ئاشۇ كىشىلەر ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ باغلىق بولىدۇ. مەشھۇر ئىستېتىكا ئالىمى رۇدلۇف ئارنخېئىم (Rudlof Arnheim) مۇ مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ: «رەڭگە بولغان ھەۋەس بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ».[2] رۇس رەسسامى روبىن «رەڭ ئىدىيە دېمەكتۇر» دەيدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ كۆك رەڭنى ياخشى كۆرۈشى، زۇمرەتتەك دېڭىز بىلەن كۆكۈش ئاسماننىڭ بىپايان ۋە چەكسىز بولۇشى، تىنىق ۋە جىمجىتلىقى شۇنداقلا كىشىگە بىرخىل ئۈلۈغۋار ھېسسىيات بەخش ئېتەلىگەنلىكىدە بولسا كېرەك.[3] كۆك رەڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقان ۋە ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئاساسچىسى كارل يۇنگ: «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ھەممە نەرسىگە ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېلېمېنتلىرى رەڭ بەرگەن بولىدۇ ياكى تېخىمۇ توغرىسى، ئىنسانلار مەنىۋى دۇنياسىدىكى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا ئاتالمىش شەخسىي مەنىۋى تۇرمۇش مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس»[4]

[1] فرانس بوئاس (ئامېرىكا): «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ۋە ھېسسىياتى»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى شىركىتى، 1989 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 126 ـ بەت.

[2] رۇدلۇف ئارنخېئىم (ئامېرىكا): «سەنئەت ۋە كۆرۈش سېزىمى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 474 ـ بەت.

[3] خې ششياڭ: «كۆك رەڭ گۈزەللىكى» — «ساغلاملىق ۋە گۈزەللىك» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1993 ـ يىللىق 5 ـ سان، 6 ـ بەت.

[4] كارل يۇنگ (شۋېتسارىيە): «روھنى ئىزدەۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 137 ـ بەت.

دەپ كۆرسىتىدۇ. كۆك رەڭنىڭ ئۇلۇغلىنىشىمۇ ئەجدادلىرىمىز-نىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئورتاق روھىي ھالەت بو-لۇپ، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى تېزلا بۆرىنى تەڭرىلىك ئورنىغا ئېلىپ چىققان.

2. يۈكسەكلىك: مىللىي پسىخىكا ۋە بۆرە

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، قورقۇمسىز ۋەھشى يىرتقۇچنى ئۆز-لىرىگە ئەڭ ئالىي توتېم قىلىپ تاللىدى؟ ھەرۋاقىت يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەھدىدى ئاستىدا، قاتتىق ۋەھىمە ھېس قىلىپ ياشاۋاتقان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز نېمىشقا ئۆزلىرىگە پايدا يەتكۈ-زىۋاتقان يۇۋاش ئۆي ھايۋانلىرىنى توتېم قىلماي، يىرتقۇچ بۆرى-نى توتېم قىلىدۇ؟ . . .

دەرۋەقە، بۇنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبلىرى بار. ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە خەلقنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك (گۈزەللىك) تۇيغۇسى ۋە ئىستىكى يانداشقان بولىدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك تۇيغۇ ئۆز نۆۋى-تىدە يەنە شۇ خەلقنىڭ پسىخىك خاراكتېرى ۋە مىجەز - خۇلقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە ياراتقان بارلىق مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭ-سىز يوسۇندا گۈزەللىك قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

بۆرە توتېمىنىڭ ماھىيىتى ۋە كېلىپ چىقىشىنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش بىر قىيىن مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئىختىيارسىز يوسۇندا بۆرە توتېمىنىڭ يۈك-سەكلىك گۈزەللىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنى كۆرسىتىش كې-رەككى، قەدىمدە شىمالدا ياشىغان ئات ئۈستىدىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدا يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ناھا-يىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان، شۇڭا، بىز يۈكسەكلىك گۈزەللىكى-

نى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىستىپتىك قارىشىدىكى ئەڭ يۇ-
قىرى دەرىجىلىك شەكىل دەپ قارايمىز.

يۇكسەكلىك گۈزەللىكنىڭ شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەردە، شۇنچە مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى ئۆزىگە يارىشا گۈزەللىك شەكلىنى — يۇكسەكلىكنى تەلەپ قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئۇلار ئۇزاق تارىخ جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مىللىي پسىخىكىسى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. قەدىمكى يۇنان-لىقلارنىڭ تراگېدىيىلىك گۈزەللىككە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىمچى خەلق — خەنزۇلارنىڭ نەپىسلىك گۈزەللىككە بەكرەك ئېتىبار بېرىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

كەڭرى تەبىئەت، مۇرەككەپ جۇغراپىيىۋى مۇھىت، ئۆز-گىرىشچان ھاۋا كىلىماتى ھەم شۇنىڭدەك كۆچمەن يايلاق ھاياتى، شىمالدىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت كۆچمەن ياي-لاق خەلقلىرىدىلا بولىدىغان ئۆزگىچە پسىخىك خاراكتېرىنى يا-راتقان. ئۇلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، تەبىئەتتىن ھاياتلىق ئىمكانىيىتى ئىزدىگەن. بەزىدە قۇيۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرىغا تايىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى مۇقىم فېئوداللىق تۇرمۇشقا كۆچكەن تېرىمچى خەلقلەرگە تەھدىت سېلىپ، ئۆز ھاياتىنى زۆرۈر بولغان ماددي بۇيۇملار بىلەن كاپالەتلەندۇرۇشكە مەجبۇر بولغان. شۇڭا، يىراق قەدىمكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بىرخىلدا ھايات كەچۈرى-دىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرى ئۈچۈن چۈس، قىزىق قان، قارام، ياۋايى ۋە ۋەھشىي بولۇپ تۇيۇلغان.

خۇددى خەنزۇ مەنبەلىرىدە: «مۇقىم ئولتۇراق جايى يوق، ئوت - چۆپ ۋە سۇ مەنبەلىرىگە ئەگىشىپ تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرىدۇ. كىشىلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋەھشىي، ئات مىنىپ ئوقيا

ئېتىشقا ماھىر ۋە قارام كېلىدۇ...»،① «كىشىلىرى كۆچتۇڭگۇر، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، بۇلاپ - تالاشنى ياخشى كۆرىدۇ...»② دەپ ئېيتىلغاندەك، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى كۆچلۈكلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە غالىپلارنىڭ خاراكتېرى ئىدى.

ئىنسانىيەت تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭمۇ ئەكس - تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئادەم شارائىتنى يارىتىدۇ. ئوخشاشلا شارائىتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ».③ شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا، شىمالدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكى، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈركىي قوۋملارنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ھاۋا رايى ئىقلىمى، كۆپ قىرلىق يەر تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئات ئۈستىدىكى تۇرمۇش يېتىلدۈرگەن ئۆزىگە خاس مىجەز خاراكتېرىنى ھەرگىزمۇ شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ نەم، ئىللىق، ھۆل - يېغىنى كۆپ ئىقلىم شارائىتىدا مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تېرىمچى خەلقلەر ياكى ھىندى - گانگ دەريا ۋادىلىرى، مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى تروپىك، سۇبتروپىك بەلباغلاردا مۇقىم ئېكىن تۇرمۇشى كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.④

ۋاڭ سياۋخۇا ئەپەندى خەنزۇ مىللىتىنىڭ گۈزەللىك پىسخىكىسىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىنى شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئېھتىمال دەسلەپتىلا مەلۇم دەرىجىدە يوشۇرۇن ھالدا بەلگىلەپ بولۇشى مۇم-

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى. ئېلىلار ھەققىدە قىسسە» 99 - جىلد.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

③ «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 470 - بەت.

④ ئەسەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» - «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 2 - سان، 28 - ، 29 - بەتلەر.

كىن. خۇددى شۇنىڭدەك، مۆتىدىل ئىقلىم، نورمال ھۆل - يېغىن، تۇتاش كەتكەن دۆڭلۈك ئېدىرلىقلار ۋە بىپايان تۈزلەڭلىكلەر، ئۆز ئېھتىياجىمىزنى ئۆز زېمىنىمىزنىڭ بايلىقلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشتەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسى مۆتىدىل بەلباغنىڭ دەريا - ئېقىن بويلىرىغا جايلاشقان بىزدەك تېرىمچى مىللەتكە ئاستا - ئاستا تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ مۇلايىم، ساددا، قانائەتچان، زىل ۋە تار مىجەز - خاراكتېرىنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا، مىللىتىمىزنىڭ تۇيغۇ سېزىمى زامان - زامانلاردىن بۇيان گاھ قىزىپ، گاھ سوۋۇپ تۇرىدىغان، قۇرغاقچىلىق بىلەن ھۆل - يېغىن قەرەلسىز بولۇپ تۇرىدىغان ئىنتايىن ناچار كېلىماتنىڭ ئازابىنى چېكىپ كەلگەن، پايانسىز ھەم دەھشەتلىك دەريا - دېڭىزلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان ۋە شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كەلگەن، ياقا يۇرتلارغا كۆچۈش، دېڭىز - ئوكيان كېچىش ۋە يىراقلارغا سەپەر قىلىش ئىستەكلىرىنىڭ مەجبۇرلىشىغا ۋە قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان غەرب مىللەتلىرىدەك قەيسەر - جاسارەتلىك، جانلىق - تېتىك ۋە تەۋەككۈلچى ئەمەس». ① بۇ مىللەت، غەرب مىللەتلىرىدەك يۈرەكنى ئېزىدىغان تراگېدىيىلەردىن ۋە ئاجايىپ يۈكسەك گۈزەللىكتىن زوقلىنىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ نەپىسرەك تراگېدىيە ئېستېتىكىسىغا، تېخىمۇ سىلىقراق غىدىقلاشقا ھەم «ئازاب» قا بەكرەك ھەۋەس قىلىدۇ. ②

دېمەك، خەنزۇ مىللىتى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى شەكىللەندۈرگەن ئۆزىگە خاس پسىخىك خاراكتېرىگە ئاساسەن، يىلاندىن ئىبارەت بۇ ھەم گۈزەل، ھەم نازاكەتلىك، ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم سۆيۈملۈك، ھەم ئەگرى، ھەم ئۇزۇن مەخلۇقنى

① ② ۋاڭ شياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 - سان، 61 - بەت.

ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇر تۇمانلىرى بىلەن سىرلىقلاشتۇرغان ۋە ئەجدىھا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، توتېم قىلغان.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خاراكتېرى ۋە پسىخىك خاسلىقى بۇنداق غايىۋى نەپىسلىكنى، زىل - نازاكەتلىكنى، ھەم شېرىن، ھەم يوشۇرۇن، ھەم پىنھان ھەۋەسلەرنى خالىمايتتى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئىستەكلىرى شېرىن ئازابتا ئەمەس، بەلكى ئەسەبىيلەرچە خىرىستا؛ تالىپلارچە سۇكۇتتە ئەمەس، بەلكى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدە؛ پىنھان ھەۋەس ۋە غايىۋى ئىشتىياقلاردا ئەمەس، بەلكى قەھرلىك غەزەپتە؛ رايىشلىق ۋە مۇلايىملىقتا ئەمەس، بەلكى قىرچاپ ۋە قاراملىقتا ئەكس ئېتەتتى. شۇڭا، غايىۋى ئەجدىھاغا ئىلاھلىق تونىنى كىيدۈرۈپ قويۇش، ئۇلارنىڭ قىزىققان تەسەۋۋۇرىغا مۇتلەق سىغمايتتى...

خۇددى تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس لىيۇ يىتاڭ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۇيغۇرلار خاراكتېر جەھەتتىن چاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەت ئىدى. ئۇمۇمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قورقۇمسىز ۋە خاراكتېرى ۋەھشىي كېلىدۇ». ① «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم ئىپتىدائىي قوشاقلاردىنمۇ بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسۇر خاراكتېرىنى كۆرۈۋالالايمىز:

قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم.
باتۇرلار كاللىسىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار. ②

① لىيۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 214 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 169 - بەت.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىراپ،
پەريات چېكىپ چىرقىراپ
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر[1]

مەھمۇد قەشقەرى يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قوۋمگە غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن...» [2] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن تۈركىي قوۋملارنىڭ قەدىمدە ئۇرۇشخۇمار، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، چۈس ھەم قاتتىق مىجەزلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدا Turk سۆزى، تۈركىي خەلقلەرنى بىلدۈرگەندىن سىرت، يەنە «قانخور، ۋەھشىي ۋە قارام» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرەتتى.[3] بۇنىڭدىن تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپالىقلارغىمۇ ئۆزلىرىنىڭ چۈس، قارام ۋە قورقماس خاراكتېرى بىلەن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ۋەھىمىلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

دېمەك، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى ئات ئۈستىدىكى مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ خاراكتېرى — كۈچلۈكلەر ۋە غالىپلار خاراكتېرى ئىدى. ئۇلاردىكى كىشىلىك پسىخىكا ۋە ئېستېتىك تۇيغۇمۇ دەل يۈكسەكلىك، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسى ئىدى. «بۆرىدىن تۇغۇلغان ئاشىنا ئۇرۇقى ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىدىن سەلتەنەت تەختىگە، زاۋاللىقتىن گۈللىنىشكە ئېلىپ چىققانىدى. بۆرىنىڭ روھى ئۇ-

① ② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 254 -، 456 - بەتلەر.
③ «ئىنگلىزچە - خەنزۇچە يېڭى لۇغەت»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1991 - يىل، 16 - قېتىملىق نەشرى، 1506 - بەت.

لارغا كۈچ ۋە ئەرلىك جاسارەت بەخش ئەتكەنىدى. بۆرىگە توقۇلغان مەدھىيىمۇ دەل تۈركلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئىككى خىل خاسلىقى — كۆكچىچەك ۋە قىلىچقا يېغىشلانغان شەجەرە ئىدى. . . تۈركلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى غالىپلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ئىدى. تۈركلەرنىڭ ئېڭى غالىپلارنىڭ ئېڭى ئىدى. بۇ خىل ئوتتەك چاقناپ تۇرغان روھنى ئۇلار بۆرە ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغانىدى. . . »① بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ بۆرىدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە، غالىپلىققا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. چۈنكى «بۆرە قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەربىي جەڭگىۋارلىقىنى ئەڭ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ باتۇر، ئۇرۇش خۇمار، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خاراكتېرىگە باب كېلىدۇ. ئۇلار ۋەھشىي ھايۋانلار كۈچ - قۇدرەتنىڭ ۋە باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئەينى دەۋردە ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان ھېسابلانغان بۆرىگە باغلاشنى ئىپتىخار ھېس قىلغان».②

ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك ئېڭىدا يۈكسەكلىك ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان. چۈنكى يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن ئۇلۇغلۇق، كۈچ - قۇدرەت ۋە چەكسىزلىك سېزىمى ئارقىلىق كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگەن. كانت: «بىز دەۋاتقان ئاتالمىش يۈكسەكلىك، بارلىق ئۇلۇغ شەيئىلەردۇر»③ دەيدۇ. ئېستېتىكا ئالىمى بوك (Bock) مۇ: «يۈكسەكلىك تۇيغۇسى كۈچ - قۇدرەت، زورلۇق، ئازاب ۋە ۋەھىمە ئۇقۇملىرىنى كىشىلەر قەلبىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن

① شۆزۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 753 - بەت.

② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش» - «مىراس ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 1 - سان، 68 - بەت.

③ كانت (گېرمانىيە): «ھۆكۈم كۈچىگە تەنقىد»، سودا نەشرىياتى، 1964 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 87 - بەت.

هېس قىلىنىدىغان يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىدە، پادىشاھنىڭ يۈكسەكلىكىمۇ ئۇنىڭ سۈر - ھەيۋىتىدە»[①] دەيدۇ. دېمىسىمۇ، يۈكسەكلىك ئالدى بىلەن كىشىدە بىرخىل قورقۇنچ ھەۋەس ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئورۇن بېرىدۇ. گېگېل: «يۈكسەكلىك ئادەتتە بىرخىل ئىپادىلەشتىكى چەكسىز ئۇرۇنۇشتۇر»[②] دەيدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئىپادىلەش ۋە ئۆزلىرىدىكى ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچنى جۇلالاندۇرۇش ئىستىكىدە تىرىشۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى كۆرۈپ قالغان - دە، بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىزىققان، قارام خاراكتېرى ئۇچۇن بۆرىدىنمۇ مۇۋاپىقراق سىمۋول يوق ئىدى. شۇڭا: «تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش خۇمار، باتۇر ۋە جاسارەتلىك خاراكتېرى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ مەدھىيىلەنگەن ھايۋان ئوبيېكتلىرى كۆپىنچە بۆرە، بۈركۈت قاتارلىق يىرتقۇچلار ئىدى. بۆرە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ نەزىرىدە بىرخىل رەزىل مەخلۇق بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي قوۋملارنىڭ نەزىرىدە، باتۇرلۇقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ ئوبرازى ئىدى»[③].

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىكى چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتنى ۋە «تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار»نى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلغان. ئۆزلىرىنىڭمۇ بۆرىدەك بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۆرە بىلەن ئۆزلىرىنىڭ چۈس خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورتاقلىقنى بايقىغان. نەتىجىدە بۆرە بىر خىل يىرتقۇچلۇق ئوبيېكتىدىن گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلانغان.

---

① بوك: «يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك» ـ «غەربنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن تېزىسلار»، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 1957 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 203-، 204 - بەتلەر.
② گېگېل: «ئېستېتىكا»، 2 - توم، 79 - بەت.
③ شۈ زوڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، 752 -، 753 - بەتلەر.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخان تۇغۇلغان ۋاقىتتا: «پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بولغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. . . »① دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. «ماناس» داستانىدا، ماناسنىڭ ئانىسى ئېيىق، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچلارنىڭ يۈرىكىگە سىزىك بولۇپ، ماناس باتۇرنى تۇغىدۇ. كېيىن ماناس «كۆك بۆرە ماناس» ، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتىلىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا: «تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىدى» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر «مەدھىيە شېئىرى» دا:

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن يۈرەي.
قاراقۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي.②

دېگەن ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» دە، ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

2310. سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
2311. توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.③

قازاق تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ ئالپامىش ئوغلى، قازاق ئېپوسلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «قازاق ئېپوسلىرىدا باتۇرلارغا سىمۋول قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ھايۋانلار ئىچىدە بۆرە كۆپ ئۇچرايدۇ. باتۇرلارغا بۆرىنى سىمۋول قىلىشنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرى، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ توتېمغا چوقۇنۇشىنىڭ قالدۇ-

---

① «ئوغۇزنامە»، 41 - بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 300 - بەت.
③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 499 - 500 - بەت.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخان تۇغۇلغان ۋاقىتتا: «پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بولغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. . . »① دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. «ماناس» داستانىدا، ماناسنىڭ ئانىسى ئېيىق، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچلارنىڭ يۈرىكىگە سىزىك بولۇپ، ماناس باتۇرنى تۇغىدۇ. كېيىن ماناس «كۆك بۆرە ماناس»، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتىلىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا: «تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىدى» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر «مەدھىيە شېئىرى» دا:

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن يۈرەي.
قاراقۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي.②

دېگەن ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» دە، ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

2310. سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
2311. توڭغۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.③

قازاق تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ ئالپامىش ئوغلى، قازاق ئېپوسلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «قازاق ئېپوسلىرىدا باتۇرلارغا سىمۋول قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ھايۋانلار ئىچىدە بۆرە كۆپ ئۇچرايدۇ. باتۇرلارغا بۆرىنى سىمۋول قىلىشنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرى، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ توتېمغا چوقۇنۇشىنىڭ قالدۇ-

① «ئوغۇزنامە»، 41 - بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 300 - بەت.
③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 499 - 500 - بەت.

قى؛ يەنە بىرى، بۆرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋر- لەردىكى كىشىلەرگە بەرگەن ئىستېتىك سېزىمىدۇر». ①

بۆرە خاراكتېر جەھەتتىن ۋەھشىي، ھېچنېمىدىن يانمايدى- غان يىرتقۇچ ھايۋان. جىسمانىي جەھەتتىن بولسا كۈچلۈك، سەزگۈر، يۈگرۈك ۋە ئىنچىكە - چىرايلىق ھايۋان. خۇددى فرانسىيە ئالىمى ئاندرى گورخان ئېيتقاندەك: «يىرتقۇچ ھايۋان- لارنىڭ ئۆتكۈر چىش - تىرناقلىرى ھەمدە ئۇچار قۇشلارنىڭ چىرايلىــق تــۈك - پەيلىرىمۇ كىشىلەردە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغىتالايدۇ». ② ئەنگلىيە ئالىمى ۋىلىيام خېكاسمۇ: «ھەربىر تۈردىكى ھايۋانلار ئىچىدە، ئەڭ گۈزەل دەپ ھېس قىلىنىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت ئىقتىدارى ئەڭ ياخشى ھايۋانلاردۇر» ③ دەيدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن قانچىلىك سۆيۈنسە ۋە بىرخىل يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ھېس قىلسا، يەنە بۆرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، كۆكۈش تۈكلىرى، چەبدەس ھەرىكەتلىرى، ھەرقانداق شەپىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇرغان قۇلاقلىرى، دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى ۋە خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىدىن شۇنچىلىك گۈزەللىك ھېس قىلغان.

دېمەك، ئۇلار يىراق قەدىمكى زاماننىڭ ۋەھىمىلىك تۈنلىرى- دە ئۆزلىرىگە مەدەت، تەسەللى ۋە ئىلھام بېرەلەيدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك ياكى يىلتىز (ئەجداد) ئىزدەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بۆرىنى ئۇچرىتىپ قالغان - دە، چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلار بۆرىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز ئىن- سان ماھىيەتلىك كۈچىنى كۆرگەن. بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلى-

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى (قازاقچە)، 1990 - يىللىق 1 - سان، 67 - بەت.

② ئاندرى لېۋۇئى گورخان (فرانسىيە): «سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» - «غەربنىڭ ھازىرقى زامان سەنئەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 468 - بەت.

③ ۋىلىيام خېكاس (ئەنگلىيە): «گۈزەللىك تەھلىلى»، خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىيا- تى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 71 - بەت.

رىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرگەن. ئۇلار ئۇچۇن بۆرە بىرخىل چەكسىزلىك ئىدى. خۇددى گېگىل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «دېڭىز بىزگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. ئىنسان دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ، ئاشۇ چەكلىك مەۋجۇتلۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدۇ.»[1] شۇڭا، ئۇلار بۆرىنىڭ چەكسىز يۈكسەكلىكى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى چەكسىز كۈچىنى ھېس قىلغان. بۇ خىل مەنىۋى تەسەللى ئۇلارنىڭ بۆرىنى توتېم تاللىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى غايىۋى ئەجدىھانىڭ خەنزۇ مىللىتىگە بەرگەن سىھرىي گۈزەللىكى دەل ئۇنىڭ «ساداقەتمەنلىكى، مەجنۇنلىقى، نازاكىتى، گۈزەللىكى بىلەن زەھەرخەندىلىكى، رەزىللىكى، شەھۋانىيلىقى ۋە ۋەھىمىلىكلىكى»[2] ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق ‹نۇقتا› دا ئىپادىلەنگەندەك، كۆك بۆرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە بەرگەن يۈكسەكلىك گۈزەللىكىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى، باتۇرلىقى، كۈچلۈكلىكى ۋە خىرىسمەنلىكى بىلەن ۋەھشىيلىكى، قورقۇنچلۇقلىقى ۋە تەخىرسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق ‹نۇقتا› غا مەركەزلەشكەن.

3. مەنىپەئەتدارلىق: يىلتىز (مەنبە) ۋە بۆرە

شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سادda دۇنيا قارىشىدا، ماددىي مەنپەئەتدارلىق ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ئۆزىنى خەۋپ - خەتەردىن ساقلاش، ھاياتىنى زۆرۈر بولغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە تېخىمۇ كۆپ يېمەك-

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1956 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 134 - بەت.
② ۋاڭ شىياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» - «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 - سان، 61 - بەت.

لىكلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتەك مەنپەئەتدارلىق ئىستىكى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئىنسان تەبىـ ئىتى ياكى ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى كۈچلۈك مەنپەئەتدارلىققا ۋە شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسىغا مايىل كېلىدۇ. شۇڭا، ئىپتىداـ ئىي ئىنسانلاردا مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسى باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان. چۈنكى ماددىي ئېھتىياج تولۇق قانمىغان ۋە كاپالەتكە ئىگە بولمىغان شارائىتتا مەنىۋى ۋە روھىي ئېھتىياجدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىـ تىپ ئۆتكەندەك: «كىشىلەر ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم كېچەك ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇلار شۇندىلا ئاندىن سىياسىي، ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە دىن بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ». ①

ھەممىگە مەلۇمكى، شىمالدا ياشىغان ئاتلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ناچار جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئىنتايىن قىيىن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش مەھسۇلاتلىرىنى پەقەت تەبىئەت دۇنياسى، تېخىمۇ توغرىسى ھايۋانات دۇنياسىدىنلا ئالاـ لايتتى. ئەينى ۋاقىتلاردا شىمالنىڭ كەڭرى يايلاق - داللىرىدا بۆرە تىپىدىكى گۆشخور ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىز بىلەن تىركىشىپ ياشاشتەك ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان. ئەجدادلىرىمىز توپ - توپ بولۇشۇپ، بەزى زۆرۈر بولغان ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياۋايى ھايۋانـ لارنى ئوۋلاشقا ۋە تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان. بۆرىنىڭ تېرىسى، چىشى، گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار مانا مۇشۇ ئىقتىسادىي قىممەتنى قوغلىشىش جەريانىدا بۆرىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنىڭ ئىنسانلارغا

① ئېنگېلس: «ماركس قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن سۆز» - «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 574 - بەت.

نىسبەتەن دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۆرە تىرىسىنىڭ ئوت ئىسسىق بولۇشتەك سەۋەبلىك ئۇنىڭ تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى ئاسانلاشتۇرىدىغانلىقىنى، سۇتى ئۈزۈلۈپ قالغان چىشى چارۋىلارنىڭ يېلىنى (ئەمچىكى) غا بۆرە تۇمشۇقىنىڭ تۈكىنى سۈرتسە، سۇتى كېلىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردىكى پايدىلىق جايلىرىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارا - بارا بۆرىنىڭ يىرتقۇچلىقىدىن باشقا يەنە ئىنسانلارغا پايدىلىق تەرەپلىرىنىمۇ بايقاپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىرخىل ياخشى ھېسسىياتتا بولۇشقا باشلىغان.

پىلىخانوف كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئادەم ئەڭ دەسلەپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېستېتىك نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ».① شۇڭا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ماددىي ئېھتىياج تەرىپىدىن ئۇرۇلغان ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىقنىڭ تامغىلىرى بېسىلغان. ئۇلار دەسلەپ مۇشۇ تامغا ئاستىدىنلا شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىكىگە باھا بەرگەن.

بىراق، گۈزەللىكنىڭ مەنپەئەتدارلىق ئالاھىدىلىكىدە، ماددىي مەنپەئەتدارلىق ناھايىتى كىچىك بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىخ ھالىتىدە تۇرغان گۈزەللىك تۇيغۇسىدا، ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىق قارىشى نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى مەنىۋى جەھەتتىكى مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسى ئىگىلىگەن.

يىراق قەدىمكى زاماندا، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئالىمىدە ئەجدادى، مەنبەسى ۋە يىلتىزى بولمىسا، ئۇلار تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولاتتى. خۇددى ئەنگلىيە ئالىمى ماكس مۈللېر ئېيتقاندەك: «ھەربىر مىللەت، ھەربىر ئۇرۇق ۋە ھەر-

① پىلىخانوف: «ئادرېسسىز خەتلەر» - «پىلىخانوف پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 395 - بەت.

بىر جەمەتنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ئۆز ئەجدادىغا ئېھتىياجى چۈشەتتى» .[1]چۈنكى ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئاشۇ تۇراقسىز زاماندا، ئۆزلىرىگە ھەقىقىي مەدەت بېرەلەيدىغان بىر روھىي كۈچكە تولىمۇ تەشنا ئىدى. ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇۋاتقان، «زامان زورنىڭ» بولۇۋاتقان ئاشۇ ئۇزۇن يىللاردا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك بىر غايىۋى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىنى، روھىي جەھەتتىن غالىپلارچە ياشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەجداد، يەنى يىلتىز ئىزدەش دەل مۇشۇ خىل ئىستەكنىڭ يادروسى ئىدى. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ سىرتقى دۇنيانى ئىزدەش ۋە چۈشىنىش تارىخىنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئۆزىنى ئىزدەش روھىمۇ يوشۇرۇنغان. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە: «ئۈستىمىزدىكى كۆك تەڭرى بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسان بالىسى پەيدا بولغانىكەن. . . »[2] دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. بۇ تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرى بىلەن ئۆز ئەجدادىنىڭ تەڭلا پەيدا بولغانلىقىنى شەرھلىگەن قەدىمكى خاتىرىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ بىر ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەھىمە، قورقۇنچ ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ كۆلەمدە ئەجداد ۋە يىلتىزنى ئىزدەشكە كىرىشكەن. مۇشۇنداق چاغدا ئۇلار تۇيۇقسىزلا چۆللەردە ۋە يايلاق - دالىلاردا تاشلىنىپ قالغان ئادەم بالىلىرىنى بۆرىلەرنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى، ۋە ئۆز سۈتى بىلەن بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان (قەدىمكى زاماندا شىمالدا ئۇرۇش - جېدەل كۆپ بولغانلىقتىن كىچىك بالىلارنىڭ تاشلىنىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆپ

① ماكس مۇللېر: «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 32 - بەت.
② «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ 1 - قۇر.

بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرە يايلاق - داللاردىكى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يىرتقۇچ هايۋان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاشلاندۇق باللىرىنى بېقىۋېلىشىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ئىشلار ئىدى) . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. بۆرىنىڭ ئىنسان بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى ئۇلارغا مىسلىسىز زور تەسەللى بەخش ئەتكەن. ۋە ساددا تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرغان. ئۇلار بۆرىنىڭ ئەسلىدىنلا ئىنسانىيەتكە شەپقەت ياغدۇرىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ بۆرىدىن تۇغۇلغانلىقىنى هېس قىلغان. نەتىجىدە چاقچاپ كەتكەن مەنىۋى دۇنياسى غايەت زور روهىي شاتلىققا ۋە ئىلاهىي تەسەللىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بۆرىنىڭ ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ۋەقەلىرىنى تېما قىلغان رەڭگا - رەڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ياراتقان ۋە كۆڭلىنى خۇش قىلغان. ئۇلار ئاشۇ خىل شاتلىق ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ساددا گۈزەللىك نەزىرى بىلەن ئۆز ئەجدادىنى — گۈزەللىك، باتۇرلۇق، ياخشىلىق مۇجەسسەملەنگەن كۆك بۆرە ئوبرازىنى تېخىمۇ بېزەپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، سېغىنىشلىرىنى ۋە ياخشى كۆرۈشلىرىنى ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلغان، چۈنكى ئۇلار ئاخىرقى هېسابتا تېپىۋالغان ئاشۇ ئىلاه، ئاشۇ توتېم دەل ئۇلارنىڭ يىلتىزى هېسابلانغان «ئاتا» ئورنىدىكى ئوبراز ئىدى . . .

4 . تراگېدىيە: ئازاب ئېڭى ۋە بۆرە

تراگېدىيىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى — ئۆلۈم ۋە هالاكەتتۇر. ئۆلۈم هاياتلىقتىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىناق. مانا مۇشۇنداق رەهىمسىز سىناق ئالدىدىلا، ئىنسانىيەت ئاندىن ئۆزى هەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولغان. تارىخ شۇنىڭغا دادىللىق بىلەن دەلىل بېرەلەيدىكى، ئىنسانىيەتنىڭ هەربىر قېتىم ئۆزى هەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولۇشى، بىر قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ پىلتىسى بولدى.

تراگېدىيىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالاكەتنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېستېتىك پائالىيەت ئۇسۇلىغا ئايلانغان. ئۇلۇمدىن ئەنسىرەش، ئۇنىڭدىن قېچىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ماھىيىتىگە تەئەللۇق بولغان ئېرسىي گېن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ھېسسىي تەسىراتى ۋە بېسىمى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى سىناقتىن كۈچلۈك بولىدۇ. بىر قېتىملىق ھالاكەتنى كۆرۈش، ھەرقانداق ئادەمدە ئۆز - ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشنى، ئۆز ھاياتىدا ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھالاكەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق غايەت زور ھالاكەتنىڭ زەربىسىدە، روھىي جەھەتتىن بىر قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چەكسىز نۇرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ.①

تراگېدىيە غايەت زور بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ بولغانىكەن، ئۇنداقتا، تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلاردا تراگېدىيە ئېڭى بولغانمۇ - يوق؟ ئۇنىڭ توتېم تاللاش بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئەينى ۋاقىتتا دارۋىن رېبوك دوكتورنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ياۋايىلارنىڭ ھاياتىدا، گويا بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئوخشاش، بالايى ئاپەت ۋەھىمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچ تۇيغۇسى مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىق خۇشاللىقىغىمۇ مەلۇم ئازاب تۇيغۇسى ياندىشقان...»②

ئەنگلىيە ئالىمى مالىنوۋسكىمۇ: «دىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ھەقىقىي تراگېدىيىدىن، يەنى

---

① ئەسەت سۇلايمان: «تراگېدىيە تۇغقان سوئال»، - «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 9 - سان، 18 - بەت.

② دارۋىن: «ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 141 - بەت.

كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدى-
كى توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان»[①] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانىيەتنىڭ تۇن-
جى تراگېدىيە ئېڭى توتېم ئېتىقادىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.
بۆرە توتېمى ئېتىقادى ۋە بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىمۇ قەدىمكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ غايەت زور تراگېدىيە ئېڭى ئىچىدە بىخ سۈر-
گەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى، تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى
ھەققىدىكى ئەپسانىدە، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قوۋمى يات ئەل تەرىپى-
دىن قىرغىن قىلىنىپ، پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالىلا
ھايات قالىدۇ. . . ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك»
ناملىق ئەسىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئەپسانىدە، ئۇيغۇرلار
باشقا ئەل تەرىپىدىن ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر تاغ
قاپتىلىغا قامىلىپ قالىدۇ ۋە ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ
كېلىدۇ. . . رىملىقلارنىڭ بۆرە ئەپسانىسىدىمۇ رومۇلۇس
قوۋمى باشقىلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپ، نەسلى قۇرۇپ
كېتىشكە ئازلا قالىدۇ. . .

دېمەك، بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىگە نەزەر تاشلىساق ھەممى-
سىدە دېگۈدەك، قىرغىنچىلىقتا، ئۆلۈمگە ۋە ھالاكەتلىك تەقدىر-
گە دۇچ كەلگەن، پۈتكۈل مىللەت ھالاك بولۇش گىردابىغا يۈز-
لەنگەن چەكسىز ئازابلىق پەيتتە، تۇيۇقسىزلا قۇتقۇزغۇچى ئىلا-
ھ — بۆرە پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنى ھالاكەت قوينىدىن ھايات-
لىققا باشلاپ چىقىدۇ. دېمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلار قان ئىچى-
دىن، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىچىدىن شۇنداقلا چەكسىز ئازابتا يۈرى-
كى لەختە - لەختە بولۇپ كېتىۋاتقان دەقىقىلەر ئىچىدىنلا
تۇنجى ئىلاھىنى — سىرلىق توتېمنى كۆرىدۇ. . . شۇڭا ئەنە

① F. پۈرۈگ، G. D. بېيسى (ئامېرىكا): «مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىنسانىيەت-
نىڭ ھەرىكىتى»، لىياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 574 - بەت.

ئاشۇنداق غايەت زور ھالاكەت سىنىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان چەكسىز ئازاب ئېغىر ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا ئۆزگىچە تەسەللى تېپىشنى، چاڭقىغان ۋۇجۇدىنى سۇغۇرۇشنى ۋە توتېم تاللاشنى ئۆگەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھەرقانداق بىر تەپەككۇرى مۇشۇنداق ئەڭ دەھشەتلىك ھالاكەت سىنىقىنىڭ تۇرتكىسىدە باشلانغان، دىن، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھالاكەتكە بولغان ئازابلىق سەرگۈزەشتىسى جەريانىدا بىخ سۇرگەن. شۇڭىمۇ فرېئۇد: «ھالاكەت (ئۆلۈم) دىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ھادىسە ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنى تەپەككۇرغا مەجبۇرلىدى. شۇنداقلا جىمى تەپەككۇرنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولدى» دەيدۇ.

بىزنىڭ تەھلىلىمىزچە، ئېھتىمال توتېم ئېتىقادى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىنسانىيەت چەكسىز ۋەھىمىلىك بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا تراگېدىيە تۇيغۇسىنىڭ ئۇندۇرمىلىرى جۇغلىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل ئازابلىق يۇشۇرۇن ئاڭ جۇغلىنىۋېرىپ، يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، بىراقلا ئاشكارىلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر قانىتىنى يېشىۋەتكەن. نەتىجىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىق مەنىۋى دۇنياسىغا مەلھەم بەرگۈچى تۇنجى ئىلاھ — توتېمنى تېپىۋالغان. شۇڭىمۇ دۇنيانى «توپان بالاسى» قاپلاپ، پۈتكۈل يەر ـ زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەن ۋەھىمىلىك مىنۇتلاردىمۇ ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالام ئادەم ئۇرۇقى بىلەن بىللە بارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقلىرىنىمۇ كېمىسىگە تەڭ سېلىۋالغان. . .

جۇڭگو ئالىمى جۇدى ( 朱狄 ) ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇسى ئۆز مەنىسىدىن مەدەنىيەت

ھادىسىسىدۇر. تراگېدىيە تۇيغۇسىنىڭ چوقۇم تارىختىن بۇرۇنقى ئاساسى بار. بىز ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى نۇرغۇنلىغان تەزىيە مۇراسىملىرىدىن تراگېدىيە ئېڭىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئاساسىنى تاپالايمىز. ئەگەردە ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر پارچە ھايۋانات قېنى تۆكۈلگەن ماددىي بارلىق ھالىتىدىكى قارا تۇپراقتىن قانداق قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلالايدىغان سەنئەت مەيدانىغا كېلەلەيدۇ؟!...»① دەپ يازىدۇ.

دەرۋەقە، توتېم ئېتىقادىدىكى ئازاب تۇيغۇسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب ئىچىدىن توتېمنى تېپىۋېلىشى بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق. تراگېدىيىلىك تۇيغۇ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل توتېم تارىخىغا خۇددى سايىدەك ياندىشىپ كەلگەن.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۆرىنى توتېم قىلغاندىن كېيىن، بۆرە توتېمىغا نىسبەتەن بىر يۈرۈش پەرھىز (تابۇ) لارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇلارغا قاتتىق ئەمەل قىلغان. بىراق، تەبىئىي شارائىتنىڭ قىستىشى، ھاياتلىق ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن يەنە ئۆزلىرى توتېم قىلغان بۇ ئىلاھىي ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشكە، ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ، گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان. چۈنكى ئۇلار ھايات ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلاھىي مەخلۇق — توتېم ھايۋانغا بولغان چوقۇنۇشى بىلەن ھاياتلىق ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان چەكسىز ئازاب ئۇلارنى قاتتىق قىينايتتى. بۇخىل ئازاب خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئودىپۇسنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئانىسىنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن تارتقان ئىچكى ئازابىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. چۈنكى «توتېم ھايۋان ئۇلار ئۈچۈن ئاتا ئورنىدىكى ئوبراز ئىدى» .② ھاياتلىق ئېھتىـ

① جۇدى: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 407 ـ بەت.
② فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز». 165 ـ بەت.

ياجى ئۇچۇن ئۆز «ئاتا» سى، «يىلتىز» ى ۋە «ئەجداد» ىنى ئۆلتۈرۈش قانچىلىك زور ئازاب - ھە! . . . بىراق، ئۇلار ئۇچۇن مۇشۇنداق ئازابقا تەۋەككۈل قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۆرە تېرىسىگە ئورۇنۇپ تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان بىر ئانا ئۆز ئۇستىدىكى ئىسسىق تېرىنىڭ ئادەتتىكى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ تەڭرى (توتېم) نىڭ كىيىمى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، چەكسىز ئۆكۈنۈپ، تۇغۇت ئازابىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇلار توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى يەۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى بىلەن بىرلىشىپ، بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

قەدىمكى كىشىلەر توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىكى «گۇناھ» تۇيغۇسى قوزغىغان ئازاب ۋە ئۆكۈنۈشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن مەخسۇس دەپنە ۋە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئۇلار دەپنە مۇراسىمىدا توتېم ھايۋاننىڭ جەسىدىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى دەپنە قىلغان، ئاندىن ئۇسسۇل ئويناپ، ئەسەبىيلەرچە توۋلاپ توتېم ھايۋانغا تەزىيە بىلدۈرگەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن بىز توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «گۇناھ» نى يۇيۇش ئۇچۇن ئۇنى دەپنە قىلغان قەدىمكى ئىزلارنى ئۇچرىتىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. 1954 - يىلى چەت ئەل ئالىملىرى جەنۇبىي سىبىرىيە چۆللۈكىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرى (40 — 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى) گە ئائىت بىر ئۆڭكۈر خارابىسىنى تاپقان، ئۆڭكۈرگە نۇرغۇن بۇيۇملار قويۇلۇش بىلەن بىرگە، بۆرە سۆڭەكلىرىمۇ تىزىلغان. ئالىملار سۆڭەكنىڭ تىزىلىش شەكلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «بۇ ئىپتىدائىي دىنىي مۇراسىم شەكلىدە دەپنە قىلىنغان بۆرىنىڭ قالدۇق سۆڭىكى»[1] دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

① ئاندرى لېۋۇئى گورخان: «تارىختىن بۇرۇنقى دىن»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 10 - بەت.

تاكى هازىرغا قەدەر بۇ خىل ئادەت بەزى مىللەتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە، شەرقىي شىمالدىكى توڭگۇس تىللىق خەلقلەر ئۆزلە-رىنىڭ توتېمى بولغان ئېيىقنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، تېرىسىنى سويۇۋېلىپ: «سېنى ئۆلتۈرگەن بىز ئەمەس، بەلكى ئورۇسلار، بوۋا!» دەپ توۋلاپ يىغلايدىكەن ۋە تەزىيە بىلدۈرىدىكەن.

دېمەك، تراگېدىيىلىك ئازاب ئېڭى توتېم كېلىپ چىقىشتىن توتېم راۋاجلىنىشقىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

تۆتىنچى باب

# بۆرە توتېمىنىڭ مىللىيلىكى ۋە دۇنياۋىلىقى

ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسەت پرىنسىپلىرىنىڭ بىردەكلىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى دەلىل-دۇر.

— لېۋىس هېنرى مورگان

## 1. بۆرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاساسلىق توتېم بولۇشى

ناھايىتى روشەنكى، بىز تەكشۈرۈۋاتقان بۆرە توتېمى، تارىختا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق توتېم بولغان بولسى-مۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە بۇنداق چوڭ ئورنى ۋە تەسىرى بولۇشى ناتايىن. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خەلق مۇقەررەر يو-سۇندا، ئۇزاق مۇددەتلىك مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە تەدرىجىي تاكامۇللاشقان. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتلەر، مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۇرۇق، جە-مەت، قەبىلە (تائىپە)، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قاتارلىق بىرمۇنچە-لىغان ئۇششاق ئىجتىمائىي بىرلىكلەر دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈر-گەن. توتېمىزمدىن ئىبارەت باشلانغۇچ ئېتىقاد، ئىنسانىيەتنىڭ

بالىلىق دەۋرىدە (ئۇششاق ئىجتىمائىي بىرلىكلەر ھالىتىدە تۇرۇ-ۋاتقان مەزگىلىدە) بىخ سۈرۈپ راۋاجلانغاچقا، ئەڭ دەسلەپتە توتېملارنىڭ سانى كۆپ، تۈرلىرى خىلمۇخىل بولغان.

ئەنگلىيە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئېقىمىنىڭ ئاساسچى-سى فرازېر ئۆزىنىڭ «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى» (1910) ناملىق ئەسىرىدە، توتېملارنى، قەبىلە توتېمى، جىنس توتېمى ۋە شەخسلەر توتېمىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىغان.① جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئومۇملاشقان توتېم تۈرلىرى سۈپى-تىدە، ئۇرۇق توتېمى، جەمەت توتېمى، قەبىلە توتېمى، مىللەت توتېمى، جىنس توتېمى، نىكاھ توتېمى، ئائىلە توتېمى ۋە شەخس-لەر توتېمىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي بىرلىكلەر بۆلۈنمە ھا-لەتتە بولغاچقا، توتېملارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، توتېملارنىڭ سانلىرىغىمۇ چەك قويۇلمايتتى. ھەرقايسى ئۇرۇق قەبىلىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئاساسەن ھەرخىل ھايۋانلارنى، ئۇچار قۇشلارنى، سۇ ھايۋانلىرىنى، ئۆمۈ-لىگۈچى ھايۋانلارنى توتېم قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بالدۇر ۋە ھەممىدىن كۆپ توتېم قىلىنغانلار سۈتخور ھايۋانلار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى (مىجەز - خۇلقى، ھەرىكىتى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى) ئىنسانلارغا ئاز - تولا ئوخشايتتى.

جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي دىن تەتقىقاتچىسى جۇ تيەنشۇن ئەپەن-دى ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ توتېم-لىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەرنىڭ ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 704 خىل

---

① فرېئۇد (ئاۋستىرىيە): «توتېم ۋە پەرھىز» ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 133 - بەت.

توتېم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي هايۋان تىپىدىكى توتېملار 56 خىل ئىكەن. يەنە باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ 500 دىن ئارتۇق توتېمى ئىچىدە، غەيرىي هايۋانات توتېملىرىدىن 40 خىلى بولۇپ، ئۇلار قىرو، شەبنەم، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، هەسەن - هۈسەن، شامال، قار، تۇتەك، ئوت، سۇ ۋە دېڭىز قاتارلىقلار ئىكەن. هەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېم سىستېمىسى بولىدىكەن. مەسىلەن، ئاراندا (Aranda) قەبىلىسى بىلەن لورىتجا (Lorirja) قەبىلىسىنىڭ توتېملىرىنى قوشۇپ هېسابلىغاندا 442 خىلغا يېتىدىكەن».① «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ 340 ئۇرۇقىنىڭ توتېملىرىنى ستاتىستىكا قىلغاندا، هايۋانات توتېملىرى 84% نى ئىگىلەيدىكەن».② مورگاننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئوجىبۋا قەبىلىسىدە 23 ئۇرۇق بولۇپ، هەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېمى بولغان. مەسىلەن، ئۇلاردا «بۆرە، ئېيىق، قۇندۇز، پاتقاق تاشپاقا، غاجىلدىغۇچ تاشپاقا، كىچىك تاشپاقا، كۆندۈرۈلگەن بۇغا، لايخورەك، تۇرنا، قارچىغا، تازقارا، ياۋا ئۆردەك، ئۆردەك، يىلان، ئىپار چاشقان، بۈلغۈن، كۆك قوتان، بۇقا، كارپ بېلىقى، ئوسېتربېلىقى، موكا بېلىق»③ قاتارلىق 23 توتېم بار ئىكەن.

دېمەك، ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان هەرقانداق بىر مىللەتتە، پەقەت بىرلا توتېم بولمايدۇ. هەر بىر ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس توتېملىرى بولىدۇ. بىر مىللەت ياكى قېرىنداش مىللەتلەر تۈركۈمىدە بىر ئومۇمىي توتېمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريانىنى

---

① جۇ تيەنشۇن (朱天顺): «ئىپتىدائىي دىنلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1978-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 57 - بەت.

② گاۋمىڭچياڭ (高明强): «سىرلىق توتېم»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 - بەت.

③ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، I كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، نەشرى، 713 - بەت.

ئۆزىگە تەقەززا قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ئومۇمىي (يېتەكچى) تۇتېم بولغان بۆرە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەچچە ئونلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ تۇتېملىرىنى بىر - بىرلەپ شاللاپ ۋە سەپتىن چۈشۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى «خوجايىنلىق» ئورنىغا ئىگە بولغان.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر قەدىمدە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تەپسىلىي سانىنى ئېنىقلاشمۇ خېلىلا قىيىن. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان ھۇنلاردا نۇرغۇن ئۇرۇقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇتېملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. «جىننامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «شىمالىي دى ( 狄 ) لار قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ ئايرىلاتتى. ئۇلار ئۆز-كۆر - قورغانلاردا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ 屠名种， 鲜支种， 寇头种, 乌谭种， 赤勒种， 捍蛭种， 黑狼种， 赤沙种， 郁鞞 种, 萎莎种， 秃童种， 勃蔑种， 羌渠种， 贺赖种， 钟跂 种, 大楼种， 雍屈种， 真树种， 力羯种 قاتارلىق 19 ئۇرۇقى بولۇپ، ھەربىرى بىر قەبىلە ھېسابلىناتتى. ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ھازىرغىچە بولغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى 19 قەبىلىسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ قەدىمكى ھۇن ياكى تۈرك تىلىدىكى قايسى سۆز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بېكىتىۋېتىشكە پاكىتلار تېخى يېتەرسىز. خې شىڭلياڭ ئەپەندى يۇقىرىقى 19 قەبىلە نامى ئىچىدىكى ئۇرۇقنى تۈرك تىلىدىكى «قۇلان» (ياۋا ئات) 贺赖 سۆزىنى ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىش ئارقىلىق كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ①

① خې شىڭلياڭ ( 何星亮 ) : «غۇز ( 胡 ) تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە ئېنىقلىما» — «مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1982 - يىللىق 3 - سان.

بىزنىڭچە، يۇقىرىقى ئۇرۇقلار ئىچىدىكى — 黑狼种 «قارا بۆرە» ئۇرۇقىنىڭ مەنە تەرجىمىسى — 屠各种 «توخلا» ئۇرۇقىنىڭ خەنزۇچىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. مۇنداق بولغاندا يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ئۈچ قەبىلىنىڭ نامى ۋە توتېملىرى «قۇلان»، «قارا بۆرە»، «توخلا» قاتارلىقلار بولىدۇ. قالغان 16 ئۇرۇقنىڭ نامى ۋە توتېمىنى كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئېنىقلىشىغا قالدۇرىمىز.

جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىر مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلار ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن غەربىي ھۇنلار ئاستا - ئاستا ياۋروپاغا سۈرۈلۈپ، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە تۈركىي خەلقلەرگە مىراس بولۇپ قالدى. ھۇنلاردىن كېيىن، ئەڭ بالدۇر باش كۆتۈرگەن كۆك تۈركلەر، ھۇنلارغا ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن ۋە ھەرخىل توتېملارغا تېۋىنغان. مەسىلەن، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تۈركلەرنىڭ توققۇز ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار سىر - تاردۇش ( 薛延陀 )، ئۇيغۇر ( 回纥 )، بۆكۈ ( 仆固 )، توڭرا ( 同罗 )، بايىرقۇ ( 拔野古 )، قۇن / ھۇن ( 浑 )، قوشۇ ( 斛薛 )، ئىزگىل/ئايغىر ( 奚结/思结 )، جۇبە ( 契芯 )، ئادرى/ئادىز ( 阿跌 )، توپا/توبا ( 都播 )، قۇرىغان ( 骨利干 )، تەلەڭگۇت ( 多览葛 )، سۇنىش ( 苏尼失 )، قارلۇق ( 葛逻禄 ) قاتارلىق 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان.①

① خاملتون (فرانسىيە) : «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 -، 3 - بەتلەر؛ شۆ زۇڭجېڭ ( 薛宗正 ): «تۈرك تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 226 -، 227 -، 228 -، 229 - بەتلەر.

غەربىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان[①]:

| سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر | ئوڭ قانات سادا قلىقلار قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر |
| --- | --- |
| سۈنىش（鼠尼施） | قوشۇ（哥舒） |
| چۇمكۇن（处木昆） | ئاسكىل（阿悉结） |
| تۈركەش（突骑施） | بارسقان（拔塞干） |
| شىشىت（摄舍提） | چۇبە（车鼾施） |
| قۇلۇغۇ（胡禄屋） | ياغما（咽面） |
| چىگىل（处月） | كەڭگۇ؟（弓月） |
| چۇمىل（处密） | قاز（奚素） |
| چۆل تۈركلىرى（沙陀） | ئارغۇ（乌护） |
| قوشۇ（姑苏） | قاسار（可萨） |
| چۇبە（车鼻施） | |
| قارلۇق（葛逻禄） | |

كۆك تۈركلەرنىڭ تەركىبى مانا مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقاچقا، ئۇلارنىڭ توتېملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا بىرەر ھايۋاننى ئۇنىڭ ياكى تۆز (توتېم) ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. لېكىن كۆك تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تۈركىي قوۋملار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ھۇنلار بىلەن قانداش ئاشىنا قەبىلىسى، پۈتكۈل تۈركىي قوۋملارنى ئۆزىنىڭ بۆرە توتېمى ئاستىغا يىغدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە

① يۇقىرىقى كىتاب، 314 ـ، 312 ـ بەتلەر

قارىغاندا، ئاشىنا قەبىلىسى ئەسلىدە بىر پۈتى كېسىپ تاشلانغان ئوغۇل بالا بىلەن ئانا بۆرىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇلار بۆرىنى مۇقەددەس توتېم ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا تېۋىناتتى. كېيىنچە، ئاشىنا قەبىلىسى تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇردى شۇنداقلا ئىزچىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قولايلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، تېز ئارىدىلا باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرىنى شاللىۋېتىپ، بۆرە توتېمىنىڭ تۈركلەر تېررىتورىيىسىدىكى يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىدى. تۈركلەرنىڭ بايراقلىرىغا بۆرە بېشىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلدى ۋە خاقانىنىڭ چېدىرى ئالدىغا قادالدى. كۆك بۆرە پۈتكۈل تۈركلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت، جاسارەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدىغان سىرلىق ئىلاھقا، روھىي تۈۋرۈككە ئايلاندى. بۇ بۆرە توتېمىنىڭ تۈركىي قوۋملار تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەڭ دائىرىلىك بىرلىككە كېلىشى ۋە ئاساسىي (يېتەكچى) توتېمغا ئايلىنىشى ئىدى.

تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلدى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارمۇ نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توتېملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. «تاڭنامە» 252 - جىلد ۋە «كونا تاڭنامە» 195 - جىلدلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىچكى توققۇز قەبىلە بىلەن تاشقى توققۇز قەبىلە تەشكىل قىلاتتى:

| ئىچكى توققۇز قەبىلە | تاشقى توققۇز قەبىلە |
|---|---|
| ياغلاقار ( 药罗葛 ) | ئۇيغۇر ( 回纥 ) |
| ئوتۇرقار ( 胡咄葛 ) | بۆكۈ ( 仆固 ) |
| دېرېمار ( 咄罗勿 ) | ھۇن / قۇن ( 浑 ) |
| ئاۋۇچاغ ( 阿勿嘀 ) | بايىرقۇ ( 拨野古 ) |

| | |
|---|---|
| بوقاسقىر （貊歌息讫） | توڭرا （同罗） |
| قازار （葛萨） | سىقىر / ئىزگىل （思结） |
| ياماقار （药勿葛） | چۇبە （契苾） |
| ئاياۋىر （奚耶勾） | باسمىل （拨悉蜜） |
| قوغۇرسۇ （斛唱素） | قارلۇق （葛罗禄） |

يۇقىرىقى 18 قەبىلە ئىچىدە، فرانسىيىلىك خامىلتون ئەپەندى 貊歌息纥 （بوقاسقىر） قەبىلىسىنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Buqa （بۇقا） بىلەن Siyir （سىيىر） سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.① مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ قەبىلىنىڭ كالا （بۇقا بىلەن سىيىر） نى توتېم قىلغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈش مۇمكىن. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى توڭرا/ توڭا （同罗） نامى بىرخىل قاپلان （يىلپىز） نىڭ نامى بولۇپ، بۇ قەبىلە شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئېھتىمال قاپلان توڭرا قەبىلىسىنىڭ توتېمى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ.② قالغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ۋە توتېملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخى ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن ئىسپاتلانمىغان بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنى كېيىنكىگە قالدۇرىمىز.

ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن ئۆزىنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ 24 ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانلىقىنى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغان ئونگون （توتېم） لىرى بارلىقىنى، ئۆلارنىڭ ئونگون ھايۋانغا قارشى تۇرمايدىغانلىقى، چېقىلمايدىغانلىقى، گۆشىنى يېمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.③

---

① خامىلتون: «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخي ماتېرىياللىرى»، 5 ـ بەت.
② ياڭ شېڭمىن （杨圣敏） «ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىي ئۆزگىرىشى» -- «مىللەتلەر تەتقىقاتى» （خەنزۇچە）، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 58 ـ بەت.
③ رەشىدىددىن （ئىران）: «جامىئۇل تاۋارىخ»، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 141 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

رەشىدىددىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ 24 ئۇرۇقى ئىچىدە، 20 ئۇرۇق ھەرخىل تىپتىكى بۈركۈت (شۇڭقار) نى ئونگون (توتېم) قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تۆت ئۇرۇقنىڭ ئونگونى ئاق بۈركۈت، تۆت ئۇرۇقنىڭ ئونگونى تازقارا (قۇماي)، يەنە تۆت ئۇرۇقنىڭ توشقان ئالغۇچى بۈركۈت، قالغان تۆت ئۇرۇقنىڭ قارچىغا، ئەڭ ئاخىرقى تۆت ئۇرۇقنىڭ كۆك بۈركۈت (كىچىك بۈركۈت) ئىكەن». ① ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىدا «ئۇچتى» (üĕdü) دېگەن سۆز ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ② تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ «ئۇ ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەشتە يەنىلا sungarboldy (بۈركۈتكە ئايلاندى) دېگەن ئادەت سۆزىنى ئىشلەتكەن. ③

دېمەك، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن توتېملىرى بولۇپ، بۇنى بىر - بىرىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان. 10 - ئەسىردە باشقىرت دالىلىرىنى ساياھەت قىلغان مۇسۇلمان تارىخچىسى ئىبنى فەزلان باشقىرتلارنىڭ توتېم ئېتىقادىغا ئائىت مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «باشقىرتلار قىش، ياز، يامغۇر، روزغار، ياغاچ (ئورمان)، ھايۋان، ئىنسان، سۇ، كېچە، كۈندۈز، ئۆلۈم، ھايات ۋە يەر قاتارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىردىن تەڭرى (ئونگون) گە ئىشىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى كۆك تەڭرىدۇر». ④ مەھمۇد قەشقەرى ئۆز دەۋرىدە شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن پەچەنەك، قىپچاق، ئوغۇز، يە-

① رەشىدىددىن (ئىران): «جامىئۇل تاۋارىخ»، 1 - قىسىم، 1 - كىتاب، 142 -، 146 - بەتلەر.

② «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى»، شەرق تەرەپ 16 - قۇر؛ «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»، جەنۇب تەرەپ 2 - قۇر.

③ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 - 16 - بەتلەر.

④ ئا. ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976 - يىل، تۈركچە نەشرى، 16 - بەت.

مەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز، چىگىل، توخسى، ياغما، ئۇغراق، چارۇق، چومۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي، تابغاچ قاتارلىق 20 ئانا قەبىلىنى تىلغا ئالىدۇ[①]

ۋە بۇ ھەقتە: «ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى تاشلىدىم»[②] دەيدۇ. ئۇ يەنە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ 22 ئۇرۇقىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئالىدۇ.[③]

دېمەك، مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قوۋملار، نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىمۇ ھېسابلىيالمىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈتېملىرىنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىزدۇر. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۇ خىل ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمى بۈگۈنگىچە قازاق - قىرغىز قاتارلىق بىر قىسىم خەلقلەردە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قازاقلاردا 200 دىن ئارتۇق ئۇرۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا شەجەرىسى بولغان.[④] قازاقلار ئۈچ چوڭ يۈزگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر يۈزنىڭ ئىچىدە نەچچە ئونلىغان قەبىلە (تائىپە)، ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئىچىدە بىر قانچىلىغان ئۇرۇق (روۋ) لار بولغان. مەسىلەن، 1) ئۇلۇغ يۈز قەبىلىلىرى: جالايىر، ئالبان، داۋلات، سىۋان، ئىستى، سارى ئۈيسۈن، سىرگەلى، ئوشاقتى، شاپىراشتى، شانىشقىلى، قاڭلى (كاڭگۈي)، قاتاغان؛ 2) ئوتتۇرا يۈز قەبىلىلىرى: ئارغىن،

---

① م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 1 - توم، 38 - بەت.
② م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 37 -، 38 - بەتلەر.
③ م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 77 -، 78 -، 79 -، 80 - بەتلەر.
④ «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئالمۇتا، قازاقچە نەشرى، 12 - توم، 232 - بەت.

نايمان، كەرەي، ۋاق، قوڭىرات، قىپچاق؛ 3) كىچىك يۈز قەبىلىلىرى: ئادەتتە، ئەلىم ئوغلى، باي ئوغلى يەتتە ئۇرۇق دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ. (1) ئەلىم ئوغلى: قارا ساقال، قاراش، كەتە؛ (2) باي ئوغلى: ئاداي، ئالچىن، جاپپاس، ئالاشا، بايباراق، بەرىش، ئەسەنتەمىر، قىزىلقۇرت، سەركەش، ئىسىق، تاز، ماسقار؛ (3) يەتتە ئۇرۇق: تابىن، تاما، جاغالبايلى، كەردە- رى، كەرەيت، تەلەۋ، رامادان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.①

دەرۋەقە، قەدىمكى زاماندا تۈركىي تىللىق خەلقلەر بۇنىڭدىن- مۇ كۆپ ۋە ئىنچىكە ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇشى تەبىئىي. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ توتېملىرىنىڭ سانىنى ئېنىق- لاش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەڭ تىپىك، ئەڭ مۇكەممەل توتېملار ئۇرۇق توتېملىرى بولۇپ، ئۇرۇقلار تۇرغۇن مىللەتلەردە مۇكەممەل بىرلىك سۈپىتىدە ساقلانغان. چۈنكى «بۇنداق توتېم شەكىللىرى ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان بەل- گىلىرى بولۇپ، ئۆز قانداشلىرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان شەرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى».②

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۆرىدىن باشقا توتېملارنىڭمۇ بولغانلى- قىنى ئېتىراپ قىلماسلىق پوزىتسىيىسى تۈپتىن خاتا. ئەجدادلى- رىمىزدا كۆپلىگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانچىلىغان توتېملىرى بولغان. پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا، ئۇ- رۇق - قەبىلىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۇيۇشۇشى ۋە مىللەت گەۋدىسى- نىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، توتېملارمۇ ئاستا - ئاستا مەر- كەزلەشكەن. بىز «ئوغۇزنامە» داستانىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇششاق قەبىـــلــە - ئۇرۇق توپلىرىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى

---

① جاقىپ مىرزاقان ئوغلى: «قازاق خەلقى ۋە فولكلورى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، قازاقچە نەشرى، 385 -، 386 - بەتلەر.

② باھاۋىدىن ئۆگەل (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 9 - بەت.

دەۋرىگە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇششاق توتېملىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بىرلا بۆرە توتېمىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالا-لايمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان بارلىق ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرىگە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران①

دېمەك، بۇ مىسرالاردا ئوغۇزخان بارلىق ئۇرۇق - قوۋملار-نىڭ توتېملىرىنى بىرلا كۆك بۆرىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. «بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، پەقەت ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندىلا قە-بىلىلەر بىرلىككە كەلگەن. ئوغۇزخان بارلىق قەبىلىلەرنى بىر-لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ توتېمى بولغان كۆك بۆرىنى چوڭ قەبىلىلەر بىرلىكىنىڭ ئورتاق توتېمى قىلىش ھەققىدە يارلىق جاكارلىغان. بۇ يەنە شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئوغۇزخاندىن ئىلگىرى (قەبىلىلەر بىرلىككە كەلمىگەن چاغدا) ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېملىرى بولغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئوغۇزخانمۇ توتېمنى بىرلىككە كەلتۈ-رۈش (بۆرە توتېمىغا مەركەزلەشتۈرۈش) يارلىقىنى جاكارلىمى-غان بولار ئىدى». ②

مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ياكى بىر مىللەتكە ئومۇمىي (يېتەكچى) توتېم بولۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئورۇنلىنى-

① گېڭ شىمىن / تۇرسۇن ئايۇپ تەييارلىغان: «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 46 - بەت.
② ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «توتېمنىڭ مەنىۋى ئاساسى ھەققىدە» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 3 - سان.

دۇ. مۇنداق جەريان ئورۇنلىنىشتىن بۇرۇن ھەرقانداق مىللەت ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپتا نۇرغۇن توتېملار بولىدۇ. مەسىلەن، «سىبىرىيىدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا، ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ھايۋانلىرى (توتېملىرى) بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشىنى توسۇيدىكەن». [1] قەدىمكى مىسىرلىقلار نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلاردا كىچىك ئۇرۇقلار بويىچە ھېسابلىغاندا نۇرغۇن توتېملار بار ئىدى. دائىم كۆرۈلىدىغانلىرىدىن ئىت، بۈركۈت، ئارسلان، قوزا، قارچىغا، پىل، كالا، ھەسەل ھەرىسى، يىلان، كوكۇس دەرىخى، قومۇش، ئىرەن دەرىخى، ساداق، ئوقيا، ئۆتكۈر تىغ، يا ئوقىنىڭ ئۇچى، ئېدىرلىق ۋە قۇياش قاتارلىقلار بار ئىدى. [2] مىسىر تارىخىنى تەتقىق قىلغان مەشھۇر تارىخچى A. موريت (A. Moret) مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر پادىشاھلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئەسلىدىكى نۇرغۇنلىغان توتېم قەبىلىلىرى تەدرىجىي ئۇيۇشۇپ، بىرمۇنچىلىغان قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى توتېم قەبىلىلىرى تەدرىجىي يوسۇندا ئەسلىدىكى توتېملىرىدىن ۋاز كېچىپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي توتېمىغا ئورتاق تېۋىنىدىغان بولغان. بۇ دەۋرلەردە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مىسىردا شىمالىي خانلىق ۋە جەنۇبىي خانلىق دەپ ئىككى خانلىقنى شەكىللەندۈرگەن، ھەر ئىككى خانلىقنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھ (توتېم) لىرىمۇ ئوخشىمايتتى. جەنۇبىي مىسىرنىڭ توتېمى خورۇس (Horus) دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھىي بۈركۈت، شىمالىي مىسىرنىڭ توتېمى يىلان ئىدى. كېيىن، جەنۇبىي مىسىر شىمالىي مىسىرنى مەغلۇپ قى-

[1] ئېدۋارد تەيلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 677 - بەت.

[2] سىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 5 - بەت.

لىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي بۈركۈت مىسىرنىڭ بىردىنبىر توتېمى بولۇپ قالدى. پادىشاھ ئىلاھىي بۈركۈتنى ئۆزىنىڭ ھۆرمەت نامى قىلىپ، ئۆزىنى بۈركۈتنىڭ ئەۋلادى دەپ جاكارلىدى».① دېمەك، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ توتېم تەرەققىياتى، مىسىر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بويلاپ، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئۇششاق توتېملىرىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق توتېمىغا، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل مىسىر دۆلىتىنىڭ بىردىنبىر باش توتېمى — ئىلاھىي بۈركۈتكە تېۋىنىشقا مەركەزلەشكەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئومۇمىي توتېمى بولغان ئەجدىھامۇ قەدىمكى ئۇششاق قەبىلىلەر توتېمىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، باشقا توتېملارنى بىر - بىرلەپ شاللاپ، ئەڭ ئاخىرى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چوڭ مىللەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئاساسىي (يېتەكچى) توتېم بولغان كۆك بۆرىنىڭ توتېم ئېتىقادىدىكى تەرەققىيات تارىخى، ئوخشاشلا يۇقىرىقى قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. جەنۇبىي سىبىرىيىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش جەريانىدا ئىسكىتلار (ساك - سىكتايلار) دەۋرىگە ئائىت تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇملىرىدا (قىيا تاش رەسىملىرى، ياغاچ ئويمىلار ۋە ھەرخىل چېكىلمە بۇيۇملار) كۆپرەك ئات، بۆرە، ئارسلان (شىر)، بۈركۈت، بۇقا، بۇغا، بۇغرا تۆگە، قاپلان، تاغ تېكىسى، يىلان، ئەجدىھا، قاۋان، قوي، تۇرلۇك ئۇچار قاناتلارنىڭ رەسىملىرى ئۇچرايدۇ.② پەرەز قىلىشىمىزچە، بۇ رەسىملەردىكى ھايۋانلار ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرى بولۇشى مۇمكىن. بۆرە، ئەڭ دەسلەپ ھۇنلارنىڭ 19 ئۇرۇقى

---

① سىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 6 - بەت

② كىسىلېف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان ئىچكى ماتېرىيال، 1985 - يىل، خەنزۇچە باسما، 1 - كىتاب 123 -، 140 - بەتلەر.

ئىچىدىكى «قارا بۆرە ئۇرۇقى» غا، ئاندىن تۈركلەرنىڭ ئانا ئۇرۇ-قى بولغان «ئاشىنا» قەبىلىسىگە توتېم بولغان، ئاشىنا قەبىلىسى باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قەبى-لىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق توتېمى بولغان، كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ بىردىنبىر توتېمى بولۇپ، بايراق - گېربلارغا كەشتىلەنگەن. كۆك بۆرىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك باش شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى بولغان. تۈركىي تىللىق خەلق-لەرگە ئورتاق بولغان بۆرە توتېمىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.




8 - رەسىم. بۆرە توتېمىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى

مۇشۇنداق تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا، بۆرە توتېمى تۈر-كىي تىللىق خەلقلەردىكى باشقا نۇرغۇنلىغان توتېملارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، تەسىر دائىرىسى جەھەتتىن ھەممىدىن نوپۇزلۇق توتېم بولۇپ قالغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى باشقا توتېم تويلىرى بىلەن بۆرە توتېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن:




9 - رەسىم. بۆرە توتېمىنىڭ توتېم توپلىرى ئىچىدىكى ئورنى

دېمەك، بۆرە توتېمىنىڭ يۇكسەك ئوبرازى، ئۇرۇق توتېمى ← قەبىلە توتېمى ← قەبىلىلەر ئىتتىپاقى توتېمى ← مىللەت توتېمى ← قېرىنداش مىللەتلەر توتېمى بولۇشتەك تەرەققىيات جەريانىدا تىكلەنگەن.

## 2 . بۆرىنىڭ سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن خەلقلەردە مودا توتېم بولۇشى

سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاق - داللار، يەنى موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونى، شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋە ئۇزۇن مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئانا ماكانى ھېسابلىنىدۇ. شىمالدىكى نۇرغۇنلىغان ئات ئۈستىدىكى چەۋەنداز مىللەتلەر — ھۇنلار، ئۇسۇنلار، تۈرك-لەر، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار، قىتانلار، موڭغۇللار، مانجۇلار، مانا مۇشۇ سىرلىق زېمىننى دەسسەپ تۇرۇپ، تارىخ سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن ۋە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، «بۆرە» دىن ئىبارەت بۇ

سىرلىق مەخلۇقمۇ دەل مۇشۇ ماكاندا ئىلاھلاشتۇرۇلدى ۋە توتېم قىلىندى. بۆرە ھەققىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قانچىلىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە - رىۋايەتلەر، شېئىر - داستانلار ۋە ھېكايە - قىسسىلەر مانا مۇشۇ سىرلىق بۇرجەكتىن ئاسىيانىڭ كەڭرى يايلاق - داللىرىغا تارقالدى.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە خەنزۇ مەنبەلىرى تەمىنلىگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈنگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق ئەجدادى دى ( 狄 ) لار، ئاندىن قالسا ھۇنلاردا بۆرە توتېمىغا تېۋىنىدىغان ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم.① غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066 — 771 - يىلىغىچە) دەۋرىدە، دىڭلىڭ (ئۇيغۇر) لارنىڭ ئەجدادى بولغان چۈەن رۇڭ② ( 犬戎 ) لارنىڭ بۆرە ۋە بۇغىنى توتېم قىلغانلىقى مەلۇم.③ جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېيسى چىشى بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولغان.④ بۇمۇ ئۇلارنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان قاڭقىل ( 高车 ) لار مەلۇم بىر ئەپسانىدە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قىزى بىلەن ئەركەك بۆرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان.⑤ خەنزۇ مەنبەلىرىدە يەنە، تۈركلەرنىڭ يۈتى كېسىلگەن بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئانا بۆرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى؛⑥ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئىلاھىي بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر قېتىملىق غايەت زور خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى؛⑦ تۈرك - ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بۆرە

---

① «جىن سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».
② دۈەن ليەنچىن ( 段连勤 ) : «دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلىلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2-، 9-، 121 - بەتلەر.
③ «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى».
④ «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»؛ «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».
⑤ «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى».
⑥ «شىمالىي جۇ سۇلالىسى تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى».
⑦ «جۇ سۇلالىسى تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى.»

باشلىق بايراقنى مىللىي بەلگە سۈپىتىدە، خانلىقنىڭ گېربى قىلغانلىقنى[1] بايان قىلىدىغان خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر - تۈرك، ئەرەب - پارس ۋە غەرب مەنبەلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، تارىختا نامى كۆرۈلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۆرىگە چوقۇنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىنى بۇنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، كۆك بۆرە ئوبرازى — ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ ئىجادىيىتى. ئۇ دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، توتېم قىلىنغان هايۋانلارنىڭ بىرى. ئۇ سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى سىرلىق زېمىندا، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى هۇنلاردىن تارتىپ، ئۇسۇنلار، چۆەن رۇڭلار، قاڭقىللار، دىڭلىڭلار، تېلىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا نۇرغۇن قوۋملارگىچە ئىزچىل يوسۇندا توتېم ئىلاھى (قوغدىغۇچى روھ) بولۇپ كەلگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيىتى، شىمالىي ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچكەندىن كېيىن (مىلادىيە 9 — 10 - ئەسىرلەردىن كېيىن)، بۆرە توتېمىنىڭ ئىلاھىي ئوبرازى، بۇ دائىرىدىكى باشقا خەلقلەر ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان (ئېهتىمال، بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن).

شىمالدىكى كۆچمەن خەلقلەر ئىچىدە، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەجدادلىرىدىن بۆرە توتېمىنى ئەڭ بالدۇر ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلار سىيانپىلار بولۇشى مۇمكىن. «سىيانپىلار ئەسلىدە شەرقىي غۇز (东胡) لارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. شەرقىي غۇزلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ۋۇخېڭ (乌桓) لار ئىدى. غەربىي خەن دەۋرىدە، شەرقىي غۇزلار هۇنلارنىڭ شەرقىدە، يەنى موڭغۇل

---

[1] «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»؛ «جۇ سۇلالىسى تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»؛ «قامۇس. تۈركلەر قىسمى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

ئىگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشايتتى». ① مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، هۇنلارنىڭ شىمالدىكى سەلتەنىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، موڭغۇل ئىگىزلىكىدە، يېڭى بىر كۈچ — سىيانپىلار باش كۆتۈردى. ئۇلار تېز ئارىدىلا قۇدرەتلىك سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئالدى. «موڭغۇل ئىگىزلىكىدە، مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە هۇنلار ۋە سىيانپىلارنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقىدەك بۇنداق زور كۈچ كۆرۈلۈپ باقمىدى». ② سىيانپىلارنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقى ئىچىدە نۇرغۇن مىللەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «سىيانپىلار بۇ رايونلاردىكى هۇن، دىڭلىڭلار بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇنىڭ بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادى سىيانپىلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن». ③

شۇڭا، سىيانپىلار، شىمالدىكى غەيرىي تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بۇ مودىنى — بۆرە توتېمىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىگە بۆرە ئوبرازىنى سىغداپ كىرگۈزگەن. كېيىنكى دەۋرلەردىكى، تارىخچىلار بۇ ئەپسانىنى بەس - بەستە خاتىرىگە ئالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى» دا: «سىيانپىلارنىڭ ئەجدادى ئىككى بۆرىنىڭ قوشۇلىشىدىن كېلىپ چىققان» ④ دېگەن ئەپسانىگە ئورۇن بېرىلگەن.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تاڭغىتلاردىمۇ بۆرە توتېم ئېتىقادى بولغان.

---

① دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلى»، 125 - بەت.
② دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلى»، 144 - بەت
③ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادى ئۈستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىل، 1 - سان، 68 - بەت.
④ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئېتىقادى ئۈستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 1 - سان، 68 - بەت.

لىقىنى ۋە «ئاق بۆرە» ئۇرۇقى دەيدىغان ئۇرۇقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. تاڭغىتلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تاڭغىتلار چاڭلاردۇر. ئۇلاردا داڭچاڭ (宕昌) ۋە ئاق بۆرە دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقلار بار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئادەتتە مايمۇن ئۇرۇقىدىكىلەر دەپ ئاتايدۇ» .①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭغىتلارنىڭ بىر ئۇرۇقى بۆرىنى توتېم قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاق بۆرە ئۇرۇقى دەپ ئاتىغان، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ بۆرىنى توتېم قىلىشىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆرە موتىفى مۇئەييەن رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

شەرقىي شىمالدىكى تونگۇس تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادى بولغان موغاللار (靺鞨) دىمۇ بۆرە توتېم ئېتىقادى بولغانلىقى مەلۇم، «سۇينامە. كۆنچىقىشتىكى بەدەۋىيلەر تەزكىرىسى. موغاللار ھەققىدە قىسسە» دە: «موغاللار كۇرىيىنىڭ شىمالىدا ياشايدۇ. . . ئۇلاردا ئېيىق، قاپلان، بۆرىگە چوقۇنۇش ئادىتى بار. ئۇلار بۇ ھايۋانلار ئادەملەرگە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ»② دېيىلگەن.

بۆرە توتېمى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تېررىتورىيىسىدىن ھالقىپ چىقىپ سىبىرىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى، بېرىڭ دېڭىز ساھىللىرى، كامچاتكا يېرىم ئارىلى قاتارلىق كەڭ رايونلاردىكى نېئوئوتلار، كىلياكلار ۋە كامچاتكىلار ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

بېرىڭ دېڭىزى ئەتراپىدىكى نېئوئوتلارنىڭ قوراللىرىدا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە ھەرخىل توتېملىر-

---

① سىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 126 - بەت.
② سىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 126 - بەت

نىڭ رەسىملىرى بار ئىكەن. بۆلارنىڭ ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ بولغانلىرى بۆرە، بۈركۈت ۋە قاغىنىڭ ئوبرازى ئىكەن.[①]
سىبىرىيىدىكى كىلىياكلارمۇ بۆرىنى بۇغىلارنىڭ خوجايىنى، مۇزلۇق بەلباغىنىڭ بېگى دەپ تونۇيدىكەن. ئۇلار بۆرىنى ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق چەكلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرقانداق شەكىلدىكى بۆرىگە خەۋپ يەتكۈزۈشكە قارشى تۇرىدىكەن.[②]
كامچاتكا يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان يەرلىك خەلق كامچاتكىلارمۇ بۆرىنى بىر ئىلاھىي مەخلۇق سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، چۈشىنىكسىز، سىرلىق ھادىسىلەرنى بۆرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدىكەن. «كامچاتكىلار، قوشكېزەك باللارنىڭ ئاتىسى چوقۇم بۆرە دەپ قارايدىكەن. ئۇلار يەنە، بىر ئەر ھەرگىزمۇ خوتۇنىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى بالا تۇغۇلۇشقا سەۋەب بولالمايدۇ. باللارنىڭ بىرى جەزمەن بۆرىنىڭ پۇشتى دەپ تونۇيدىكەن. بۇ يەردىكى ئاياللار چوقۇم ئەرلىرىگە سادىق بولۇشى كېرەككەن، بولمىسا قاتتىق جازالىنىدىكەن. قايسى بىر ئايال قوشكېزەك بالا تۇغۇپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ گۇمانلىق سەرگۈزەشتىسى شۇ ھامان ئاشكارىلىنىدىكەن. قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان تۇغۇتلۇق ئايال ئاران تىنىق ئېلىۋېتىپمۇ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۆرە بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى تەسۋۋۇر قىلالمايدىكەن. . . »[③]
13 - ئەسىرگە كەلگەندە سەددىچىننىڭ شىمالىدا موڭغۇللار باش كۆتۈردى. ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ باشچىلىقىدا ناھايىتى تېزلا قۇدرەت تېپىپ، ئاسىيا - ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا، موڭغۇللار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچ-

① «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى ( خەنزۇچە) ، 1985 - يىللىق 1 - سان، 30 - بەت.
② «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى ( خەنزۇچە) ، 1985 - يىللىق 1 - سان.
③ «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى ( خەنزۇچە) ، 1985 - يىللىق 1 - سان.

رىغاچقا، تەبىئىي يوسۇندا بۆرە توتېمىنىڭ سىھرىي كۈچىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، قەدىمكى تۈركىي قوۋملار خاندانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە سۆزلەنگەن ئەپسانىلەرنى چىڭگىز سۇلالىسىمۇ ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىغا كىرگەن تۈركىي قوۋملارمۇ خاقانلار سۇلالىسى ھەققىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى چىڭگىزخانغا دەسمايە قىلىپ بېرىشتى». ① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا، بۆرتەچىنە بىلەن ئاق مارال ھەققىدىكى گۈزەل بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن، بۇ ئەپسانىدە، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادىنىڭ كۆك تەڭرى ئەۋەتكەن بۆرتەچىنە (كۆك بۆرە) بىلەن ئاق مارالنىڭ قوشۇلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقى سۆزلەنگەن. ② موڭغۇللارنى تەتقىق قىلغان رۇس ئالىمى ب. ي. ۋلادىمىرتسوف: «قەدىمكى موڭغۇللاردا توتېم ۋە تابۇغا ئائىت مەلۇماتلار يوق دېيەرلىكتۇر. بۇنىڭغا باراۋەر ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› بىزگە چىڭگىزخان كېلىپ چىققان قەبىلىنىڭ نەزىرىدە بۆرتەچىنە (كۆك بۆرە) بىلەن گۈزەل ئاق مارالنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. پەقەت مۇشۇ مەلۇماتلار قەدىمكى موڭغۇللارنىڭ توتېملىرى ھەققىدە سۆز ئېچىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر» ③ دەيدۇ.

دېمەك، بۇ ئەپسانىدىن بىز موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئاخىرى شىمالدىكى تۈركىي قوۋملاردا بىر مەھەل قىزغىن «مودا» بولغان «بۆرە» توتېمىنى سۈيىئىستېمال قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تارىخچى خوڭجۈن (洪钧) مۇ موڭغۇللاردىكى بۆرە ئەپسانىسىنى «تۈركىي قوۋملار مەدداھلىرىنىڭ تۈكۈرۈك چاچرانىدىسى» ④ دەپ قاراي-

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 - توم، 8 - بەت.

② «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 12 - بەت، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

③ ب. ي. ۋلادىمىرتسوف: «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى»، ئەنقەرە، 1944- يىل، تۈركچە نەشرى، 84 - بەت.

④ لى شۇخۇي (李树辉): «تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 - يىل 1 - سان، 14 - بەت.

دۇ. ياپونىيە ئالىمى ماسۇداخىسائو ( 松田寿男 ) مۇ، بۇ ئەپسانە تۈركىي قوۋملاردىن كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ.[①] موڭغۇللار بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركىي قوۋملارنىڭ توتېم ھەققىدىكى نۇرغۇن ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تۈركىي قوۋملاردا، چىڭگىز خاندانلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئىككى ئەپسانە «چىڭگىزنامە» ناملىق بىر ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ بىرى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەپسانىسىگە ناھايىتى يېقىن بىر رىۋايەتتۇر. بۇ رىۋايەتتىن مەلۇم بولۇشىچە «ئاق دېڭىز خانى ئالتۇن خاننىڭ ئۇلامىلىك (موڭغۇل رىۋايىتىدىكى گۈزەل مارال بولسا كېرەك) ئاتلىق گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز شۇ قەدەر گۈزەلكى، كۆلسە، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، دەرەخلەر ياپراق چىقىرىدىكەن. ئىللىق ھەدى يىراقلارغىچە يېتىپ بارىدىكەن. قىزنىڭ ئاتىسى قىزىنى ئاي ۋە قۇياشقا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ئېگىز بىر سارايغا قاماپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى قىز پەنجىرىدىن قارىغانىكەن، ئۈستىدىكى پارلاپ تۇرغان قۇياشقا ئىشقى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بۇ ئىش دەستىدىن ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. قىز ئاي - كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇلغا دوبۇن بايان دەپ ئات قويۇپتۇ. دوبۇن بايان چىڭگىزخاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن بىرىدۇر». بۇ رىۋايەتتە بۆرە يوقتۇر. ئىككىنچى رىۋايەت ئالانقۇۋا ئەپسانىسىدۇر. «ئالانقۇۋا تۇل قالغاندىن كېيىن، ‹قۇياش بولۇپ كىرگەن، كۆك بۆرە بولۇپ چىققان ئىشق، تىن بويىدا قېلىپ، چىڭگىزخاننى تۇغىدۇ. بۇ ئەپسانىدە كۆك بۆرىگە ئىشق ئوتى يۈكلەنگەن» .[②] دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئەپسانە، تۈركىي قوۋملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن توتېم ئورتاقلىقى

---

① ماسۇداخىسائو (ياپونىيە): «تەڭرىتاغنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» 275 ،- 276 - بەتلەر.

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 - توم، 8 ،- 9 - بەتلەر.

جەھەتتە مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە. بۆرە موتىفى موڭغۇل تۇپرىقىدا يالغۇز چىڭگىزخاننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ساھەلەرگە سىڭىپ كىرگەن. ۋۇ بىڭئەن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۆرىگە چوقۇنۇش، موڭغۇللاردا، مانجۇلاردا ۋە بىر قىسىم تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك، تېخىمۇ شىمالدىكى سىبىرىيىدە ياشايدىغان مىللەتلەردىمۇ ئوخشاش»[①] دەپ كۆرسىتىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيىلىك گراماس دارىم تەرىپىدىن يېزىلغان «كۆك موڭغۇلدا كۆك بايراق» رومانىدا، چىڭگىزخاننىڭ بۆرە بېشىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراقنى ئىمپېرىيە بايرىقى قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ» .[②] بۆرە توتېمى ھەتتا موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، قەھرىمان شەخسلەرنى كۆك بۆرىگە ئوخشىتىش ئادىتى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، مەشھۇر موڭغۇل ئېپوسى «جاڭغىر» دا، جاڭغىرنىڭ جان - جىگەر دوستى قوڭۇر ھەققىدە مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

سەن ئەمەسمۇ، ئەي قوڭۇر،
يايلاقتىكى كۆك بۆرە! . . .[③]

قوڭۇر چۈشەر ئۇرۇشقا،
ئويناقلىتىپ ئېتىنى.
قويغا تەگكەن بۆرىدەك،
ئېلىپ ياۋنىڭ جېنىنى.
مېنىڭ باتۇر كۆك بۆرەم،

① ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۆچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 94 - بەت.
② ئۆمەرجان ئىمىن: «بۆرە توتېمى ھەققىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 يىل 3 -سان، 26 - بەت.
③ «جاڭغىر» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 175 - بەت.

چاڭ سالىسەن قويلارغا

مۇرەمدىكى شۇڭقارسەن،

ئۇۋ ئوۋلىغان چاغلاردا.[1]

موڭغۇل ئالىمى زاراگا «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى «كۆك بۆرە» بىلەن «ئاق مارال» ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆك بۆرە» ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە، باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش روھىغا، مىسلىسىز قەھرىمانلىقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئەرلىك جاسارەتكە، يۈكسەكلىككە ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشكە سىمۋول قىلىنغان. «ئاق مارال» بولسا، ئاياللىق نازاكەتكە، مۇلايىملىققا ۋە كۆيۈمچانلىققا سىمۋول قىلىنغان».[2] دېمەك، تۇتېم ئېڭى موڭغۇل ئېپوسلىرىدا، پسىخىك تەسۋىر ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە قەدەر سىڭىپ كىرگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىلخانىلار خانلىقى[3] دەۋرىدىكى ئوردا رەسىملىرىدە «كۆك بۆرە» ئوبرازى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (10 -، 11 - رەسىم)

«ئىلخانىيە» ياكى «ئىلخان» موڭغۇل تىلىدا «ئەل بېشى، پادىشاھ، ئىمپېراتور» مەنىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ فېئودالىق دۆلەت دائىرىسى ئىران، ئەرەب - ئىراق، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، گرۇزىيە، تۈركىيە قاتارلىق جايلارنىڭ غايەت زور تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى يەنى جوجىخاننىڭ ئوغلى ھۇلاگوخان 1263 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي خانى قۇبلايخاننىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، رەسمىي «ئىلخانىيە» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.[4]

---

① «جاڭغىر»، 242 -، 482 - بەتلەر.

② زاراگا: «‹كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال› رىۋايىتى توغرىسىدا» — «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 - يىللىق 4 - سان.

③ 1263 - يىلى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا ھۇلاگوخان (چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى) تەرىپىدىن قۇرۇلغان موڭغۇل خانلىقى.

④ «ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەللىرى تارىخى»، موسكۋا، 1957 - يىل، 233 - بەت.



10 ـ رەسىم. ئېلخانىلار دەۋرىدىكى بۆرە باققۇچىلار (تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان تۈرك تارىخىغا ئائىت فاتىخ ئالبۇمىدىن)

ئېلخانىلار دەۋرىدىكى سەنئەتكارلار بۆرە ئەپسانىلىرىنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. ۋە زور دەرىجىدە بېيىتتى. بۇ دەۋردىكى سەنئەتكارلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا، بۆرە ئادەملەر قولىغا كۆندۈرۈپ، قەدىرلەپ باقىدىغان ئىلاھىي مەخلۇققا (10 ـ رەسىم) ياكى تەبىئەتتىن چەكسىز ۋەھشىيلىكى ۋە قۇدرەتلىكلىكى چىقىپ تۇرغان، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەييار تۇرغان ھايۋانغا (11 ـ رەسىم) ئايلاندى. دېمەك، بىز ئېلخانىلار دەۋرىدىكى ئوردا رەسىملىرىدىن باشقا مۇشۇ دەۋرگە ئائىت بۆرە توتېمى ھەققىدىكى باشقا مەلۇماتلارنى ئۇچرىتالمايمىز. «موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى يازغان مۇ-

سۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ھېچبىرى بۆرە ھەققىدە سۆز ئاچمايدۇ. بىرقانچە «چىڭگىزنامە»لەرنى كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئوبۇل-غازى باھادىرخانمۇ رەشىدىدىنگە ئوخشاشلا بۆرتەچىنە (موڭغۇلچە كۆك بۆرە)نى پەقەت بىر شەخس نامى دەپ كۆرسىتىدۇ».① بۇنىڭدىن قارىغاندا، كېيىنكى دەۋرلەردە موڭغۇللاردىمۇ بۆرە توتېمى تەدرىجىي سۇسلىشىپ، بارا-بارا مودا دەۋرىدىن قالغان.



1



2

11 - رەسىم. ئېلخانىلار دەۋرىدىكى سەنئەتكارلار سىزغان بۆرە ئوبرازلىرى (فاتىخ ئالبۇمىدىن)

ھەممىگە مەلۇمكى، بۆرە توتېمى ئەڭ دەسلەپ تۈركىي تىل-لىق خەلقلەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بولغان شىمالدىكى بىر قە-

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 - توم، 9 - بەت.

سىم ئۇششاق ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ توتېمى ئىدى. كېيىنچە ئۇ بارا - بارا تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تۈركىي تىللىق باشقا خەلقلەرنىڭ توتېمى بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل شىمالدىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە توتېم بولدى. شىمالدىكى مىللەتلەردە بۆرىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشىدىكى سىر نېمە؟ نېمىشقا بۆرە سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەردە ھەممە قىزىقىدىغان مودا توتېم بولۇپ قالدى؟

دەرۋەقە، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان چىگىش مەسىلە، شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمىز (تەپسىلىي مەزمۇنىنى ئۈچىنچى بابتىن كۆرۈڭ):

1) سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەر ئورتاق تېررىتورىيە ۋە ئورتاق مەنبەداشلىققا ئىگە. چۈنكى ئۇلار تارىختىكى ئالتاي مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئېتنىك مەنبە جەھەتتىنمۇ كۆپىنچىسى سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى سىرلىق زونىدا پەيدا بولغان ۋە ئاۋۇغان. شۇڭا، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق توتېمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قايسى قەبىلە ۋە مىللەتتە پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ناھايىتى تېزلا بۇ رايوندىكى باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە ۋە ئۇلۇس قوۋملارغا ئۆتۈشۈش، تارقىلىش، كېڭىيىش ئىمكانىيىتى زور.

2) سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەر ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورتاق تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە. ئۇلار ئىزچىل تۈردە كۆچمەن چارۋىچىلىق (قىسمەن ئوۋچىلىق) بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئات ئۈستىدە ياشاپ كەلگەچكە، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت قوينىدىكى يىرتقۇچ بىلەن كۆپ ئۇچرىشاتتى ۋە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن بۆرىنىڭ خاراكتېرى بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۆرە داۋاملىق تۈردە ئۇلار-

نىڭ چارۋىلىرىغا زىيان سالاتتى، بەزىدە ھەتتا ئادەمگىمۇ خەۋپ يەتكۈزەتتى. شۇڭا، بۆرىدىكى بۇ خىل «تەبىئەتتىن تاشقىرى زور ئىلاھىي ئىقتىدار» ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك گۇمان پەيدا قىلىپ «تەڭرىلىك» سۈپىتىگە ئورۇن راسلىغان.

3) سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ قېتىم مەلۇم بىر سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن ۋە يۇغۇرۇلما يايلاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان. تارىختا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھۇنلار، سىيانپىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىتانلار، قىرغىزلار، موڭغۇللار سەلتەنەت سۈرگەن. ھەر بىر قېتىملىق سىياسىي كۈچ مەيدانغا چىقىشى بىلەن تەڭ، بۇ رايوندىكى ھەرقايسى كۆچمەن خەلقلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغان. مەسىلەن، كۆك تۈرك خانلىقى شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۆرە توتېمىنى خانلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ، بايراق - گېربلارغا بۆرە بېشىنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق مىللەتلەردە بۆرىگە بولغان تونۇش بىرلىككە كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ بۆرە توتېمىغا بەيئەت قىلغان. نەتىجىدە شىمالدا قۇرۇلغان كېيىنكى خانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەنئەنىنى قوبۇل قىلغان.

4) سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولغاچقا، تەبىئەتتىكى جىمى شەيئىلەردە، بولۇپمۇ ھايۋانلاردا روھ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۆرە شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى زور بولغاچقا، شامان ئەقىدىسىدىكى خەلقلەر بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى يامان روھلاردىن، بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلىشىنى تىلىگەن. نەتىجىدە بۆرە شامان دۇنياسىدىكى قوغدىغۇچى ئىلاھقا ئايلانغان.

5. سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى خەلقلەر تىل، تېررىتورىيە، دىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى، قويۇق ئالاقە ۋە ئېتنىك قوشۇلۇش قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلاردا ئورتاق پسىخىك - خاراكتېر، ئورتاق تەپەككۇر شەكلى ۋە ئورتاق ئېستېتىك سېزىم شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئات ئۇستىدىكى بۇ چەۋەنداز خەلقلەر ئۇچۇن، كۈچلۈكلۈك، غالىپلىق، قاراملىق ۋە ھېچنېمىدىن يانماسلىقتەك روھ گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك شەكلى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇ جەڭگىۋارلىقنى پەقەت ئەسەبىي يىرتقۇچ مەخلۇق بۆرە جىسمىدىنلا كۆرەلىگەن ۋە ھېس قىلالىغان. شۇڭا، «بۆرە قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەربىي جەڭگىۋارلىقىنى ئەڭ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئوبرازدۇر. بۇ ئوبراز شۇ خەلقلەرنىڭ باتۇر، ئۇرۇشخۇمار، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خاراكتېرىگە باب كېلىدۇ. ئۇلار ۋەھشىي ھايۋانلارنى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ۋە باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايتتى، شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئەينى دەۋردە ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان ھېسابلانغان بۆرىگە باغلاپ شەرەپ ھېس قىلغان. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى بۆرە ئوبرازى قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن» .①

## 3. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە ئىككى چوڭ توتېم چەمبىرىكىنىڭ شەكىللىنىشى

سەددىچىننىڭ شىمالىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تارىختىكى ئالتاي مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئالتاي تىللىرى

① راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئۇستىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىل، 1 - سان، 68 - بەت.

سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان ئات ئۈستىدىكى كۆچمەن يايلاق خەلقلىرى (Back horse nomads) ھېسابلىنىدۇ. خۇددى رۇس ئالىمى ۋىلادىمىر باسىلوف ئېيتقاندەك: «ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئات ئۈستىدىكى كۆچمەن خەلقلەر غەربتە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدىن تارتىپ، شەرقتە جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا، ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ قىستىشى بىلەن تىنىمسىز كۆچۈپ، ئوت - چۆپ ۋە سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ ياشاشتەك كۆچمەنچىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ياراتقان. شۇنداق بولغاچقا ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى يايلاق خەلقلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئىزچىل تىركىشىپ ياشاشتەك ئالاھىدە تۇرمۇش شەكلىنى بەرپا قىلغان...» ① شۇ سەۋەبتىن ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش، جۈملىدىن توتېمغا چوقۇنۇش دەل مۇشۇ رايوندا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەت ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق تىل بىرلىكى، ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى شۇنداقلا ئورتاق ئىپتىدائىي ئېتىقاد — شامان دىنىنىڭ تەسىرىدە، مىللىي پسىخىك - خاراكتېر، تەپەككۇر شەكلى ۋە ئېستېتىك قىزىقىش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ توتېم ئېتىقادىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئورتاقلىقلار شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە شەكىللەنگەن بۆرە توتېمى بىلەن ئېيىق توتېمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ توتېم چەمبىرىكى بىزنىڭ تەتقىقات نەزىرىمىزنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ.

---

① «ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۆچمەن خەلقلەر» ، لوس - ئانژېلىس، 1989-يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 - بەت.
(Nomads of Eurasia, Natural history Museim of Los Angeles County, Los Angeles, California, Feb. — Apr. 1989, p. 1)

ھەممىگە مەلۇمكى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ چوڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ كۆپ ساندىكى مىللەتلەردە بۆرە توتېمى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر مەدەنىيەت رايونىنى يەنى بۆرە توتېمى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە بۆرە توتېمى بىلەن باغلىنىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ناھايىتى تېپىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى بۆرىگە باغلايدۇ. ئۇلاردا بۆرە ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك بۆرىنى بىرخىل مۇقەددەس ھايۋان سۈپىتىدە ئۇلۇغلاي- دۇ. ئۇلار بۆرىنى قوغدىغۇچى روھ دەپ قاراپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە، بۆرە توتېمى بىلەن باغلىنى- دىغان پەرھىز (تابۇ) لارنى، ئۆرپ - ئادەتلەرنى ۋە تۈرلۈك ئەنئە- نىلەرنى ياراتقان.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ يەنە بىر چوڭ تارمىقى ھېسابلانغان مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىل- لەتلەردە، جۇملىدىن ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكى، خېجې، چاۋشيەن ۋە داغۇر مىللەتلىرىدە، ئېيىق توتېمى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇلار ئېيىق توتېمى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت چەم- بىرىكىنى ھاسىل قىلغان. ئېيىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىرخىل ئىلاھىي مەخلۇق بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ئاپرىدە قىلغان مۇقەد- دەس كۈچلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلاردا ئېيىق توتېمى بىلەن باغلىنىدىغان نۇرغۇن پەرھىزلەر مۇكەممەل ئادەت سۈپىتى- دە ھېلىھەم ساقلانماقتا، مەسىلەن، ئۇلار ئېيىقنىڭ نامىنى بىۋا- ستە ئاتاشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرى بىلەن ئېيىق ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىرخىل قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قاراپ، ئۇنى «بوۋا» ، «موما» ، «تاغا» دېگەندەك ھۆرمەت

ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ.①

سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى تۇنگۇس تىللىق مىللەتلەردىن باشقا يەنە پۈتكۈل سىبىرىيىدىكى مانجۇ - تۇنگۇس، موڭغۇل ۋە تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم چارۋىچى مىللەتلەر-دە، ياپونىيىنىڭ شىمالى ۋە كۇيىپ ئارىلىدىكى ئەينۇلاردا، شىما-لىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئېسكىموسلاردا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىدە ئېيىق توتېمى ئېتىقادى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. سېن جياۋۇ ئەپەندىمۇ، ئېيىق توتېمى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن، ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا شتاتىغا، باي-قال كۆلى ۋادىسىغا، جۇڭگونىڭ خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ھاۋزىسى-غا، ياپونىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۇيىپ ئاراللىرىغا تارقال-غان، بۇ رايونلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سوغۇق، ئورمانلىرى قويۇق بولۇپ، ئېيىقلارنىڭ ياشىشىغا قولايلىق كېلىدۇ. دەي-دۇ.② شۇڭا، مۇشۇ رايوندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسى-مى ئېيىقنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى توتېم قىلغان ۋە چوقۇنغان شۇنداقلا ئۆزگە خاس ئېيىق توتېمى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

تۇنگۇس تىللىق خەلقلەردىن داغۇر، خېجې ۋە مانجۇلاردا، بولۇپمۇ ئېلۇنچۇنلاردا، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئېيىقتىن كېلىپ چىققانلىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر تارقالغان. مەسىلەن، ئېلۇنچۇنلاردا مۇنداق بىر ئەپسانە بار: «ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، بىر ئوۋچى تۇيۇقسىزلا بىر چىشى ئېيىق تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلىپتۇ، چىشى ئېيىق سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئوۋچىنى ئۆڭكۈرگە سولاپ قويىدىكەن، بىرقانچە يىللاردىن كې-يىن، چىشى ئېيىق تۇغۇپتۇ. بىر كۈنى ئېيىق بالىسىنى ئەگەش-تۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ھېلىقى ئوۋچى قېچىپ كېتىپ-

① ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1989-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 74 - بەت.

② سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى» شۆلىن نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 21 - بەت.

تۇ. ئېيىق ئوۋچىنى قوغلاپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن قايتىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. بىراق ئوۋچى ئۇنىماپتۇ. ئېيىق ئاچچىقىدا بالىسىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئېيىق بالىسىنىڭ ئېيىقنى ئەگەشكەن قىسمى ئېيىققا، ئوۋچىنى ئەگەشكەن قىسمى ئېلۇنچۇن خەلقىگە ئايلىنىپتۇ.»①

شىمالدىكى مىللەتلەردە غەيرىي مەخلۇقلار بىلەن جۈپلىشىش ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرى — ئادەم بىلەن بۆرە، ئادەم بىلەن ئېيىقنىڭ قوشۇلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردۇر.②

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئىككى چوڭ توتېم چەمبىرىكىگە ئايرىشقا قارشى تۇرىدۇ. تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىم دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى باسقۇچىدا بىر مىللەتتىكى بىرقانچە ئۇرۇقنىڭ بىر ھايۋانىي تەڭلا توتېم قىلىشى ناتايىن.③ چۈنكى توتېم بىر ئۇرۇقنى يەنى بىر ئۇرۇقتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە بەلگە. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئىككى چوڭ مەدەنىيەت رايونىغا — يەنى تۈركىي مىللەتلىرىنى مەركەز قىلغان بۆرە مەدەنىيىتى رايونى ۋە مانجۇ - موڭغۇل مىللەتلىرىنى مەركەز قىلغان ئېيىق مەدەنىيىتى رايونىغا ئايرىش تېخىچە يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايدۇ.④

بىراق، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىنى كونكرېت دەۋر ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن جەريان، ئومۇمىي

---

① چيۇ فۇ: «ئېلۇنچۇن جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

② ③④ لاڭ يىڭ / دېن چىن دورجى تۈزگەن: «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 25-، 26- بەتلەر.




12 ـ رەسىم. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ توتېم ئېتىقادى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى چۈشەندۈرۈش سىخېمىسى.

ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش كېرەك. چۈنكى توتېم گەرچە ئىپتىدائىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىپتىدائىي

ئېتىقاد بولىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېڭىغا، مەدەنىيىتىگە، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بولغان تەسىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا بىز توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئىككى چوڭ توتېم چەمبىرىكىگە ۋە بىر ئارىلاشما مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئايرىيمىز (12 - رەسىمگە قاراڭ).

تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەر، غەربتە قارا-دېڭىز بويلىرىدىن شەرقتە تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچى، سىبىرىيىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي ۋە غەربىي قىسمىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى توتېم قىلغان ۋە بۇ ھەقتە رەڭگا - رەڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، تۇرلۇك ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. شۇڭا، بىز بۇ رايوننى تۈركىي مىللەتلەرنى مەركەز قىلغان بۆرە توتېمى مەدەنىيەت چەمبىرىكى دەپ ئاتايمىز.

مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەر جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن غەربتە بايقال كۆلى ۋە ئوتتۇرا سىبىرىيە رايونىدىن شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، ھىنگان تاغلىرى ۋە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ھاۋزىلىرىغا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئېيىقنى توتېم قىلىپ، ئېيىق توتېمى بىلەن باغلىنىدىغان تېپىك كۆچمەنچىلەر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇڭا، بىز مانجۇ - تۇنگۇس تىللىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت رايوننى ئېيىق توتېمى مەدەنىيەت چەمبىرىكى رايونى دەپ ئاتايمىز.

ئەمدى موڭغۇل تىللىق مىللەتلەرگە كەلسەك ئۇلار جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش جەھەتتە يۇقىرىقى ئىككى توتېم چەمبىرىكى رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئۇلار ھەر ئىككى توتېم رايونىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە بۆرە توتېمى، يەنە بەزىلىرىدە ئېيىق توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بار بو-

لۇپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزگە خاس بولغان توتېم چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلالمىغان. شۇڭا بىز ئۇلارنى ئارىلاشما تىپ ياكى ئارىلاشما توتېم رايونى دەپ ئاتايمىز.

سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنى توتېم ئېتىقادى نۇقتىسىدىن بۆرە ۋە ئېيىق توتېمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تىپقا ۋە بىر ئارىلاشما تىپقا بۆلۈش بىزنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرىمىز بولۇپ، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 4. ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى

بىز شىمالدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بۆرە توتېمى ئېتىقادى ئۈستىدە سۆز ئېچىۋاتقىنىمىزدا، تەسەۋۋۇرىمىز ئىختىيارسىزلا بىزنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئىندىئانلاردا بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى مەۋجۇت. ئامېرىكا ئالىمى مورگان بۇ ھەقتە بىزنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىنسانشۇناس تەيلور: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، يەر شارىدىكى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىقى يىراق بولغان جايلاردا پەيدا بولغان جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا ياشايدىغان تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز»① دەيدۇ.

① ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

ئىندىئانلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تارقالغان يەرلىك ئىپتىدائىي خەلق بولۇپ، ئىلىم ساھەسى توتېم مەدەنىيىتىنى ئەڭ دەسلەپ ئۇلاردىن بايقىغان. ئاتاقلىق دىن تەتقىقاتچىسى توكارېۋ: «دۇنيادىكى ئەڭ تىپىك توتېم ئېتىقادى ھادىسىسى ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىك خەلقلەردە كۆرۈلىدۇ»[1] دەيدۇ. بىراق، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئەڭ تىپىك بۆرە توتېمى ئېتىقادى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىغا مەنسۇپتۇر. شۇڭا، مورگان: «ئومۇمەن ئوخشاش تەرەققىيات ھالىتىگە يەتكەنلىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى ۋە تەجرىبىلىرى ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوخشاش ھالەتتە ياشىغان تارىخىغا ۋە تەجرىبىلىرىگە ھەر ھالدا ۋەكىللىك قىلالايدۇ»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىمۇ خۇددى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئوخشاشلا مۇكەممەل ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مورگاننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ سىياسىي ئۇسۇلى ئۇرۇقداشلىق بىلەن باشلىنىپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئاخىرلاشقان. . . بىرىنچى، ئۇرۇقداشلىق — ئورتاق ئۇرۇق نامىغا ئىگە قانداشلىق تەشكىلاتى؛ ئىككىنچى، قوۋم — تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بىر قانچە ئۇرۇقنىڭ بەزى ئورتاق مەقسەتلەرنى كۆزلەپ ئۇيۇشقان تېخىمۇ ئالىيراق بىر خىل گۇرۇھى؛ ئۈچىنچى، قەبىلە —

---

① C . A . توكارېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) : «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدىكى دىنلار»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 44 - بەت.

② مورگان (ئامېرىكا) : «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 5 - بەت.

بىرقانچە ئۇرۇقتىن ئۇيۇشقان بىرخىل گۇرۇھ بولۇپ، ئادەتتە بىرمۇنچە قېرىنداش ئۇرۇقلارغا بۆلۈنىدۇ. قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىرخىل شېۋىدە سۆزلىشىدۇ؛ تۆتىنچى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى — قەبىلىلەر ئەزالىرى بىر تىل سىستېمىسى بويىچە ئۆز ئالدىغا ھەرخىل شېۋىدە سۆزلىشىدۇ. مۇنداق تەشكىلىي سىستېمىنىڭ نەتىجىسىدە بىرخىل ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ۋۇجۇدقا چىققان». ① دېمەك، ئىندىئانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى باشقا ھەرقانداق ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل ساقلانغان.

ئىندىئانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدا توتېمغا تېۋىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىدە بىر مۇنچىلىغان ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېمى بار ئىدى. ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئۇرۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ كۆپ تارقالغىنى بۆرە بىلەن ئېيىق توتېمى ئىدى. مورگان ئۆز كىتابىدا تىلغا ئالغان 400 گە يېقىن ئىندىئان ئۇرۇقلىرى ئىچىدە، 30 نەچچە ئۇرۇقنىڭ بۆرە بىلەن ئېيىقنى، 20 نەچچە ئۇرۇقنىڭ بۇغا بىلەن تاشپاقىنى توتېم قىلغانلىقىنى بايقىغان. ② مەسىلەن، ئىروكوز قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ سېنېكا، كايۇگا، ئونونداگا، ئونېيدا، موخاۋك، تۇسكارورا قاتارلىق ئالتە قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى بولۇپ سانىلىدىغان جەمئىي ئالتە ئۇرۇق پۈتۈنلەي بۆرىنى توتېم قىلغان بولۇپ، ئۇرۇق ناملىرىمۇ بۆرە نامى بىلەن ئاتالغان. ③ بىز بۇنىڭدىن ئىندىئانلاردا بۆرە توتېمىنىڭ باشقا ھەرقانداق توتېملاردىنمۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» 1 - كىتاب، 127 -، 128 - بەتلەر.

② خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 52 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

③ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 135 - بەت.

ئىندىئانلارنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغان ئۇرۇق قەبىلىلىرىدە بىر يۇرۇش قائىدە - نىزاملار ساقلانغان بولۇپ، ياشلار قورامىغا يەتكەندە توتېم گۇرۇھىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلەتتى، يىگى ئەزالار توتېم نامىنى مەشق قىلاتتى. توتېم هايۋانغا تەقلىد قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى فرازېرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا: «ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدىكى بۆرىنى توتېم قىلىغان قەبىلىنىڭ ياشلىرى قورامىغا يەتكەندە، يەرگە تىزلىنىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرى تەقدىم قىلغان قوراللارنى ئالىدىكەن ھەمدە ئۆز توتېمى بولغان بۆرىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىنى ئۆگىنىدىكەن. . . » .[1] سېن جياۋۇ ئەپەندىمۇ، ئۆزىنىڭ «توتېم سەنئىتى تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «تېكساس (Texas) شتاتىدىكى ئىندىئانلارنىڭ بۆرە قەبىلىسىدە، ياشلار قورامىغا يەتكەندە، بۆرە تېرىسىنى يېپىنىپ، بۆرىنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدۇ»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بىر قىسىم ئىندىئان قەبىلىلىرىدە، ئۆزلىرى تېۋىنغان توتېملىرىنىڭ تېرىلىرىنى كىيىم قىلىپ ياساپ، توتېملىرىغا تەقلىد قىلىش ئادەتلىرى ساقلانغان. «ئىندىئانلارنىڭ مىننېتارىس (Minnetarees) قەبىلىسىدە، قەبىلە ئەزالىرى پۈتۈن سويۇلغان بۆرە تېرىسىنى كىيىم قىلىپ، بۆرە قۇيرۇقىنى دۈمبىسىگە ئېسىپ قويىدىكەن. كىيىمنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، بېشىنى چىقىرىدىكەن، بۆرىنىڭ كاللىسىنى بولسا، كىيىمنىڭ مەيدە قىسمىغا ساڭگىلىتىپ قويىدىكەن» .[3]

ئۇندىن باشقا ئىندىئانلاردا توتېم سەنئىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار قورال - سايمانلىرىغا، تۇرالغۇ جايلىرىغا

---

① J. G. فرازېر (ئەنگلىيە): «توتېمغا تېۋىنىش ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش». لوندون، 1910 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 138 - بەت.
(J. G. Frazer: Totemism and Exogamy. Vol. 3. p. 138. London, 1910)

② سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 44 -، 45 - بەتلەر.

③ سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 42 - بەت.

ۋە توتېم تۈۋرۈكلىرىگە ئۆز توتېملىرىنىڭ رەسىملىرىنى نەقىشلىگەن. بولۇپمۇ ئىندىئانلارنىڭ كۋاكىنتال قەبىلىسى بىلەن دېلاۋارىس قەبىلىسىدە بۆرە رەسىملىرىنى نەقىشلەش ناھايىتى ئەۋج ئالغان. كۋاكىنتال ۋە دېلاۋارىس قەبىلىلىرىنىڭ بۆرە ئۇرۇقىدىكى كىشىلەر توتېم تۈۋرۈكلىرىگە بۆرە تىرنىقى ۋە بۆرە ئوبرازىنىڭ باشقا ئەزالىرىنى تەسۋىرلەيدىغان نەقىشلىك رەسىملەرنى ئويۇپ ساقلىغان.① (13-، 14 - رەسىملەرگە قاراڭ).



13 - رەسىم. كۋاكىنتال ئىندىئانلىرىنىڭ قېيىق بېشىغا ئويغان بۆرە ئوبرازى

بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئالىمى فرانس بوئاس (Frans Boas) ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي سەنئەت» ناملىق ئەسىرىدە بىزگە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا يەنە توتېم ئۇسسۇلى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئۇسسۇللار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇلار بۆرە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن توتېم تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۆزلىرىنى بۆرىگە ئوخشاش

① سېن جياۋۋ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 45 - بەت.

نىقاپلاپ، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىنى دوراپ ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشقان، مورگان بۇ ھەقتە توختىلىپ: «دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ياۋايىلار ئۆز ئۇسسۇلىنى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك خەلقلەردەك پۈتۈن زېھنى بىلەن راۋاجلاندۇرغان ئەمەس. ئۇلاردىكى ھەر بىر قەبىلىنىڭ 10 — 30 يۈرۈش ئۇسسۇلى بار ئىدى: ھەر يۈرۈش ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى، ناخشىسى، سازى، قەدەم ئېلىشلىرى، شەكلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى بولاتتى»[1] دەيدۇ.




14 - رەسىم. كۋاكىنتال ئىندىئانلىرىنىڭ توتېم تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان بۆرىنىڭ باش، ئومۇرتقا ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ شەكلى

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ نەسىل - نەسەب تۈزۈمى ۋە مىراسخورلۇق قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك توتېم ئېتىقادىغا

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 219 - بەت.

بويسۇناتتى. ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەرنى توتېم ئېتىقادىنىڭ پرىن-سىپلىرى بويىچە ھەل قىلاتتى. «ئالكونگون ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ شاۋنىلار قەبىلىسىدىكى بۆرە ئۇرۇقىنىڭ لا - خو - ۋى دېگەن باشلىقى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئۆز ئوغلى ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئىگىچە - سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنى ۋارىس قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىـ-غانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ جىيەنى بېلىق ئۇرۇقىغا، ئۇنىڭ ئوغلى بولسا توشقان ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ باشلىق-لىق مەنسىپى بۆرە ئۇرۇقىغا مىراس قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئە-گەر باشتا نامىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن بۆرە ئۇرۇقىغا كىرمە-سە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇنىڭ باشلىقلىق مەنسىپىگە ۋا-رىسلىق قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەنى ئۆز نامى-نى بۆرە ئۇرۇقداشلىرى قوللىنىدىغان نامغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ‹تايىپ - ئا - تا - گ - سې› دەپ ئاتىغىنىدىن كېيىنلا بۇ مەنسەپكە سايلىنالىغان» . ①

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغان ئۇرۇق - قەبىلىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە بۆرىگە باغلاپ، بۇ ھەقتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەپسانە - رىۋا-يەتلەرنى ياراتقان.

## 5 . قەدىمكى رىملىقلاردا بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى

شەرقتە، تېخىمۇ توغرىسى ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى كۆچ-مەنچى قوۋملاردا بۆرە توتېمى تازا ئەۋج ئېلىۋاتقان چاغدا، جەنۇ-بىي ياۋروپادىكى ئېگەي دېڭىزى بىلەن ئادرىياتىك دېڭىزىنىڭ

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 223 - بەت.

يېنىك دولقۇنلىرى يالاپ تۇرغان ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىمۇ ئوخشاشلا بۆرە توتېمى مەيدانغا كەلدى. . .

يەر شارىنىڭ ئىككى چېتىدىكى بىر - بىرى بىلەن قىلچىمۇ ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىپتىدائىي توپلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى توتېم ئېتىقادىدىكى غايەت زور ئوخشاشلىق، بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

مورگان: «ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى بىرلا بولغانلىقتىن، كەچۈرمىشلىرىمۇ ئاساسەن بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ»① دەيدۇ. تەيلورمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئىتالىيىلىكلەرنىڭ (پۈتۈن دۇنيا بىرلا مەملىكەت) دېگىنى ئاساسسىز ئەمەس؛ ئوخشاشلىق بىلەن بىردەكلىككە ھېچ بولمىغاندا، مۇنداق ئىككى جەھەتتىن جاۋاب ئىزدىگىلى بولىدۇ: بىرى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئوخشاشلىقى؛ يەنە بىرى، ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشاپ كېتەلىشى. . . »② دەپ كۆرسىتىدۇ.

كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغىنى شۇكى، رىم تارىخىنىڭ بىرىنچى بېتى بۆرە ئەپسانىسى بىلەن باشلانغان. «رىم مۇزېيىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بىر مىس ھەيكەل ساقلانغان: بىر چىشى بۆرە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقارغان ھالدا، تۆت ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قارىماقتا. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ تېگىدە بىر جۈپ ئوغۇل بوۋاق بۆرىنىڭ ئەمچىكىنى ئەممەكتە. بۇ مىس ھەيكەل قېزىۋېلىنغىلى 400 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن 2800 يىل ئاۋۋالقى رىملىقلارنىڭ توتېم ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ»③.

ناھايىتى ئەپسۇس، رىملىقلار گرېكلاردەك قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا باي ئەمەس. شۇنداقلا ئۇلاردا قۇتقۇزغۇچى بۆرە ئەپ-

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 5 - بەت.
② ئېدۋارد تەيلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، 6 - بەت.
③ «توتېم مەدەنىيىتىگە دائىر 100 ھېكايە»، 43 - بەت.

سانىسىدىن باشقا، يۇنانلىقلارنىڭ رەڭگارەڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدەك ئاغزاكى ئەدەبىيات ساقلانغان ئەمەس. مورگاننىڭ پىكرىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ: «لاتىن قەبىلىلىرىنىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى تارىخىنىڭ رومۇلۇس (Romulus) تىن بۇرۇنقى ئىشلارغا تۇتۇشىدىغان قىسمى گرېكلەرنىڭكىدىنمۇ ئاز. چۈنكى گرېكلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى خېلى بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئەدەبىي ھەۋىسىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ كۆپ قىسمى رىۋايەتلەردە ساقلىنىپ قالغان». ① دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندا، رىملىقلارنىڭ تارىخى بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان رومۇلۇستىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار ھەققىدە خۇددى مورگان قەيت قىلغاندەك، «ھېچقانداق ئۇچۇر يوق»②.

رىملىقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى تارىختىكى ئاتالمىش «رومۇلۇس دەۋرى» دىن باشلاپ مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 752 - يىلى رىم شەھرىنىڭ بىنا قىلىنىشى دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان. «لاتىن قەبىلىلىرى تارىخ بارلىققا كەلگەن دەۋرگە قەدەم قويۇشقا باشلىغان چاغدىكى تۈزۈملەر ئىچىدە، رومۇلۇس ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى رىم ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتە ئاساس قىلغان تەشكىلات ئۇرۇق، كۇرىيە ۋە قەبىلىدۇر». ③ رىملىقلار مانا مۇشۇ ئاساستا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. «رىملىقلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاساسىدا بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنى بەرپا قىلغانلىقى ئىنسانىيەت تەجرىبىسىدە بىر قالتىس چوڭ ۋەقە. ئاشۇ ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە تارقىلىپ كېلىشىدە، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى رىۋايەت تونىغا ئورۇنۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى قويۇپ تۇرساقمۇ، لېكىن رومانتىك تۈس ئېلىپ

① ② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 548 - بەت.
③ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 550 - بەت.

قىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس». [1]



مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-، 6- ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىنغان «رىم ئانا بۆرىسى» ناملىق مىس ھەيكەل (بۇ ئانا بۆرىنىڭ مىس ھەيكىلى 16 - ئەسىردە قېزىۋېلىنىپ ئاستىغا ئىككى بوۋاقنىڭ ھەيكىلى قوشۇلۇپ بېزەلگەن.)

رىم تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ شەخس رومۇلۇس بىلەن رىم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى بېتىنى تەشكىل قىلغان بۆرە ئەپسانىسىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشى، رىملىقلار نەزىرىدىكى بۆرە ئوبرازىنى چەكسىز يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە رىم مۇزېيىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق بىر كىشى قەدىمكى رىملىقلاردا تارقالغان رومۇلۇس بىلەن بۆرە ھەققىدىكى سىھىرلىك ئەپسانە (ئەسلى مەزمۇنىنى ئىككىنچى بابتىن كۆرۈڭ) نى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ.

دېمەك، مۇشۇ ئەپسانىدىن مەلۇمكى، رىملىقلارنىڭ رىۋايەت تونىغا ئورالغان تارىخى ۋە ئەدەبىياتى بۆرە ئوبرازى بىلەن باشلان-

---

[1] مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 609 - بەت.

غان. دېمەكچىمۇ رىملىقلارنى تەشكىل قىلىپ، رىم شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان، ۋۇجۇددا بۆرە سۈتى بولغان رومۇلۇس، ئەمەلىيەتتىمۇ «لاتىنلارنىڭ بىر قەبىلە ئاقساقالى ئىدى». ①

رومۇلۇسنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر، «رىم شەھىرىگە 300 ئۇرۇق توپلانغانىدى. ئۇلار قەبىلىنىڭ قانداشلىقى جەھەتتە ئازراق پەرقلەنگىنىگە قارىماي، بۇ يەردە قېرىنداش ئۇرۇق ۋە قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشقانىدى». ② نەتىجىدە «ئانا بۆرە» ئۇلار بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئومۇمىي توتېمغا ئايلانغان. گەرچە باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرى ئايرىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا، ئۆز توتېملىرىدىن ۋاز كېچىپ بىردەك بۆرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولغان. تارىخشۇناس رېنېل (Renel) نىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، رىملىقلار بەش خىل ھەربىي بايراق ئىشلەتكەن بولۇپ، بىرىنچىسىگە بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، قالغان تۆت بايراققا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئات، قاۋان، بۇركۈت ۋە كالا باشلىق، ئادەم تەنلىك غەيرىي مەخلۇقلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئۇلارنىڭ توتېم بەلگىلىرى ئىكەن. ③

رومۇلۇس ئۆلگەندىن كېيىنمۇ رىملىقلار ئىزچىل تۈردە، بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى توتېم قىلىپ كەلگەن. «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرگە كەلگەندە، قەدىمكى رىم ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان». ④ «مىلادى 1 - ئەسىرگە كەلگەندە رىم ئالىمى ۋە يازغۇچىسى پۇرىنىي سىنارىس، ئۆز قەلىمى ئارقىلىق بۆرە بېشىنىڭ ئىبلىسلار ئۈستىدىكى غالىبىيىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئەينى چاغدا، رىمدىكى ھەر بىر قورۇغا بىردىن بۆرە بېشى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ ئىلاھىي سىر - ھەيۋەتكە

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 610 - بەت.
② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 - كىتاب، 613 - بەت.
③ سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 7 - بەت.
④ «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 - يىل، 1 - سان، 31 - بەت.

سىمۋول قىلىنغان. سىتسىلىيە ئارىلىدىكى خەلقلەر تاكى 19 - ئەسىرگىچە ئات ئېغىللىرىغا بىردىن بۆرە تىرنىقىنى ئېسىپ قويـغان» . ① «قەدىمكى رىم ھۆكۈمىتى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىـچە، رىم شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا رول ئوينىغان چىشى بۆرىنىڭ شەرىپىگە ھەر يىلى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تۇرغان» . ②

ھەممىگە مەلۇمكى، فائۇنۇس (Faunus) قەدىمكى رىم ئەپـسانىلىرىدىكى ئورمان ۋە دالا ئىلاھى. قەدىمكى رىملىقلار، فائۇـنۇس چارۋا - ماللارنى ۋە پادىچى - چوپانلارنى بالا - قازادىن قوغدايدۇ دەپ قارىغان. فائۇنۇسنىڭ يەنە بىر ئىسمى لۇپېركۇس (Lupercus) بولۇپ، ئۇنىڭ لاتىن تىلىدىكى مەنىسى «بۆرە» ئىدى. ③ دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى رىمدىكى فائۇـنۇس ئىلاھىنىڭ ئەسلى تېپى بۆرە توتېمىغا باغلىنىدۇ.

## 6 . بۆرە توتېمىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئىلاھىي ئوبرازى

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر ھايـۋان بۆرىگە ئوخشاش بۇنداق چوڭ ئىلاھىي ئىمتىيازغا ئېرىشىپ باققان ئەمەس، بۆرە توتېمىنىڭ سىرلىق ئىزلىرىنى يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئىلاھىي بۆرىنىڭ تۈركىي قوۋمـلاردا، موڭغۇللاردا، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا، ئىرانلىقلاردا، مىسىرلىقلاردا، يۇنانلىقلاردا، رىملىقلاردا، شىمالىي ياۋروپالىقـلاردا، سلاۋيان مىللەتلىرىدە ۋە سىبىرىيىدىكى ئىپتىدائىي

---

① «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 - يىللىق 1 - سان.

② ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، ئەنقەرە، 1980 - يىل، تۈركچە نەشرى، 16 - بەت.

③ M. H. باۋنبۆيىنىڭ: «ئەپسانىلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 139 — 140 - بەت.

قوۋملاردا زور ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلانغانلىقىنى بايقايمىز.
سېن جياۋۇ ئەپەندى: «بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى توتېمىزم دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، تارىختىن بۇرۇنقى توتېم سەنئىتىنىڭ ئىزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىگىلى بولىدۇ. كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئۆڭكۈر خارابىلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئارقا ـ ئارقىدىن بايقالماقتا. ياۋروپادا فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمى ۋە ئىسپانىيە، شەرقتە جۇڭگونىڭ گەنسۇ ۋە ئىچكى موڭغۇل رايونلىرى، ھىندىچىنى ئارىلىدىكى ناربادا دەرياسى ۋادىسى، سىبىرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ يەرلەردىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك ھايۋانات رەسىملىرى نەقىشلەنگەن بۇيۇملار، ياۋروپانىڭ مۇز دەۋرىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش»① دەيدۇ.
ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى يېڭى بايقاشلار، بۆرە توتېمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىزلىرىنى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە باغلىشىمىزغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ دوردوگنې (Dordogne) ۋە ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتامىرا (Altamira) ئۆڭكۈر خارابىلىرىدىن بايقالغان ھايۋانات رەسىملىرى ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغىنى بۆرە ئوبرازى ئىدى.②
ئۇنىڭدىن باشقا لامادېلېنې (La Madeleine) ۋە گوردان (Gourdan) ئۆڭكۈرلىرى خارابىلىرىدىمۇ بۆرە ئوبرازىنىڭ سۈرىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن.③
ئىنسانىيەت تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، بۆرە ئىزچىل تۈردە ئىنساننىڭ ئىككى خىل تەبىئىتى (ياخشىلىق ۋە يامانلىق) گە سىمۋول قىلىنىدىغان بولدى. كلاسسىك دەۋردىكى بۆرە يەنىلا ئاشۇ ئىككى خىل سىمۋوللۇق ئەنئەنىسىنى داۋاملاش-

① سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 74 ـ بەت.
② سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 52 ـ، 53 ـ بەتلەر.
③ سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 57 ـ بەت.

تۇردى. تارىختىكى ئاتالمىش «بۆرە دەۋرى» گە مىسال سۆيلىدە، بۆرىنىڭ ئىنساننى قاراڭغۇ زۇلمەت ماكاندىن يورۇقلۇق ماكانغا باشلاپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. «ئىنجىل» نەسھەتلىرىدىكى «بۆرىلەرمۇ قوزىلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ» دېگەن قۇرلار، ئەمەلىيەتتە بۆرە ئوبرازىنى تىكلەشتىكى مېتافورىدۇر، خالاس.①

قەدىمكى رىمدىكى سىگنا (signa) بۆرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاسمان ۋە زېمىن ئىلاھى ئىدى.② ئۇندىن باشقا بۆرە يەنە ئىت بىلەن بىر قاتاردا ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى مېركورىغا سىمۋول قىلىناتتى.③

قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش ئىلاھلىرىنىڭ نامى بۆرە (Wolf) دەپ ئاتىلاتتى. گرېك ۋە رىم ئەدەبىياتىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قۇياش ئىلاھى ئاپوللو (Apollo) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى «بۆرە» بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە «بۆرىدىن تۇغۇلغان» «بۆرە سۆيەتلىك ئاپوللو» دېگەنناملىرى بار. قەدىمكى رىمدىكى لوپېركالىيە بايرىمى ئەمەلىيەتتە بۆرە بايرىمى ئىدى. بۆرىگە تېۋىنىش يەنە قەدىمكى ئىران، ئىسكىف (ساك) ۋە ياپونلار ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇلار بۆرىنى ئۇلۇغ ئىلاھ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىغان. بۆرە يەنە سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش ئىلاھى ئودىن (Odin) غا، فىنلاندىيىلىكلەرنىڭ ئۆلۈم ئىلاھىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۆرىنىڭ شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى نامى فېنرىر (Fenrir) ياكى فېنرىسۋولف (Fenriswolf) ئىدى. ئۇندىن باشقا قەدىمكى مىسىر، يۇنان ۋە رىملىقلاردا بۆرە ئۇرۇش قەھرىمانـ

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 15 - توم، 431 - بەت؛ (The Encyclopedia of Religion, Vol. 15, p. 431, Macmillan publishing company, New — York, 1987)

② ③ «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 15 - توم، 431 - بەت.

لىرىنىڭ ۋە ھەربىي كۈچلەرنىڭ سىمۋولى قىلىنغانىدى.①

«قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرىدىكى ئادەم ياراتقۇچى چوڭ ئىلاھ مىرىنوم بۆرە باشلىق، ئادەم تەنلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن».②

ئەنگلىيە ئالىمى فرازېرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا: «فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە سلاۋىيان مىللەتلىرى ياشايدىغان دۆلەتلەردە قوناق دېنى بۆرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. . . ئەگەر ئېتىز ـ داللارغا كەل۔گەن بۆرە، قۇيرۇقىنى سۆرەپ ماڭسا مول ـ ھوسۇل بولىدۇ. بۆرە قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭسا قەھەتچىلىك يۈز بېرىدۇ دەيدى۔غان قاراش كەڭ تارقالغانىكەن».③

يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇن خەلقلەردە، تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى بۆرە بېقىۋالغانلىقى ۋە بۇ بالىلارنىڭ چوڭ بولۇپ ئاتاقلىق قەھرىمانغا ئايلانغانلىقى ھەققىدى۔كى ئەپسانىلەر كەڭ تارقالغان. «يۇنان تارىخچىسى ھېرودېد، قەدىمكى پېرسىيە شاھى گېل I (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 558—529) نىڭ كىچىكىدە چۆلگە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇنى بىر چىشى ئىتنىڭ ئېمىتىپ چوڭ قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ».④ بۇ تۈركىي خەلقلەر بىلەن رىملىقلاردىكى بۆرە ئەپسانىسىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتىمۇ ـ قانداق؟ بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەر ناھاي۔تى كۆپ. «سلاۋىيان مىللەتلىرىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە، چىشى بۆرە بىلەن چىشى ئېيىقنىڭ بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل بالىنى ئېمىتىپ ئۆستۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. گېرمان ئەپسا۔نىلىرىدە قەھرىمان كىتلىخ (Kitlih) نىڭ ئۆزىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئانا بۆرىنىڭ نامى بىلەن ‹بۆرە كىتلىخ› دەپ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان. ھىندى ئەپسانىلىرىدە بۆرتەچىنو دېگەن بالىنى

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى» 15 ـ توم، 431 ـ، 432 ـ بەتلەر.
② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 460 ـ بەت.
③ فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 647 ـ، 648 ـ بەتلەر.
④ ئېدۋارد تەيلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، 282 ـ بەت.

سازلىقلا تاشلىنىۋاتقاندا، بىر چىشى بۆرىنىڭ قوتولدۇرۇۋال-
غانلىقى، بۇ بالىنىڭ كېيىن تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بو-
لۇپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ». ①

دېمەك، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى قەدىمكى
مىللەتلەردە كەڭ تارقالغان بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىنى تەپسىلىي
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كىشىنى ھەي-
ران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. شۇڭا، بىزنىڭ
يەكۈنىمىز دەل بۆرە ئەپسانىلىرىنىڭ ئورتاق بىر مەنبەدىن كېلىپ
چىققانلىقى ۋە تەدرىجىي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان-
لىقىدۇر.

---

① ئېدۋارد تەيلور «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، 282 - بەت.

## بەشىنچى باب

# ئىپتىدائىي سەنئەتتە بۆرە تەسۋىرى

پەقەت سەنئەتلا ئەڭ دەسلەپكى دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئوبرازلىق تەرجىمىسىدۇر.

— گېگىل[1]

توتېمىزم بىرخىل ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۆچمەس تامغىلارنى باسقان ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. شۇڭا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىپتىدائىي ھاياتلىق پائالىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيىتىنى، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ توتېم پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. توتېم ئېتىقادىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىلىرىنى ئەڭ كېچىككەندىمۇ كونا تاش قوراللار دەۋرى (40 مىڭ يىلدىن — 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى) گە مەنسۇپ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدىن ئىزدەش مۇمكىن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ياۋروپادا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئىزلىرى ئاساسەن فرانسىيىنىڭ دوردوگنې (Dordogne)

[1] گېگىل (گېرمانىيە): «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1979 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 24 - بەت.

ۋە ئىسپانىيىنىڭ سانتاندىر (Santander) ئەتراپىدىكى ئالتامىرا (altamira) ئۆڭكۈر خارابىلىقىغا مەركەزلەشكەن. ئالتامىرا ئۆڭكۈر خارابىلىقىدىكى ئىپتىدائىي سەنئەت، ئاساسەن ياۋا كالا (قوتاز)، بۇغا، پىل، ئېيىق ۋە بۆرىلەرنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، قىيا تاش ۋە ئۇچلۇق سۆڭەكلەر ئارقىلىق ئۆڭ-كۈر تاملىرىغا ئويۇلغان، رەسىملەردە، ھايۋانلارنىڭ پۈتۈن كۆ-رۈنۈشى ياكى باش قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى كۆپرەك سۈرەتلەن-گەن. بۇنى ئالىملار كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ بىردىنبىر ئىزلىرى[1] ياكى بۈگۈنگىچە بايقالغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى سەنئىتى[2] دەپ قاراشماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا توتېم سەنئىتى بىر قەدەر تىپىك ۋە گەۋدى-لىك بولغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرىدا بايقالغان ئىسكىف تىپىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدۇر. ئالتاي ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قاراسۇق مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرىدە ئات، ئارسلان، بۇغرا، ئۆكۈز، بۇغا، قاپلان، كىيىك، ئېيىق ۋە بۆرىلەرنىڭ ئوبرازلىرى مەركەزلىك تەسۋىر-لەنگەن.[3]

شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بايقالغان ئىندىئانلارنىڭ قە-دىمكى سەنئىتىمۇ دۇنيا توتېم سەنئىتىدىكى ئۆچمەس نامايەندىلەر-دۇر. ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىپتىدا-ئىي توتېم بېزەكلىرىدە، توتېم تۈۋرۈكلىرىدە ۋە توتېم گىرىملى-رىدە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن، ئۇلارنىڭ توتېم سەنئىتىدە سىم-ۋوللۇق تۈس ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىلمۇخىللىقى

---

① سېن جياۋۋ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 52 -، 53 - بەتلەر.
② جۇدى: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 229 - بەت.
③ كىسلېق: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 127 - 137، بەتلەر.

ۋە رەڭدارلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. خۇددى ئىندىئانلار سەنئىتىنى تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىمى فرانز بوئاس (Franz Boas) ئېيتقاندەك: «شىمالىي ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن بايقالغان ھايۋانات رەسىملىرى توتېم سىمۋوللىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلىنىشقا ئىگە. ئۇلار بىزنى تەبىئىي ھالدا يىراق ئۆتمۈشتىكى تەسۋىرىي سەنئەتتە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن ھايۋانات سىمۋوللىرى مەنزىرىسىگە باشلاپ بارىدۇ».①

دېمەك، توتېم سەنئىتى توتېم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن توتېم ئېتىقادىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تارىختىن بۇرۇنقى ئوبرازلىق سەنئەتتۇر. ئەگەر توتېم سەنئىتىگە ئېتىبارسىز قارىلىدىكەن ئۇ چاغدا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق سەنئەت مىراسلىرىنىڭ مەنبەسىگە جاۋاب تېپىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

## 1. بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن سەنئەتكە تەرەققىي قىلىشى

ناھايىتى ئېنىقكى، بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن سەنئەتكە تەرەققىي قىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى ياكى مۇئەييەن بىر «ئۆندۈرمە» دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا توتېم ئېڭى پەيدا بولۇپ، ئۇزاق بىر دەۋر توتېمغا چوقۇنغاندىن كېيىنلا، توتېمنىڭ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا قالدۇرغان چەكسىز چوڭقۇر تەسىراتى بىرخىل گۈزەللىك سۈپىتىدە مۇئەييەن بىر شەكىلنى ياكى ئىپادە ۋاسىتىسىنى ئۆزىگە تەقەززا قىلدى. مانا بۇ خىل تەقەززالىق ئىنسانلاردىكى تۇنجى

① فرانز بوئاس (ئامېرىكا): «ئىپتىدائىي سەنئەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 127 - بەت.

گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە سەنئەت سىزىمى ئىدى. نەتىجىدە بۇ خىل سىزىم تۇنجى سەنئەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانلار تۇنجى ئىلاھ ياكى تەڭرىنى تاپقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭغا بېغىشلاپ سەنئەت ياراتقان. شۇڭا، تۇنجى بەدىئىي گۈزەللىكمۇ شەك - شۈبھىسىزكى، ئىلاھنىڭ سىرلىقلىقىدىن تۇغۇلغان. ئەگەردە ئىسا كرېست تاختىسىغا مىخلانمىغان بولسا، ئۇلۇغ رەسسام داۋىنچىنىڭ كاللىسىغا «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق مەشھۇر رەسىمنى سىزىش پىكرى كەلمىگەن بولاتتى. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار بۇددا ۋە مانى دىنلىرىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، تارىم ۋادىسىدا دۇنياغا مەشھۇر مىڭ ئۆي بۇددىزىم تام رەسىملىرى سەنئىتى بارلىققا كېلەلمىگەن بولاتتى. خۇددى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر ئىتالىيىلىك سەنئەتكار مىكېلانجېلو (1475 - 1564) ئېيتقاندەك: «گۈزەللىك ئىلاھنىڭ ئەينەكتىكى سىيماسىدۇر»① (The mirrored image of God). مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلاردا توتېم بىخ سۈرۈپ (400 مىڭ يىلدىن 200 - 250 مىڭ يىللار ئىلگىرى) ئۇزاق بىر دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ خىل ئېتىقاد گۈزەللىك شەكلىدە ئىپادىلىنىشنى ئىستىگەن. نەتىجىدە، كونا تاش قوراللار دەۋرى (40 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى) گە كەلگەندە، ئاندىن توتېم سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئىنسانلاردا گۈزەللىكنى مەقسەت قىلغان مۇتىزىم سەنئەت مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇزاق مۇددەتلىك غەيرىي سەنئەت دەۋرى بولغان. ياكى جۇدى ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «‹گۈزەللىك› ئۇقۇمى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىنسانلاردا كەم دېگەندە 30 مىڭ

---

① ئا. بلۇنت: «ئىتالىيىنىڭ سەنئەت نەزەرىيىسى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1962 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 69 - بەت؛ (A. Blunt: Artistic theory in Italy P. 69. Oxford univ. pub. 1962)

يىللىق غەيرىي سەنئەت تارىخى، يەنى ئىستىخىيىلىك ئىپادە سەنئەتى تارىخى بولغان» .[1]

دېمەك، مۇشۇنداق بولغاندا، ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت، ئەڭ دەسلەپكى ئېپتىدائىي دىندىن كېلىپ چىققان توتېم ئېڭى ياكى توتېم ئۇقۇمى ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيىتىگە چوڭقۇر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغان. نەتىجىدە توتېم سەنئىتى ھېسابلانغان ئۆڭكۈر تام رەسىملىرى، قىيا تاش رەسىملىرى، توتېم تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان توتېم ئوبرازلىرى، ئادەم تېنىگە چېكىلگەن توتېم ئوبرازلىرى، توتېم گىرىملىرى، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن توتېم كۆرۈنۈشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان.

مەشھۇر ئېستېتىكا ئالىمى جۇ گۇاڭچيەن ( 朱光潜 ) ئەپەندى: «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى دىنىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋە داۋاملاشقان. دىن بارلىق قائىدە - قانۇن ۋە تۈزۈملەرنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي ئەمەلىيەت»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۆرە توتېمىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن يىل دەۋرىگە ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس. بۇ ھەقتە ئىلىم ساھەسى تېخىچە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك پاكىتقا ئېرىشكىنى يوق. بىراق، ياۋروپادا كونا تاش قۇراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرىدە بۆرە ئوبرازىنىڭ بولۇشى، جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرى رايونلىرىدا يېڭى تاش قۇراللار دەۋرى ۋە برونزا (مىس) قۇراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرىدە بۆرە تېپىدىكى ھايۋانلار ئوبرازىنىڭ بولۇشى، بىز-

---

① جۇدى: «ئېپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، 779 - بەت.

② «جۇ گۇاڭچيەن ئېستېتىكا ئەسەرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 565 - بەت.

گە بۆرە توتېمنىڭ ئۆنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئېتىقاد تۇسى-
گە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئەجدادلىرى-
مىزدا بۆرە توتېمى مەيدانغا كېلىپ، ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە
«جۇغلىنىش» باسقۇچى بولغان دەپ قارايمىز. بۇ خىل جۇغلى-
نىش ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ تەدرى-
جىي پىشىپ يېتىلىشى بولۇپ، بۇ سىرلىق توتېمنىڭ گۈزەل
ئوبرازىنى سىرتقا ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى-
دىكى پۈتكۈل ھېس - تۇيغۇ ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنى توتېم
ھايۋانغا بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي توپلارنىڭ نەزىرىدە
قۇتقۇزغۇچى، ساقلىغۇچى ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ ئى-
دى. توتېم ھايۋان مەلۇم بىر شەخسنىڭ تالىلىۋېلىشى ئەمەس،
بەلكى بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى نۇرلۇق
قۇياشقا ئايلانغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز پۈتكۈل
توپى بىلەن توتېمدىن ئىبارەت بۇ ئىلاھقا بەيئەت قىلغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ سىرلىق شولىسى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ۋە ئىچكى
دۇنياسىنى يورۇتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توتېم پەيدا قىلغان
قەلبىدىكى بۇ نۇرلۇق قۇياشنى سىرتقى دۇنياغا جاكارلاشنى،
ئۇنى گۈزەل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئارزۇ قىلغان. بۇ
خىل ئارزۇ دەل ئۇلاردىكى تۇنجى گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىدى.
ئارزۇنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بەدىئىي ۋاستە —
ئۆڭكۈر رەسىملىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرى تۇنجى بەدىئىي
سەنئەت ئەسەرلىرى ئىدى...

گەرچە سەنئەت پائالىيىتى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىس-
بەتەن روشەن قىممەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىزچىل
تۈردە ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى مەلۇم شەكىللەر
ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. توتېم ئۇلاردىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك
تالىلاش بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئىپتىدائىي ئىنسانلار-
نىڭ ئۆزىنى ۋە سىرتقى دۇنيانى ئىزدەشتىن ئىبارەت ساددا

ئىستىكى يوشۇرۇنغان. شۇڭا، ھەرقانداق مىللەت ۋە قوۋمنىڭ توتېم دۇنياسىغا شۇ مىللەت ۋە قوۋمنىڭ مىللىي تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. بىز سۆزلەۋاتقان بۆرە توتېمى ۋە بۆرە سەنئىتىمۇ دەل تۈركىي قوۋملارنىڭ مىللىي تامغىسى بېسىلغان روھىي مىراسىدۇر. شۇڭىمۇ ئېنگېلس: «ھەر بىر ئۇرۇق - قوۋمدە شەكىللەنگەن ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئىلاھلاردۇر»[①] دەيدۇ.

دېمەك، توتېم سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، توتېم ئېتىقادىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ قەدىمكى دىننى ئۆزىگە خېمىرتۇرۇچ قىلغان. توتېم سەنئىتى ئۆز ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇنجى مەنىۋى تۆۋرۈك — ئىلاھ (توتېم) نى تاپقاندىن كېيىنكى روھىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىچكى رېئاللىقىنىڭ سىرتقا جاكارلىنىشى ياكى ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا، «سەنئەتنىڭ بىخ سۈرگەن دەۋرى بىلەن دىنىنىڭ بىخ سۈرگەن دەۋرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، مەيلى نەزەرىيە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئاساسسىزدۇر».[②] ئەگەردە كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى ھەقىقەتەن ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىقادىنىڭ توتېم ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى دېيەلىسەك، بۇ چاغدا ئۇ خۇددى فرانسىيە ئارخېئولوگى ئېدۋارد رادېي ئېيتقاندەك: «ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشى»[③] بولالايدۇ. بۇنى ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى C. A. خادوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جەسۇر ئوۋچىلار، چوڭ مىكدارىسى تەرەققىي قىلغان كىشىلەر ۋە پىشقان سەنئەتكارلار مەيدانغا

---

① «ماركس. ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 21 - توم، 313 - بەت.

② ئۈگرىنوۋىچ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «سەنئەت ۋە دىن»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 29 - بەت.

③ گرېن دانىئېل (ئەنگلىيە): «ئارخېئولوگىيىنىڭ 150 يىلى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 86 - بەت.

كەلـگـەن» .[1] ئۇلار ئېلىپ بارغان سەنئەت ئىجادىيىتى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ قالغان.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن ئىپتىدائىي سەنئەتكە تەرەققىي قىلىشى، بىرخىل ئوبيېكتىپ ھادىسە شۇنداقلا توتېم تارىخىدىكى بىر قېتىملىق غايەت زور سەكرەش. ئەجدادلىرىمىز توتېمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئېتىقادىنى سەنئەتكە تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىنلا، چەكسىز ئۇزۇن تارىخنىڭ قاراڭغۇ تونلىرىنى سەنئەت قۇياشى بىلەن يورۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغان.

## 2 . بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىزچىللىقى ۋە تەرەققىياتى

بۆرە توتېمى گەرچە تارقىلىش جەھەتتىن دۇنياۋى خاراكتېرغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ تىپىك بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن، شۇنداق بولغاچقا، ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ نەپىس بۆرە توتېمى سەنئىتىمۇ شەك - شۈبھىسىزكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا مەنسۇپتۇر.

بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىپادىلىرى بىرخىل تارىخىي ئىزچىللىقنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرگىچە تەخمىنەن 10 — 11 مىڭ يىللىق تارىخىي جەريانغا ئىگە. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان جەنۇبىي سىبىرىيە يايلاقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىدىكى بۆرە ئوبرا-

---

[1] C. A. خادون (ئەنگلىيە) : «ئىنسانشۇناسلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 67 - بەت.

زى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەسۋىرىي سەنئەت مىراسلىرى — قىيا تاش ۋە ئۆڭكۈر رەسىملىرى، ياغاچ ئويمىلار، مىس ۋە تۆمۈر بېزەكلەر . . . قاتارلىقلارنى تارىخىي دەۋرى جەھەتتىن تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

1. ئىپتىدائىي باسقۇچ

بۇ بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ۋە دەسلەپكى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋرى بولۇپ، كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن مىس (برونزا) دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ تەسۋىرىي سەنئەتتە كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىتلىرىنى ئۇچرىتىش تەس. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك دەلىللەرنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. ئېھتىمال، بۇ دەۋر بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن ئىپتىدائىي سەنئەتكە تەرەققىي قىلىشىدىكى تەييارلىق باسقۇچ ياكى «تۇرغۇنلۇق» باسقۇچى بولسا كېرەك.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرىسىمان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى رەسىمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. جەنۇبىي سىبىرىيە دالىسىدىكى ئوست - سوبا-كىننا قەدىمكى ئىزىدىن بايقالغان ھايۋانات سۆڭەكلىرى ئىچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، يىلپىز، ياۋا توڭگۇز (قاۋان)، ئېيىق، تۈلكە چاشقان، بۆرە ۋە قۇش تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.① بۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىز ئىدى.

برونزا (مىس) دەۋرىگە كەلگەندە بۆرە ئوبرازىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. تەسۋىرىدىكى قوپاللىق ۋە ئىپادىلەشتىكى قالايمىقانچىلىق زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، بۆرە ئوبرازى

---

① كىسلېق: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، 1 - كىتاب، 8 - بەت.

نىسبەتەن ئايدىڭلاشتى. (16 ـ رەسىم) بىراق، بۆلارنى يەنىلا




15 ـ رەسىم. ئېنېئولىت ۋە برونزا (مىس) دەۋرىدىكى يىرتقۇچ هايۋانلار ئوبرازى (1ـ تومسكى، 2ـ چوڭ بايار ۋە تاگار، 3ـ، 5 ـ تاشقى بايقال، 4ـ ئانگارا، 6 ـ، 7ـ، 8ـ، 9 ـ مىنىسكى ئويمانلىقى، 10ـ قازاقىستان، 11ـ ئالتاي)

مۇكەممەللىككە ئىگە دېگىلى بولمايتتى. بۇ رەسىملەردە ئومۇمىي كۆرۈنۈش جەھەتتىن بۆرە ئوبرازى ئىپادە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئۇششاق نۇقتىلاردا — بۆرىنىڭ ئېغىزى، كۆزى، بۇرنى، قۇلىقى، پۇتى قاتارلىقلاردا نەپىسلىك ۋە ئېنىقلىق يوق ئىدى. ھەتتا بەزى ئەزالىرىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشمۇ تەس ئىدى. شۇڭا، مۇشۇ دەۋرنى — ئاخىرقى برونزا (مىس) دەۋرنى بۆرە تەسۋىرى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىش قانات يېيىۋاتقان دەۋر دېيىش مۇمكىن.

ئاخىرقى برونزا دەۋرىدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئۇلانما تەسەۋۋۇرى خېلىلا تەرەققىي قىلدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە بۆرىنى يالغۇز تەسۋىرلەش بىلەن قانائەتلەنمەيدىغان بولدى. ئۇلار بۇ دەۋردىكى سىزمىلىرىدا بۆرە توتېمىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئىپادىلەشكە روشەن دىققەت قىلدى ھەمدە مۇشۇنداق بىر پۈتۈن ھەرىكەت تەسۋىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلدى. چۈنكى «ھاياتلىق ھەرىكەتتە، ھەرىكەت ھاياتلىقتا ئىپادە قىلىناتتى. بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ماكان خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى».① بۇ رەسىملەردە بۆرىلەرنىڭ ئالدىغا قاراپ خىرىس قىلىۋاتقان، باشقا غەيرىي يىرتقۇچلار بىلەن چېلىشىۋاتقان، بىر - بىرىگە يۆگىلىپ، بىر - بىرىنى غاجاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ياكى بۆرە بىلەن ئەجدىھانىڭ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھالىتى، ئەجدىھانىڭ بۆرىگە چىرمىلىۋالغان بۆرىنىڭ ئەجدىھانىڭ بېشىنى چىشلەشكە تەمشىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى روشەن ئىپادىلەندى (17 - رەسىم). بۇ بۆرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىكى خېلى زور سەكرەش ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆرە تەسۋىرىي تەدرىجىي يوسۇندا نەپىس-

① «ھانس خوفمان ئوقۇتۇش خاتىرىلىرى» — «گۈزەل سەنئەت تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1983 - يىللىق 1 - سان.




16 ـ رەسىم. ئاخىرقى برونزا ۋە دەسلەپكى ئىسكىف دەۋرىدىكى بۆرىسىمان ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرى. (1ـ، 3ـ، 6ـ، 7ـ، 8ـ، 9 ـ موڭغۇلىيىدىن، 2ـ جۇڭگودىن، 4ـ، 5ـ 10ـ، 11 ـ ئالتايدىن تېپىلغان)

لىككە ۋە سىپتىلىققا قاراپ يۈزلەندى، ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە سىرلىقلىق ۋە غايىۋىلىك تۈسى بېرىلدى. چۈنكى بۇ دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇتىم ئېڭىدا «ماددىيلاشقان شەكىلدىكى ئادەمنىڭ ئىچكى تەسىراتىنى ئىپادىلەش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە




17 ـ رەسىم. بۆرىنىڭ خىرىس قىلىشۋاتقان ۋە باشقا بىلەن ئېلىشىشۋاتقان ھالىتى (1ـ توۋا، 2ـ ئالتاي، 3ـ، 5ـ، مە 6ـ پېتردىن تېپىلغان سىبىر ئەۋرىشكىلىرى I ، 4ـ جۇڭگو)




18 ـ رەسىم. بۆرە ئوبرازىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى (1-، 2-، 9-، 10 ـ پېتىردىن تېپىلغان سىبىرىيە ئەۋرىشكىلىرى I ، 3-، 4 ـ ئالتاي — پازىرىك، 5 ـ جۇڭگو، 6 ـ كونىن رەسىملىرى، 7ـ كافكاز، 8ـ ئالتاي)

ئىجادىي خاراكتېرلىك فانتازىيە سېزىمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانىدى» .[1] شۇڭا، بۇ دەۋر تەسۋىرىي سەنئىتىدە بۆرە مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن يېڭىلىنىشقا ئېرىشتى. كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قاناتلىق بۆرىلەر، ئېغىزىنى يوغان ئېچىۋالغان مۈڭگۈزلۈك بۆرىلەر ياكى ئالاھىدە ئۇسلۇب بېرىلگەن بۆرە باشلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەندى. يەنە بىر تەرەپتىن تەسۋىردىكى نەپىسلىك كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى. بولۇپمۇ بۆرە بېشى بىلەن بۆرە تىرنىقىنىڭ سىپتا تەسۋىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۆرە بېشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە، بۆرە بېشىنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرى — ئېغىزىنى ئېچىپ - يېيىپ تۇرغان، تىلى بىلەن تۇمشۇقىنى يالاۋاتقان، ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بىرخىل ھېسسىيات يوشۇرۇنغان. بۆرە پۈتى تەسۋىرىگە كەلگەندە، بۆرىنىڭ تاپىنى، تىرناقلىرىنىڭ ئېچىلىپ - يۇمۇلىشى، يەر دەسسىگەن چاغدىكى ھالەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (18 - رەسىم).

ئاخىرقى برونزا دەۋرىمۇ ئاخىرلىشىش باسقۇچىدا، بۆرە تەسۋىردە تېخىمۇ چوڭ سەكرەش بارلىققا كەلدى. بۇ بولسىمۇ بۆرە ئوبرازىنىڭ ياغاچ ئويمىلاردا تەسۋىرلىنىشىدۇر. بۆرە توتېمىنىڭ ياغاچ ئويمىلاردا تەسۋىرلىنىشى، برونزا دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ دەۋر دەل شىمالىي ئاسىيا رايونىدا دى (狄) ۋە ھۇنلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان دەۋرلەر ئىدى. شۇڭا، بۇ دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت، ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرى دەۋرىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتى. بۆرە ئوبرازلىرىمۇ كۆپرەك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان ياغاچ بۇيۇملاردا — ياغاچ ئويما - نەقىشلەر، ئىگەر - جابدۇقلار، ئائىلە بۇيۇملىرى ۋە باشقا خىلمۇخىل نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

---

① A. П. ئۆكرائىنكوف: «سەنئەتنىڭ نۇرلۇق سەھەرى» — ئۆگرىنوۋېچ: «سەنئەت ۋە دىن»، 28 — 29 - بەتلەر.



19 ـ رەسىم. ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان بۆرە بېشىنىڭ
ياغاچ ئويما بۇيۇملاردىكى ئوبرازى.

غان بولدى. ياغاچ ئويۇشقا ۋە نەقىش چۈشۈرۈشكە باشقا نەرسى-
لەرگە قارىغاندا، قولايلىق ھەم ئەپلىك بولغاچقا، بۆرە ئوبرازى-
نىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىپادىلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن
تېز تەرەققىي قىلدى، شۇڭا، مۇشۇ دەۋردىكى بۆرە ئوبرازىدا
ھېسسىياتنى ئىپادىلەش خېلىلا ئىشقا ئاشتى، بۆرىلەرنىڭ كۆر-
كەملىكى، ئوبرازلىقلىقى ۋە كىشىنى جەلپ قىلارلىق گەۋدىلەندى
(19 ـ رەسىمگە قاراڭ) . بولۇپمۇ بۇ دەۋردە ئات جابدۇقلىرى
— ئىگەر، نوقتا، يۈگەن قاتارلىقلارغا ئويۇلغان بۆرە ئوبرازلىرى
ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلاردا، بۆرىنىڭ روھىي ھالىتىنى

ئىپادىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بىر قارىغان
كىشىگە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ (20 - رە-
سىمگە قاراڭ) . شۇڭا، بۇ دەۋرلەردىكى بۆرە ئوبرازىنىڭ تەسۋى-
رىي سەنئەتتىكى تەرەققىياتىنى باشقا ھەرقانداق دەۋرلەر بىلەن
سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئات جابدۇقلىرى ۋە ئۆلاردا بۆرە تەس-
ۋىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرلەردە
ئاللىقاچان يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئات مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتى-
دائىي توتېم سەنئىتى ئۇزاق بىر دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولۇپ، پەيدا بولۇش، جۇغلىنىش ۋە دەسلەپكى تەرەققىياتقا ئېرى-
شىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە بۇ باسقۇچتىكى بۆرە
توتېمى سەنئىتىدە ئىپتىدائىيلىق، قالايمىقانلىق ۋە قوپاللىق ئې-
غىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋر تەسۋىرىي سەنئىتىگە
سالغان ئۇلىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە بىر
تەرەپتىن بۇ دەۋر ئەجدادلىرىمىز سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ،
بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رېئال-
لىقىنى سىرتقا سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىشى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. شۇڭا، بىز توتېم سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئالىقاچان بىخ سۈرگەن دەپ قارايى-
مىز. مەشھۇر ئالىم J. ئېكىلسىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىنى-
سانلاردا كەم دېگەندە 100 مىڭ يىل بۇرۇنلا ئۆزىنى بىلىش ئېڭى
ياكى ئۆزلۈك ئېڭى شەكىللەنگەن»[1] دەيدۇ.

2. يىراق قەدىمكى زامان باسقۇچى

بۇ باسقۇچتىكى بۆرە توتېمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەسۋىرىي
سەنئەت ئاساسەن برونزا (مىس) دەۋرى ئاخىرلاشقان دەۋرلەردىن

---

① J. ئېكلس: «چوڭ مېڭە قاتلىمى ۋە ئاڭ» — «پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇ-
چە)، 1982 - يىللىق، 5 - سان.




20 - رەسىم. ئالتاي ۋە مىنىسكى ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئات جابدۇقلىرىغا ئويۇلغان بۆرە بېشىنىڭ ئوبرازى.

باشلاپ ھۇنلار تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدا سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅲ — I ئەسىرلەردىن مىلادىيە I — V ئەسىرلەرگىچە بولغان جەريان ھۇن سەنئىتىنىڭ 2 - قېتىملىق

تەرەققىيات باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ھۇنلار بىلەن دەۋر-داش بولغان ئۇسۇن - قاڭلى سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بۆرە، يولۋاسلارنىڭ مالغا تېگىشى، ئۇلارنىڭ باتۇر - قورقۇمسىزلىقى ۋە خەلق ئارىسىدا رىۋايەتكە ئايلانغان ئاجايىپ تەسۋىرلەر، دىنىي ئېتىقاد، چوقۇنۇش... تۈرلىرى ھەرخىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئاساس بولۇپ قالغان. ساك، ھۇنلار بارلىققا كەلتۈرگەن سەنئەتنىڭ سۇژىتى كېيىنكى مەزگىللەردىكى تۈرك، موڭغۇللار ياراتقان ئېپوسلار سۇژىتىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاساس سالغان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن». ①

بۇ دەۋرگە ئائىت تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە توتېمىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى روشەن تەرەققىياتقا ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە بولدى. ئۇلار بۆرە ئوبرازىنى بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئېنىقلىقتىن سىرلىقلىققا يۈزلەندۈردى، شۇڭا، مۇشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى دېيىشكە بولىدۇ.

بۆرە ئوبرازىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئېھتىمال ئەينى چاغدىكى ئېتىقاد ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدە ئېتىقاد، گۈزەللىك تۇيغۇلىرىدىن باشقا يەنە ئەخلاق چۈشەنچىلىرىمۇ پەيدىن - پەي تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇلار بۆرە ئوبرازىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق تۇيغۇسى يول قويغان دائىرە ئىچىدە ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە تەسۋىرىي سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈردى. خۇددى گىرمانىيىلىك شىللىي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئادەم ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىتى ئىچىدە، تەبىئەتنىڭ كۈچىنى بويسۇندۇرىدۇ. گۈزەللىك ھالىتى ئىچىدە

---

① «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئالمائاتا، 1975 - يىل، قازاقچە نەشرى، 2-توم، 98 - بەت.

ئۇنىڭ كۆچىدىن قۇتۇلىدۇ. ئەخلاق ھالىتى ئىچىدە بۇ خىل
كۆچنى كونترول قىلىدۇ».



21 ـ رەسىم. ھۇن دەۋرىگە ئائىت مۇقەددەس بۆرىلەرنىڭ فىگور ۋە رەسىملىرى

بۇ دەۋردىكى تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرى ياغاچ ئويمىدىن تەرەققىي قىلىپ، رەخت، يىپەك، كىگىز، شىرداق قاتارلىق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدا كۆرۈلىدىغان بولدى. بۇ ئەجدادلىرىمىز-نىڭ سەنئەت تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ سەكرەش ئى-دى. چۈنكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ مۇنداق سىپتىلىشى ۋە نە-پىسلىككە قاراپ يۈزلىنىشى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى غايەت زور بۇرۇلۇش ئىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە ئادەتتى-

كى ياغاچ ئويمىلار بىلەن قانائەتلەنمەيدىغان، بەلكى تېخىمۇ ئىنـ
چىكىلىكنى، تېخىمۇ گۈزەللىكنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى.



1



1

2



22 ـ رەسىم. خۇن دەۋرىگە ئائىت مۇقەددەس بۆرە كۆكتە ۋە يۇلتۇزلار ئارىسىدا. ئاستى رەخت، ئۈستى كەشتە بىلەن زىننەتلەنگەن يەنە بىر بۆرە ئوبرازى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى دىنىي، ئىلاھىي ۋە سىرلىقلىق تۈسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتتى. 22 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك مۇقەددەس بۆرىلەرنى بەزىدە كۆك تەڭرىنىڭ سىرلىق ماكانى بولغان كۆكتە ۋە يۇلتۇزلار ئارىسىدا تەسەۋۋۇر قىلدى. خۇددى ئىتالىيە ئالىمى ۋىكو (Vico) كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «كۆك تەڭرىنىڭ ۋۇجۇدىدا تونۇش (ھېس




23 ـ رەسىم. ھۇن دەۋرىگە ئائىت بۆركۈت تىرناقلىق بۆرىلەر

قىلىش) بىلەن ئىجادىيەت بىر ئىش ئىدى①» . ھۇنلار دەۋرىدە كۆككە چوقۇنۇش ۋە كۆك تەڭرىگە سېغىنىش ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇ بارلىق تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى ئىدى. توتېم ئوبيېكتى ھېسابلانغان بۆرىنىڭ بۈيۈك كۆك تەڭرى بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئىلاھىي تۈسىنى ۋە گۈزەللىك ئىپادىسىنى مىسلىسىز كۈچەيتتى. بۇنداق ئۇلانما تەسەۋۋۇر ۋە توتېم ھايۋان بىلەن تەڭرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىـ كى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بىر

① ۋىكو (ئىتالىيە) : «يېڭى پەن» ، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى. 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 146 ـ بەت.

نەرسە دەپ قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۇن دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە بىلەن بۈركۈتنى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئېڭى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ تۈردىكى بۇيۇملاردا كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدىغىنى — بۆرە باشلىق، بۈركۈت تەنلىك ئوبرازلار؛ قاناتلىق بۆرە ئوبرازى ۋە بۈركۈت تىرناقلىق بۆرە ئوبرازلىرىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۈركۈت قەدىمدە شىمالدىكى يايلاق خەلقلىرى چوقۇنغان توتېملارنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭ ئىزنالىرىنى شىمالدىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۈركۈتنىڭ توتېم قىلىنىشىمۇ كۆك تەڭرى ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈركۈتنىڭ كۆك قەھرىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشى، ئۇنىڭ كۆك تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ياكى بىر بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدىمۇ بۆرە بىلەن بۈركۈتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى بۈيۈك توتېمنىڭ ئوبرازىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىلاھىي گۈزەللىكىنى كۈچەيتكەن. شۇڭا، بىز «ھەقىقىي مەنىدىكى ئىپتىدائىي سەنئەت، ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي دىنىي ئاڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ»[1] دەپ قارايمىز.

«يىرتقۇچ ھايۋانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشتە قەدىمكى ھەيكەلتاراچلارنىڭ كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگىنى — بۆرە ئوبرازىدۇر. بۆرىگە ئەھمىيەت بېرىش ئىككى تۈرلۈك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە باغلىق بولغان. بىرى، بۆرىنىڭ مال چارۋىلارغا كۆپ زىيان سېلىشى؛ يەنە بىرى، ئۇنى خاسىيەتلىك كۈچ دەپ تونۇشى. بۇ ئىككى خىل ئارقا كۆرۈنۈش بۆرىنى ھەرخىل تەسۋىرلەشكە سەۋەبچى بولغان».[2] شۇنداق بولغاچقا، بۆرىنىڭ تەسۋى-

① جۇدى: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، 476 - بەت.
② «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 - توم، 99 -، 100 - بەتلەر.

ـرىي سەنئەتتىكى ئوبرازلىرىمۇ مۇرەككەپلىككە ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان.

3. ئوتتۇرا قەدىمكى زامان باسقۇچى

بۆرە ئوبرازىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىپادىلىرى شىمالدا ھۇنلار سەلتەنىتى يىمىرىلگەندىن تارتىپ، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرگەن ۋە سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ باسقۇچتا ئەجدادلىرىمىز ئاللىقاچان يېڭى دەۋرگە كىرگەن ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئاڭ جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولغاچقا، ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە چوقۇنۇپ كەلگەن بۆرە ئاخىرقى ھېسابتا تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىرى تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىپ، تۈركىي قوۋملارنىڭ مىللىي بەلگىسى بولۇپ قالدى. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىرى، ئۆز ئەسلىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بايراقلىرىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنى چېدىر سىرتىغا ئېسىپ قويغان. بۆرە بېشىنىڭ خاقانلىق بايرىقىغا چۈشۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئالتۇنرەڭ زەر يۈگۈرتىلىشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت نۇقتىسىدىن ئۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ دەۋردە، قەدىمكى بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى ماھىر ھەيكەلتاراچلار تەرىپىدىن تەسۋىرىي سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ خىل يېڭىلىق توتېم سەنئىتىدىكى غايەت زور بۆسۈش بولۇپ، ياۋروپالىقلار (جۈملىدىن رىملىقلار) پەقەت 15 - ئەسىردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئاندىن بۇ خىل ئۇسلۇبنى ئىشقا ئاشۇردى. رىملىقلار بۇنىڭدىن 400 يىللار بۇرۇن قەدىمكى بۆرە ئەپسانىسىنى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىپادە قىلغان بولسا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ-

نىڭدىن 1000 نەچچە يۇز يىل ئىلگىرىلا بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى-نى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىپادە قىلىشقا باشلىغان. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقالغان ئانا بۆرىنى تۈرك باللىرىنىڭ ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەت-تۈرۈلگەن تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇملىرى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى-دۇر.



24 - رەسىم. قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل ناھىيىسىنىڭ تاس مۆسىن ئاۋۇلىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە بۆرە ئوبرازى. (قورام تاشنىڭ غەربىي شىمال ئۇچىدىكى ئاتقا خىرىس قىلىۋاتقان ھايۋان بۆرىدۇر.)

تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە باركۆل يايلاقلىرىدىكى بۆرە توتېمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىيا تاش رەسىملىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. بىز مۇشۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئېنىق ئۇسلۇب ۋە ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ، مۇشۇ

دەۋر تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ چوڭقۇر سىھرىي كۈچىنى ھېس قىلا-
لايمىز.

ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ قىيا تاش رەسىملىرى تېخىچە ئارخېـ-
ئولوگىيە خادىملىرىنىڭ دىققەت نەزىرىگە چۈشمىگەچكە، ئۇلار-
نىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە خىمىيىۋى ئانالىز قىلىنمىدى. شۇنداق-
تىمۇ بىز كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە
مەنسۇپ تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن مۇشۇ قىيا تاش
رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشاش بىر
دەۋرگە مەنسۇپ بولسا كېرەك دەپ ھېسابلىدۇق.



25 - رەسىم. باركۆل ناھىيىسىنىڭ تاس مۆسىن
ئاۋۇلى ئەتراپىدىكى قورام تاشقا ئويۇلغان بۆرە ئوبرازى. (بۇ
رەسىم تېخى ئىلىم دۇنياسىغا ئېلان قىلىنمىغان)

چۈنكى بۇ رەسىملەرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ناھايىتى كۈچ-
لۈك بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم بۇ قىيا تاش رەسىملىرىگە بىر
قاراپلا، ئۇلارنىڭ رەسىمىي پىشقان تۇرغان، كۈچلۈكلىكى ۋە
چاققانلىقى چىقىپ تۇرغان بۆرە ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلا-
لايدۇ. (25 - رەسىمگە قاراڭ).

مەلۇمكى، ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە ئوبرازىنىڭ

ئېنىقلىق ۋە روشەنلىك دەرىجىسىگە كېلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. بىز قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بۆرە ئوبرازىغا نەزەر تاشلىساق، دەۋرى بىزگە قانچىكى يىراق بولغانلىرىنىڭ شۇنچە قوپال، شۇنچە غەلىتە ۋە فانتازىيىگە باي ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، يىل دەۋرى بىزگە قانچە يېقىن بولغانلىرىنىڭ بولسا، شۇنچە روشەن، شۇنچە نەپىس ۋە شۇنچە كۆركەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئوتتۇرا قەدىمكى زامان باسقۇچىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن بۆرە ئوبرازلىرى، ئۆزلىرىنىڭ جانلىقلىقى، ئىپادە ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بۆرە ئوبرازىنىڭ مۇنچىلىك رەڭدار ۋە يارقىن ئوبرازىنى ئاسان ھېس قىلالمايمىز.

بۇ باسقۇچقا كەلگەندە بۆرە ئوبرازى ئاۋۋالقى دەۋرلەردىكى غەلىتىلىك، غۇۋالىق، قوپاللىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا ئېنىقلىق ۋە جانلىقلىققا يۈزلەنگەن ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلغان.

4 . ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى

بۇ باسقۇچ بۆرە توتېمىنىڭ قىيا تاش دەۋرىدىن رەسمىي قەغەز يۈزىدىكى سىزما دەۋرگە كىرگەن ئاخىرقى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، بىز مۇشۇ دەۋردىن كېيىن، تاكى 20 - ئەسىرگىچە تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە ئوبرازىنى ئۇچرىتالمايمىز. دېمەك، بىز مۇشۇ دەۋرنى بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئاخىرقى باسقۇچى دەپ ئاتايمىز.

بۇ باسقۇچتىكى بۆرە تەسۋىرى ئاساسەن، بۇددىزم ئۇيغۇر سەنئىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېلخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى سىزما رەسىملەردە ۋە ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدا ئۆز- ئىپادىسىنى تاپقان.



26 - رەسىم. باركۆل تەۋەسىدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بۆرە ئوبرازى (ئېلان قىلىنمىغان)

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى توتېم ئېتىقادىنى تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سەنئىتىدە بۆرە توتېمىنىڭ ئىزلىرى ئىزچىل ساقلانغان. مەسىلەن، دۇنخۇاڭ شەرقىي بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 055 - نومۇرلۇق غارىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تامغا ئاجايىپ نەپىس بىر بەدىئىي كارتىنا چۈشۈرۈلگەن: تامنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر كۆك بۆرە، ئۇنىڭ ئاستىغا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئۆي، ئۇنىڭ ئاستىغا چاپچىپ تۇرغان بىر ئارغىماق، ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا تۆپتۆز كەڭ دالا ۋە ئىككى تۇرخۇن سىزىلغان. تۇرخۇندىن چىققان ئىككى تال ئىس سىزىقى كۆك ئاسمانغا تۆپ - تۈز كۆتۈرۈلگەن. . .

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر بۇددىزم سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ كۆركەم بەدىئىي سەنئەت مىراسلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ دەۋردىكى بۇددىزم تام رەسىملىرىنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىنى باشقا ھەرقانداق

سەنئەت بىلەن سىلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كۆك بۆرە ئوبرازىنىڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئەكس ئېتىشى ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت-تىكى ئىزچىللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



27 - رەسىم. مۇقەددەس بۆرە ۋە خاسىيەتلىك قاچا (باھا-ۋىدىن ئۆگەنىڭ «تۈرك مەدەنى-يەت تارىخىغا كىرىش» دېگەن ئون توملۇق كىتابىدا بۇ رەسىم ئۇيغۇر دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ كۆرسىتىلگەن)

ئۇيغۇر دەۋرىگە مەنسۇپ يە-نە بىر سىزما رەسىم بىزنى ھەي-ران قالدۇرىدۇ (27 - رەسىمگە قاراڭ)، رەسىمدە ئۆيدە، يەنى ئاجايىپ گۈزەل زىننەتلەنگەن تۆ-شەك ئۈچىدە يېقىلغان بىر يايلى-لىق بۆرە بويىنىنى سوزۇپ خاس-يەتلىك قاچىدىكى تائامنى ئىچى-ۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە توتې-مىغا چوقۇنۇش تارىخىدىكى كى-شىنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆ-رۈنۈشتۇر. بۆرىنىڭ زەر پەردى-لەر تارتىلغان يۇمشاق تۆشەك ئىچىدە يېقىلىشى ۋە خاسىيەتلىك قاچىلاردىكى ئالىي تائاملار بىلەن بېقىلىشى گەرچە ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان فانتا-زىيىلىك كۆرۈنۈش بولسىمۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىز-نىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئېستېتىك تەسەۋۋۇرى ۋە بەدىئىي سېزى-

مىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى يايلاق سەنئىتىدىمۇ بۆرە ئوبرازى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ، ئات جابدۇقلىرى، قامچا دەستىسى ۋە باشقا بۇيۇملاردىكى بۆرە تەسۋىرلىرى ئۆزىنىڭ كۆركەم ۋە نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.




28 - رەسىم. ئوتتۇرا ئەسىر يايلاق سەنئىتىدە بۆرە تەسۋىرى (1-، 3 - ئالتاي، 4- موڭغۇلىيە، 2- تۇۋا شامانلىرىنىڭ بېزەكلىرى).

ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇل ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئېلخانلار دەۋرىگە مەنسۇپ سىزما رەسىملەردە بۆرە ئوبرازى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىملەردە بۆرىنىڭ ھەرخىل شەكىللەردىكى كۆرۈنۈشلىرى سۈرەتلەنگەن بولۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقان، تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقان، ئالدىدىكى نەرسىنى چىشلەشكە تەمشىلىۋاتقان ھالەتلىرى جانلىق




29 ـ رەسىم. بىر بۆرە ئائىلىسى: ئوتتۇرا ئاسىيا
ئىلخانلار دەۋرى (فاتىخ ئالبۇمىدىن)

سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر رەسىمدە (30 - رەسىم) بىر بۆرە ئائىلىسىنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى سۈرەتلەنگەن بو- لۇپ، بىرسىدە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقان تۆت بۆرە، ئوتتۇرىسىدا چاپچىپ تۇرغان بىر چوڭ بۆرە تەسۋىرلەنگەن، يەنە بىرسىدە بولسا ئىككى بۆرىنىڭ ئۆزئارا ئوينىشىۋاتقان ئوبرازلىق كۆرۈنۈ- شى سىزىلغان. بىز بۇلاردىن ئېلخانىلار دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەن- ئەتتە بۆرە ئوبرازىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ۋە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.




30 - رەسىم. يەنە بىر بۆرە ئائىلىسى: ئوتتۇرا ئاسىيا ئېلخانىلار دەۋرى (فاتىخ ئالبۇمىدىن)

ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە ئوبرازىنىڭ ئەكس ئېتىشى خېلىلا سۇسلاشتى. بىراق، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ دەۋر سەنئىتىدە بۆرە تەسۋىرى ئانىدا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇردى. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئوۋچىلىق ۋە سۇلتانلارنىڭ شىكار تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە، بۆرىگە خىرىس قىلىپ، ئۇنى تالاۋاتقان بۆرە ئوبرازلىرى خېلىلا جانلىق تەسۋىرلەندى. ئېھتىمال، بۇ دەۋردىكى بۆرە تەسۋىرىدە ئېلخانلار دەۋرىدىكى سەنئەتنىڭ تەسىرى زور بولسا كېرەك.




31 ـ رەسىم. ئوسمان تۈركلىرى سەنئىتىدە كۆرۈلگەن ئىككى ئوۋ سەھنىسىدىكى بۆغىنى تالاۋاتقان بۆرە ئوبرازلىرى.

تۈركىيە ئالىمى دوكتۇر ۋە پروفېسسور بەيخان كاراماگارالى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تۈرك فولكلورىدىكى بۆرە موتىفى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك سەنئىتىدىكى بۆرە ئوبرازىنىڭ يالغۇز باش شەكلى ھۆن، كۆك تۈركلەردىن تاكى ئاناتولى سالجۇقلىرىغا قەدەر، زامان - زامانلار ئەجدىھا ئوبرازى بىلەن بىللە سۈرەتلەنگەن ۋە ياكى بېشىنى باشقا ھايۋانلارغا قوندۇ- رۇش شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېزەكلىكتىكى ئۇيغۇر فرىسكىلىرىدە بۆرە باشلىق كۆرۈنۈشلەر ئۇچرايدۇ. تېمۇ- رىيلەر دەۋرى مىنياتورلىقىدا بۆرە باشلىق بايراقلار سىـــزىلـغ- ـان. . . بۆرە ئوبرازىنىڭ ئاناتولى يېرىم ئارىلىدا قوللىنىلىشى 14 — 15 - ئەسىرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ سېيتغازى مازار تاشلىرىدىكى بىر توشقاننى قوغلاۋاتقان بۆرە ئوبرازى دىققەت- كە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كۇبادئاباد تاملىرى ۋە كونيا ئالائىددىن سارىيىنىڭ قاپارتما نەقىشلىرىدە بۆرە ئوبرازى يەنىلا مۇئەييەن تەرزدە قوللىنىلغان. . . »①

دېمەك، بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئەڭ ئاخىر- قى ئىپادىلىرى ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىدە كۆرۈلگەن ۋە شۇنىڭ- دىن كېيىن تەدرىجىي سۇسلاشقان.

## 3 . بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى گۈزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچى

بۆرە توتېمى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى توتېم سەنئىتىدىكى مەركىزىي نۇقتا بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەسۋىرىي سەنئەتتە ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ يارقىن بىر بەدىئىي ئوبرازغا ئايلانغان. ھەمدە

① بەيخان كاراماگارالى (تۈركىيە): «تۈرك فولكلورىدىكى بۆرە موتىفى توغرىسىدا» — Ⅲ قېتىملىق خەلقئارا تۈرك فولكلورى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى»، ئەنقەرە — 1987 - يىل، تۈركچە نەشرى، 5 - توم.

ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ توتېم پائالىيىتى داۋامىدىكى ئىچكى رېئاللىقنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى نامايەن قىلغان. خۇددى پىلخانوف ئېيتقاندەك: «ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ سەنئىتى ئۇلارنىڭ پسىخىك ھالىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ». شۇڭا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پسىخىك ئىنتىلىشى بىلەن روھىي مايىللىقى بۆرە توتېمى سەنئىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

توتېم — ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى روھىنىڭ كامالەتى بىلەن ھاياتلىق تەسىراتىنى ئىپادە قىلىش يولىدىكى تۇنجى سەنئەت قەدىمى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش ئېڭى يوشۇرۇنغان. شۇڭا، توتېم سەنئىتىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئىپادە قىلىنغان تۇنجى سەنئەت دېيىشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي توتېم سەنئىتىدە، شەك - شۈبھىسىزكى، «سىمۋول» دىن ئىبارەت ئىپادە ۋاستىسى قوللىنىلغان. چۈنكى تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلاردا ئاللىقاچان «سىمۋول» ئېڭى ئويغانغان بولۇپ، ئۇ توتېم تەسەۋۋۇرىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغان. جېئىان پېئاگىتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «سېزىش ۋە بىلىش تۇيغۇسى پەقەت بىر كۆرسەتمە بولۇپ، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق رولى مەنە بىلەن مۇقەررەر باغلانغان بولىدۇ». ① ئىپتىدائىي ئىنسانلار توتېم پائالىيىتى داۋامىدا بىرخىل دەسلەپكى تەسىراتقا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل تۇنجى تەسىرات «قالدۇق سېزىم» سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى تەسىراتىنى ئىپادىلەشكە ئېھتىياجى تۇغۇلغان ھامان ئۆزلىرىدىكى ئىپادىلەش كۈچىنى ئىرىشىپ - ئىرىشىپ ئىشقا سالىدۇ ھەمدە ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرخىل «كۆرسەتمە» ئىزدەيدۇ. بۇ خىل كۆرسەتمە دەل ئەڭ دەسلەپكى «سىمۋول-

① جېئىان پېئاگىت (شۋېتسارىيە): «پسىخولوگىيە ۋە بىلىش نەزەرىيىسى»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 92 - بەت.

لار» ئىدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى بۆرە توتېمى سەنئىتىدە، ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى بىلەن روھىي ماھىيەتلىرى ئىپادە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بۆرە توتېمنى تەسۋىرلەشتە «سىمۋول» ۋاستىسىنى قوللىنىشى دەل «تەبىئەتنىڭ ئادەملىشىشى» ۋە ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ سىرتقا ئاشكارىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار بۆرە توتېمنى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىپادە قىلىش داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ئاللىقاچان ھايۋانلار ھالىتىدىكى پاسسىپ ھاياتىي مەۋجۇدلۇق دەرىجىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. ئەكسىچە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ھېسسىياتى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى توتېم ھايۋان — بۆرە ئوبرازىغا تەقدىم قىلغان. نەتىجىدە بۆرە توتېمى ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىنىڭ ئىلاھ شەكلىدىكى ئىپادە تۈسىگە كىرگەن، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرە توتېمىدىن ئىبارەت بۇ «ئادەملەشكەن تەبىئەت» تىن ھاياتلىقنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى پەللىسىنى ئىزدىگەن. تېخىمۇ توغرىسى بۆرە توتېمىدىن تۇغۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرى بۆرە توتېمىغا قايتقان.

بۆرە توتېمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بارلىق ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە نەزەر تاشلىغاندا مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ:

1. ھاياتىي مەۋجۇدلۇق ئىستىكى

ناھايىتى روشەنكى، ئادەمدە ھاياتلىق ئىستىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى ھاياتلىق ئادەمنىڭ ياشىشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ، ھاياتسىز ھەرقانداق بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئادەم ھايات ياشىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى زۆرۈر بولغان ماددىي ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. بۇ خىل

ئېھتىياج ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

بىز بىر قەدەر قەدىمىيرەك بولغان قىيا تاش رەسىملىرىگە نەزەر سالساق، ئوۋچىلىق ھاياتىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرىنى ھېس قىلالايمىز. چۈنكى ئوۋچىلىق ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قامداشتىكى تۈنجى ئىگىلىكى بولۇپ، مۇشۇ ئىگىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىغا ئۇلارنىڭ بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرى سىڭگەن.

«قەدىمكى سەنئەتكارلارنىڭ ماھىرلىقى ئاچ بۆرىنى تەسۋىرلەشتە ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۈگۈلۈپ ياتقان، تۇمشۇقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ھۇۋلاپ تۇرغان، تىمىسقىلاپ ئوزۇق ئىزدەۋاتقان ياكى خالىي جايدا بۆكۈپ يېتىپ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھايۋاننى كۈتۈۋاتقان قىياپىتى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇق تەبىئىتىنى ئارقار بىلەن تاغ تېكىسىنى يەۋاتقانلىقىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۆرىنىڭ باتۇرلۇقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن بەزىدە ئۇنىڭغا بۈركۈتنىڭ بېشى بىلەن قانىتىنى ئۇلاپ ئارسلانغا، يولۋاسلارغا ھۇجۇم قىلغۇزىدۇ...»[1] دېمەك، بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقان بۆرە ئوبرازى دەل قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىچكى رېئاللىقى ۋە روھىي ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلاھىي مەخلۇق بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىن ئىبارەت بۇ «ئادەملەشكەن تەبىئەت» تىن، ئۆزلىرىدىكى ھاياتىي مەۋجۇدلۇق ئىستىكىنى نامايەن قىلغان. شۇڭا، قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بۆرىنىڭ ئاچلىقى ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئاچلىقى، بۆرىنىڭ ئوزۇقۇقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى ئادەملەرنىڭ يېمەكلىككە بولغان تەلپۈنۈشى ئىدى. قىيا تاش رەسىملىرىدە ھايۋاناتلار ئوبرازى ئادەملەر ئوبرازىدىن خېلىلا بالدۇر كۆرۈلگەن بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار

---

[1] «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 ـ توم، 101 ـ بەت.

ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى توتېم ھايۋاننى تەسۋىر-لەش ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. شۇڭا، فېيرباخ: «ئادەمنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاغدىكى ئىپادىلىگەن قىممىتى دەل ئادەمنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىغا قوشقان ئاشۇ قىممەت بىلەن باراۋەردۇر»[1] دەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىدە ئىپادە قىلغان يەنە بىر ھاياتلىق ئىستىكى، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى تېپىۋېلىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىستىكىدۇر.

موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بايقالغان كۆك تۈرك دەۋرىگە مەنسۇپ تاش ئابىدىلەرگە ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان ئىنسان بالىسىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇمۇ دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز يىلتىزى (مەنبەسى) نى تېپىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۆز ھاياتلىقىنى ئۇزۇپ قويماسلىق ئىستىكىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئىپادىسىدۇر.

2. چوقۇنۇش ھېسسىياتى

ئىپتىدائىي ئىنسانلار توتېم سەنئىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇدلۇق ئىستىكىنى ئىپادە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى توتېم ھايۋانغا بولغان ھۆرمىتى، ياخشى كۆرۈشى ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتلىرىنىمۇ ئىپادە قىلغان. بىز ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بۆرە توتېمىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتە شۇنچىلىك ئىنچىك ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىپادىلىنىشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك چوقۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۆرىدىن ئىبارەت بۇ قۇتقۇزغۇچى ۋە ساقلىغۇچى ئىلاھنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرۇشىنى، بالايى - ئاپەت

[1] «فېيرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 2 - توم، 541 - بەت.

ۋە يامان روھلاردىن ساقلىنىشنى ۋە ئۆزلىرىگە تېخىمۇ كۆپ شەپقەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. شۇڭا، بۆرە ئوبرازىنى قىيا تاشلاردىن تارتىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە بولغان بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن. فرانسىيە ئالىمى سارى ئانسېرىن: «ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ ئەپسانىۋى ئەجدادلىرى ياراتقان زىننەت بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى ۋە ئۇسۇللىرىدا دەسلەپتە ھېچقانداق سەنئەت مەنىسى بولمىغان. بەلكى دىنىي ۋە سېھىرگەرلىك مەنىلىرى بولغان»① دەيدۇ.

دەرۋەقە، ئىپتىدائىي قەبىلىلەر توتېمدىن ئىبارەت بۇ ئادەملەشتۈرۈلگەن تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قاتتىق ئىشەنگەن. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتى داۋامىدا، بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، ياخشى كۆرۈشلىرى ۋە قىزغىن ھېسسىياتىنى توتېم ئوبيېكتىغا بېغىشلىغان. ئەگەردە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا توتېمغا نىسبەتەن چوقۇنۇش ۋە تېۋىنىش ھېسسىياتى ۋاقىتلىق ھەم بىر تەرەپلىمىلىك بولىدىغان بولسا، توتېم سەنئىتىمۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچىنى ئاللىقاچان يوقاتقان بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى توتېم بىلەن قوشۇپ بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ياراتقان تەسۋىرىي سەنئەت «ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق خەلق ئۈچۈن مەڭگۈ زوقلىنىشقا ئەرزىيدىغان» سەنئەت بولۇپ قالغان.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ نۇقتىدىن بۆرە ئوبرازىنى ناھايىتى جانلىق ۋە كۆركەم ئىپادە قىلدى. «ئۇلاردىكى بۆرىگە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈش بۆرىنى ھەرخىل شەكىللەردە تەسۋىرلەشكە سەۋەبچى بولغان. ئۇنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان باش ھەيكىلى، قۇلىقى، تاپان ۋە تىرناقلىرى ئات يۈگەنلىرىدە، ئىگەر - توقۇم ۋە كىيىم زىننەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

---

① سارى ئانسېرىن (فرانسىيە): «دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1964 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

شۇلارنىڭ بىرى — بۆرە شەكىللىك ئالتۇن ئىلگەكلەر، ئالتۇن قاپارتمىلار، تۇرلۇك شىرداقلارنىڭ بۆرە رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كەشتىلىرىدۇر. بۇ ئۆلگىلەردە بۆرە تىرناقلىرى روشەن كۆرسىتىلگەن ھەمدە ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن...»① بۇ خىل بۇيۇملاردىكى بۆرە ئوبرازلىرى گەرچە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى مەقسەت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە چوڭقۇر چوقۇنۇش ئېڭى يۇشۇرۇنغان.

3. گۈزەللىك كەيپىياتى

گۈزەللىك كەيپىياتى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئەڭ چوڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر. ئەگەردە ئۇلار ياراتقان سەنئەت ئەسەرلىرىدە قىلچىمۇ گۈزللىك كەيپىياتى يوق دېيىلسە، بۇ پۇتۇنلەي قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ھەرقانداق بىر سەنئەتتە ئوخشاشلا ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتىمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى مۇئەييەن ئورۇن تۇتقان. دارۋىن، مەيلى مەدەنىيەتلىك، ياكى ياۋايى خەلقلەردە بولسۇن، ھەممىسىدە گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇتېم سەنئىتىمۇ شەك - شۈبھىسىزكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى مۇھىم بىر نۇقتا قىلغان. ئالوئىس رېگل (Alois Riegl): «سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ روھىي ماھىيىتى ئېستېتىك ئۇنۇمگە يېتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت»② دەيدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتى داۋامىدا، تۇتېمغا چوقۇنۇش بىلەن گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە تەسۋىرىي سەنئەتتىكى بۆرە ئوبرازىدا ئىلاھىي گۈزەللىك ۋە سىرلىقلىق نامايەن بولغان.

ئەجدادلىرىمىز تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرە ئوبرازىنى ئىپادە

---

① «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» 2 - توم، 101 - بەت.
② فرانز بوئاس: «ئىپتىدائىي سەنئەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت.

قىلىشتا ئۇنىڭ گۈزەللىك ئۇنۇمىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار بۆرە ئوبرازىنى ئادەتتىكىدەك تەسۋىرلەشتىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ، بۆرىگە ئۆز ئېتىقادىدىن سىرت ئالاھىدە ماھارەت ۋە پەۋقۇلئاددە سۈپەت ئاتا قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار تەسۋىرىي سەنئەتتە بۆرىنى مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ۋە ئاجايىپ چوڭ قىلىپ سۈرەتلىگەن. بەزىدە بۆرىلەرنى كۆكتە ئۇچۇۋاتقان، يۇلتۇزلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغان. بۆرە ئوبرازىدىكى بۇ خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئېتىقادار ئۇنىڭ ئىلاھىي تۈسىنى ۋە سىرىي گۈزەللىكىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتكەن. فرانز بوئاس: «ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ئېستېتىك قىممەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ»[①] دەيدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە ئوبرازىنى تەسۋىرىي سەنئەتتە ھەرخىل شەكىللەردە تەسۋىرلىشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېستېتىك قىممەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان.

## 4. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتىدىكى بۆرە ئوبرازىنىڭ ئورتاقلىقى

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئاھالىسى ئىندىئانلاردۇر. ئىندىئانلار ئاخىرقى مۇز دەۋرىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن بېرىنگى بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆچمەس مەدەنىيەت ياراتقان. مانا مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتىدۇر.

① فرانز بوئاس: «ئىپتىدائىي سەنئەت»، 1- بەت.

مورگان ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ 400 گە يېقىن ئۇرۇقى ئىچىدە 30 نەچچە ئۇرۇقنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىندىئانلاردا بۆرە توتېمىنىڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىندىئانلار سەنئىتىنى تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىمى فرانز بوئاس ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ نەپىس ۋە ئاجايىپ كۆركەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا گۈزەللىك بىلەن ئېتىقادنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتى بىلەن شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئەتراپىدىكى ئېسكىموسلارنىڭ توتېم سەنئىتىدە ناھايىتى زور ئورتاقلىقلار ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇب ۋە شەكلىدە ئېھتىمال تارىختىن بۇرۇنقى شىمالىي ئاسىيا ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ تەسىرى بار بولسا كېرەك. ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتى ئۇلارنىڭ توتېم تۈۋرۈكلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بۆرە توتېمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەسۋىرىي سەنئىتىدە شەكىل بىلەن شەكىلدىن قاناتلانغان تەپەككۇر ئالاھىدە گەۋدىلىك سۈرەتلەنگەن. كۋاكىنتال ئىندىئانلىرىنىڭ بۆرە تەسۋىرىدە، بۆرىنى بىرخىل غەلىتە ھالەتتە تەسۋىرلەيدۇ. ئېھتىمال بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بۆرىنىڭ سىرلىق تۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. فرانز بوئاس: «بىز سەنئەت ئۈنۈمىنىڭ ئىككى خىل مەنبەسىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. بىرى، ئۇنىڭ شەكىل ئاساسى؛ يەنە بىرى، شەكىل بىلەن باغلانغان تەپەككۇر ئاساسى. ئەگەردە سەنئەت مۇشۇ ئىككى خىل مەنبەدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ بىر تەرەپلىمىلىك ۋە تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ»① دەيدۇ. دەرۋەقە، ئىندىئانلار سەنئىتىدىكى بۆرىنى سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە غەلىتە

① فرانز بوئاس: «ئىپتىدائىي سەنئەت»، 4 ـ بەت.

ئۇسۇلدا تەسۋىرلەش، مەركىزىي ئاسىيا يايلاق خەلقلىرىنىڭ تو-تېم سەنئىتى بىلەن زور ئورتاقلىققا ئىگە. چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق تەسۋىرلەش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بۆرە توتېمىنىڭ ئادەتتىكى ئوب-رازىنى «تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار» غا تەرەققىي قىلدۇرغان.



32 - رەسىم. كۋاكىنتال ئىندىئانلىرى سەنئىتىدە تەسۋىر-لەنگەن ئۇچار بۆرە

يەنە بىر تەرەپتىن كۋاكىنتال ئىندىئانلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان ۋاقىتتا تاقايدىغان نىقاپلىرى بىلەن زىننەت بۇيۇملىرىدا تەسۋىرلەنگەن بۆرە بېشىنىڭ ئوبرازى (33 - رەسىم) مەركىزىي ئاسىيا يايلاق خەلقلىرىنىڭ ياغاچ ئويمىلىرىدىكى بۆرە بېشىنىڭ تەسۋىرى بىلەن شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىن خېلى زور ئورتاقلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئىندىئانلار سەنئىتىدە باش يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى تەرەپكە قارىغان بۆرە بېشى تەسۋىرلەن-سە. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ توتېم سەنئىتىدە باش يۆنە-لىشى بىر - بىرىگە ئۇدۇل قاراشقان جۈپ بۆرە بېشى تەسۋىرلەن-گەن (19 - رەسىمگە قاراڭ) . يەنە ئىندىئانلار سەنئىتىدە تەس-

ۋىرلەنگەن بۆرە باشلىرىدا، بۆرە ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى ئۇزۇن چىشلىرى روشەن، كۆزلىرى چوڭ، قۇلاقلىرى دىڭ قىلىپ تەسۋىرلەنسە، مەركىزىي ئاسىيا يايلاق خەلقلىرىنىڭ توتېم سەن-ئىتىدىمۇ دەل ئاشۇ خىل ئۇسلۇب قوللىنىلغان.



34 - رەسىم. ئىندىئانلار سەنئىتىدە بۆرە ئوبرازى

ئىندىئانلارنىڭ توتېم سەنئىتىدە بۆرە بېشى تەسۋىرلىنىش-تىن سىرت، يەنە بۆرىنىڭ پۇت ۋە تىرناقلىرى، دۈمبىسى، قۇيرۇقى ۋە بوينى قاتارلىق ئايرىم ئەزالىرىنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن (21 - رەسىمگە قاراڭ).

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ توتېم سەنئىتىدە بۆرە تەسۋىرى ئاساسەن توتېم تۈۋرۈكلىرى، توتېم گىرىملىرى، زىننەت بۇيۇم-لىرى قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن قېيىق باشلىرى ۋە تۇرلۇك نىقاپ بۇيۇملىرىغا ئويۇلغان بۆرە تەسۋىرى ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ مۇكەممەلدۇر. بۇ تەسۋىرلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئىگەر جابدۇقلىرى، قامچا دەستىلىرى ۋە ياغاچ




33 ـ رەسىم. كۋاكىنتال ئىندىئانلىرىنىڭ نىقاب ۋە قاچىلىرىدىكى بۆرە ئوبرازى

ئويمىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۆرە تەسۋىرى بىلەن ئەڭ يېقىن باغلىنىشقا ئىگە دېيىش مۇمكىن.

## ئالتىنچى باب

# تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى

يەر شارىدا ھېچقانداق بىر ھايۋان بۆرىگە ئوخشاش ئىككى خىل تارىخنى، يەنى توتېم قىلىنغان سەلتەنەتلىك تارىخ بىلەن ۋەھشىيلىك ۋە يىرتقۇچلۇقنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رىيازەتلىك تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغاندۇ. . . .

— گرولېر ئاكادېمىيىسى ئېنسىكلوپېدىيىسى

## 1. «بۆرە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈركىي تىللاردىكى ۋارىيانتى

«بۆرە» دىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ يەر شارىدا قاچان پەيدا بولغانلىقىغا كەسكىن بىر نېمە دېيىش تەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقان «بۆرە» سۆزى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ھەققىدە تېخىچە تولۇق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. شۇنداقتىمۇ ھازىرغا قەدەر، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئۆتتى. «بۆرە» سۆزى دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ تىللاردا خىلمۇخىل

ناملار بىلەن ئاتالسىمۇ (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا 狼 ، ئىنگلىز تىلىدا Wolf ، لاتىن تىلىدا Lupus ، رۇس تىلىدا Волк ) ، لېكىن تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاساسەن نامى بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا، «بۆرە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى تۈركىي تىللاردا ئورتاق مەنبەداشلىقتا ئىگە دېيىش مۇمكىن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۈركىي خەلقلەردە «بۆرە» سۆزىنىڭ شەكىللىرى ئاز - تولا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تامامەن ئوخشاش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بۆرە (börə) ، قازاق تىلىدا بۆرى (böri) ، قىرغىز تىلىدا بۆرۈ (böry) ، ئۆزبېك تىلىدا بۆرى (böri) ، تاتار تىلىدا بۆرې ~ بۆرى (böre~ böri) ، تۇۋا تىلىدا بۆرۈ (börö) سالار تىلىدا بۇرە (burə) . . . قاتارلىقلار. ① بىراق بىر قىسىم تۈركىي تىللىرىدا «بۆرە» سۆزىنىڭ ئايرىم شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قازاق تىلىدا كۆكپار (kökpar) ، كۆكجال (kökdzal) ، قىرغىز تىلىدا قاشقىر (qarāʃqār) ، تۇۋا تىلىدا ئۇكاي (ookaj) ، يۇغۇر تىلىدا دېردېڭ (derdeŋ) ، تۈرك تىلىدا بوزكۇرت (bozkÿrt) ، كۇرت (kurt) قاتارلىق ئوخشاشمىغان شەكىللىرى بار. قازاقىستاننىڭ تىل تەتقىقاتچىلىرى قازاق تىلىدىكى kökpar ۋە böri سۆزلىرىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قازاق تىلىدىكى kökpar سۆزى ئىككى سۆزدىن ياسالغان يەنى kök+böri . بۇ يەردىكى böri سۆزى كۆپلىگەن تۈركىي تىللىرىدا qasqir دېگەن ئۇقۇمدا كېلىدۇ. بۇ سۆز ئالتاي تىلىدا bory ، تۇۋا تىلىدا börö ، نوغاي، تاتار، باشقىرت، ئۇيغۇر تىللىرىدا börə ، böri ، böry بولۇپ ئېيتىلىدۇ. بۇريات موڭغۇل تىلىدا byryy دەپ موزايىنى، يەنى تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ (ئېيىق، يولۋاس قاتارلىقلار) ۋە بۇغىنىڭ يىلىغا توشمىغان بالىسىنى كۆرسىتىد-

① «جۇڭگو تۈركىي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1990-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 62 ـ، 63 ـ بەتلەر.

دۇ. kök سۆزى باشقا تۈركىي تىللىرىغا ئوخشاش قازاق تىلىدا (نەرسىنىڭ رەڭگى، ئاسمان، ياش - يۇمران چۆپ ۋە يېڭى چىققان يەل - يېمىش. . . ) دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. böri سۆزى بىلەن kök سۆزى قوشۇلۇپ (كۈچلۈك، دەھشەتلىك، ھەقىقىي كۆك ياللىق بۆرە) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توۋا تىلىدا كۆك ياللىق قاسقىرنى «kökböri دەپ ئاتايدۇ». ①

تۈركىيە تۈركچىسىدە «بۆرە» نىڭ ئورنىغا bozkurt سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. «تۈركچىدە kurt نىڭ ھەقىقىي ئىسمى (böri) دۇر. تۈركلەر بۇنىڭ ئورنىغا كىچىك بىر ھاشارەتنىڭ نامى بولغان kurt (قۇرت) سۆزىنى قوللىنىدۇ. بۇمۇ ھەر ھالدا بۆرىگە نىسبەتەن پەيدا بولغان ھۆرمەت ۋە قورقۇش ھىسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. تەكرار ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەھۋال ئىسمى مەلۇم بولمىغان ھايۋانغا دىنىي سۈپەت ئاتا قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. تۈركلەردە بۆرە بەك ئېزىزلىنىدىغان ۋە ئۇلۇغلىنىدىغان بىر مەخلۇق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆز مەنىسى مەلۇم ئەمەس». ② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە، «بۆرە» تېرمىنىغا مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ: «böri ۋە ياكى börü — ئوغۇزلاردىن باشقا پۈتۈن تۈرك دىئالېكتلىرىدا (بۇلغار تۈركلىرىدە veri) (kurt) (قۇرت) قا بېرىلگەن ئات. قەدىمكى تۈركچىدىمۇ (قۇرت) ئورنىغا بۆرە سۆزى قوللىنىلغان. ئوغۇزلاردىمۇ بۆرە سۆزىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى تارىخ ئەسەرلىرىدىكى شەخسلەر ئىسىملىرىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن». ③

دېمەك، ھەرقايسى تۈركىي تىللىرىدا، böri سۆزىنىڭ تۈر-

---

① «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، قازاقىستان «پەن» نەشرىياتى 1966 - يىلى، قازاقچە سلاۋيان يېزىقىدىكى نەشرى، 128 -، 129 - بەتلەر؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، قازاقچە قايتا نەشرى.

② ئىبراھىم كافەس (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى» تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىسترلىكى نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 15 - بەت.

③ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل 1976 - يىل، تۈركچە نەشرى، 8 - توم، 38 - بەت.

لوك شەكىل ۋە ۋارىيانتلارغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ يەنىلا «böri» ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىزدۇر. ھازىرقى زامان ئاتاقلىق رۇس تۈركولوگى كلياشتورنى ( С. Г. Кляшторнии ) تۈركىي تىللىرىدىكى böri سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قەدىمكى ھىندى، ساك، ئىران تىللىرىدىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 附离 ( تۈركىي تىللىرىدىكى böri ) دېگەن بىرلا سۆز ساقلىنىپ قالغان. بۇ سۆز ئەسلىدە ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ ئەجدادى بولغان ھۇنلارنىڭ خېلىن ( 赫连 ) ئۇرۇقدىكىلەرنىڭ تىلىدىن كېلىپ چىققان» دەيدۇ. گېرمانىيە تۈركولوگى ۋ . باڭ (W. Bang ) ناھايىتى ئىلگىرىلا: « ‹بۆرە› سۆزىنى تۈركولوگىيىدىكى بىلىملەرگە تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئالدى بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدىكى böri سۆزىنىڭ ھىندى - ئىران تىللىرىدىكى ئۆلگىسىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك. bori سۆزى سوغد تىلىدا ωyrk ، ئاۋېستا تىلىدا vehrka ، قەدىمكى پارس تىلىدا vrkana ، خوتەن - ساك تىلىدا birgga ، ئوست تىلىدا birär ، berär قاتارلىق شەكىللەرگە ئىگە»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس لىيۇ يىتاڭ ( 刘义堂 ) ئەپەندىمۇ böri سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك - ئۇيغۇرلار بۆرىنى توتېم ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان. ئۇيغۇرلار بۇ يىرتقۇچ ھايۋاننى böri دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا قەدىمدە ‹F› تاۋۇشى كەمچىل بولۇپ، ‹F› تاۋۇشىنى (B ياكى P ) تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا ‹H› ، ‹F› ئىككى تاۋۇش سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بولۇپ، ئالدىنقىسى كىچىك تىل ياكى بوغۇز تاۋۇشى، كېيىنكىسى لەۋ - چىش

---

① G. S . كلياشتورنى (رۇسىيە) : «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، خېيلوڭجىياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 113 -، 114 - بەتلەر.

سىبىرىلاڭغۇ تاۋۇشى بولغاچقا، تاۋۇشلاردا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، hu li ( 狐狸 ) سۆزى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ fu li = bu li بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان، بىر ھەرپنى ‹y—ö—u—o› قاتارلىق تۆت تاۋۇش بىلەن تەلەپپۇز قىلاتتى. ‹L› تاۋۇشى بىلەن ‹R› تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. مەسىلەن، sɛkrimɛk = sɛklimɛk ، شۇڭا، huli ←buli ←böri دىن ئىبارەت ئۆزگىرىش جەريانىغا مۇتلەق مۇمكىنچىلىك بار. ئۇيغۇرلار ‹تۈلكە› بىلەن ‹بۆرە› نى ئارىلاشتۇرۇپ بىرلا نەرسە دەپ قارايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ‹مانتا› بىلەن ‹ھورنان› نىمۇ ئايرىمايدۇ. كېيىنكىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەچكە böri نى 附离 (fu li) دەپ تەرجىمە قىلىپ ئۇنى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نامى قىلغان». ①

يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان بىر قىسىم ئالىملارنىڭ خىلمۇ خىل كۆز قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا مەركەزلىشىشى مۇمكىن:

1) «بۆرە» سۆزى كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم تۈركىي تىللىرىدا ئايرىم شەكىللەرگە ئىگە؛

2) «بۆرە» سۆزى غەيرىي تۈركىي تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى قەدىمكى ھىندى، ئىران ۋە خوتەن - ساك تىللىرىغا تۇتىشىدۇ؛

3) «بۆرە» سۆزى ئەسلىدە خەنزۇ تىلىدىكى «تۈلكە» ( huli ) سۆزىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ شەكىللەنگەن سۆزدۇر.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل قاراشنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن ئاساسى باردەك قىلسىمۇ، لېكىن مۇشۇ قاراشلارغا تايىنىپلا، «بۆرە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈ-

① ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، تەيۋەن جېڭجۇڭ كىتابخانىسى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 422 - بەت.

رۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، بىز ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتى بولغان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق تەسىرلەرنى ئىنكار قىلمايمىز، چۈنكى تىل بىر خىل قېتىپ قالغان، ئۆلۈك ھالەتتىكى نەرسە بولماستىن، بەلكى جانلىق بولغان ئىجتىمائىي ھادىسە. لېكىن، ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈكى، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مۇقەددەس توتېم بولغان بۆرە ۋە ئۇنىڭ سىرلىق نامىنىڭ ئىپتىدائىي تۈرك تىلى ياكى كەم دېگەندىمۇ ئانا ئالتاي تىلى (ئالتاي تىللىرى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئالتاي تىلى) چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

بۆرە توتېمىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن باشقا موڭغۇللاردىمۇ مەۋجۇتلۇقى، تېخىمۇ مۇھىمى موڭغۇل تىلىدا توتېم ھايۋان بولغان كۆك بۆرىنى - Borte qine ( 孛儿帖赤那 ) دەپ ئاتايدىغانلىقى بىزدە قاتتىق گۇمان قوزغايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، تۈركىي تىللىرىدىكى «بۆرە» سۆزى بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى «بۆرتەچىنە» ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق مەۋجۇت. شۇڭا كەم دېگەندىمۇ ئىككى تىل ئائىلىسىدە ئورتاقلىقى بولغان بىر سۆزنىڭ ئاشۇ تىل سىستېمىسى تەۋەسىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشى ناتايىن.

يەنە بىر تەرەپتىن، توتېمىزم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى دىن بولغاچقا، توتېم يۈكسەكلىكىدە تەڭرىلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن «بۆرە» ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ سىرتقى تەسىر نەتىجىسىدە ئۆزلەشكەنلىكى ناتايىن. شۇنداق بولغاچقا، «بۆرە» سۆزىنىڭ مەنبەسىنى مۇتلەق زور ئەھۋال ئاستىدا، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە قەدىمىي شەكىللىرى ئىچىدىن ئىزدەش، ھەرھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما

يادىكارلىقلىرىدىن (مەڭگۈ تاش، تېكىستلىرىدىن) «بۆرە»
سۆزىنى ئۇچرىتىمىز. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق قۇر-
لار ئۇچرايدۇ: «tängri kuč birtük učun qangim qaɣan süsi
böri tag ärmis yaɣisi qon tag ärmis; »① (تەڭرى كۈچ -
قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۇچۇن، ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرى-
دەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن)؛ ئۇندىن باشقا «بۆ-
رە» سۆزى يەنە «ئەرگىنە قۇن» داستانىدا، «ئىرق بىتىگ» دە،
قوچۇ شېئىرلىرىدا، يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ تۈرك - رۇنىڭ
يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلىرىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئېپ-
تىدائىي قوشاقلاردا ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىنىڭ 2311 -، 6194 - بېيىتلىرىدە ئۇچرايدۇ. خەنزۇ
مەنبەلىرىدىمۇ ئوخشاشلا «بۆرە» سۆزىنى ئاھاڭ تەرجىمىسى ئار-
قىلىق خاتىرىلىگەن. مەسىلەن: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى.
تۈركلەر تەزكىرىسى» 99 - جىلدتا؛ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرى-
سى» 50 - جىلدتا؛ «قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى» 197 -
جىلدتا ئوخشاشلا: «تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە
بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، نۆۋكەرلەر (fu li) 附籬 دەپ ئاتىلا-
تتى، بۇنىڭ مەنىسى بۆرە دېگەنلىكتۇر؛ ئۇلار ئەسلىدە بۆرىدىن
تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ نىشانى قىلىن-
غان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە، يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ شەرقى-
دە، قىرغىزلارغا يېقىن تۇرىدىغان ئۈچ تۈرك قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار
ئايرىم - ئايرىم دۇبو (都播)، مىلى (弥列)، گې ئېجى
(哥饿支) دەپ ئاتىلاتتى ھەممە دالىلاردا يول يۈرگەندە چانا

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 68 - بەت؛ تالات تېكىن: «ئورخۇن تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»، 1968 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 26 - بەت؛ (Talat Tekin: A Grammar of Orkhon Turkic, (Chicago, 1986, The kül Tigin Inscriqtion, E. 12) «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1976؛ 25 - توم، 493 - بەت. (Türk Insiklopedisi, Cilt 25, S. 493 . Istanbul 1976)

ئىشلىتەتتى دەپ خاتىرىلەنگەن. مەشھۇر تۈركولوگ بارتولد بۇ
ھەقتە توختىلىپ: «مۇسۇلمان تارىخنامىلىرىدە، قىرغىزلارنىڭ
شەرقىدە 富邻 (Fyri) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىنىڭ بارلىقى
خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى ‹Fyri› شەك - شۈبھىسىزكى، خەنزۇ
مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان 弥列 نىڭ ئۆزى بولۇپ، ئەسلى
مەنىسى 附离 (böri) دېگەنلىكتۇر ياكى تۈركلەرنىڭ ئەسلى ئۇ-
رۇقىدىن كېلىپ چىققان قەبىلە دېگەنلىكتۇر»① دەپ كۆرسىتى-
دۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر
قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر مۇقەددەس ھايۋان ھېسابلاپ،
توتېم قىلغان «بۆرە» بىرخىل ئىلاھىي تۈسكە ئىگە مەخلۇق
بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدا، ئەج-
دادلىرىمىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. شۇڭا «بۆرە»
سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى سىرتقى تىللاردىن ئىزدەش ئانچە
ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك. ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى،
قولىمىزدا تېخى يېتەرلىك تىل ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي دەلىل
- ئىسپاتلار بولمىغان شارائىتتا، «بۆرە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگى-
يىسىنى كەسكىن بىر نېمە دەپ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكە ئاجىز-
مىز. لېكىن، شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ ئۆتۈشكە ھەقلىقمىز:

1) «بۆرە» سۆزى قىسمەن تۈركىي تىللىرىدا ئوخشىمىغان
ۋارىيانتلارغا ئىگە بولسىمۇ (مەسىلەن، تۈرك تىلىدا «قۇرت»
، قازاق تىلىدا «قاسقىر»، «كۆكجال»، «كۆكپار»، توۋا تىلى-
دا «ئۆكاي»، يوغۇر تىلىدا «دېردىڭ»)، لېكىن مۇتلەق كۆپ
قىسىم تۈركىي تىللىرىدا بۆرە/بۆرى دېگەن ئاساسىي شەكىلگە
ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدىكى بارلىق يازما

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي
پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 6 - لېكسىيە.

يادىكارلىقلاردا بىردەك böri شەكلىدە خاتىرىلەنگەن.

2) گېرمانىيە تۈركولوگى ۋ. باڭ ۋە رۇس تۈركولوگى كلياشتورنى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان «بۆرە» سۆزىنى قەدىمكى ئىران، سانسكرىت ۋە خوتەن ساك تىللىرىدىن ئىزدەش تەشەببۇسىنى يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى «بۆرە» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئىران، سانسكرىت تىللىرىدىن تۈركىي تىللىرىغا ئۆتۈشتىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى مول تىل ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

3) تەيۋەن ئالىمى ليۇ يىتاڭ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان بۆرە (附离) سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈلكە (狐狸) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلگەن خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقىگە قارىغاندا چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئاتالغۇلارغا ناھايىتى باي، شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۆرە بىلەن تۈلكىگە ئايرىم - ئايرىم ئىسىم قويالماسلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

4) خەنزۇ مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن 附离，弥列 قاتارلىق سۆزلەر شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىرىدىكى böri سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

5) مۇسۇلمان تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن Fyri سۆزىمۇ يەنىلا böri سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

## 2. تۆز. ئونگون. توتېم

200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، «توتېم» دېگەن بۇ سۆز، دۇنيا فولكلور ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ دىق-

قىسمىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى ھەمدە توتېمىزم ھەققىدىكى كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا سەۋەبچى بولدى.

«توتېم» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ (بەش چوڭ كۆل رايونىدا ياشايدىغان) ئالگونكىئان (Algonkian) قەبىلىسىگە قاراشلىق ئوجىبۋا (Ojibwa) ئۆرۈقىدىكىلەرنىڭ تىلى بولۇپ، Ototeman دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئۇنىڭ ئۇرۇقى»، «ئەجدادى»، «يىلتىزى»، «قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت.①

«توتېم» دېگەن بۇ ئاتالغۇ، 1725 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىتالىيە ئالىمى ۋىكو (Vico) نىڭ «يېڭى پەن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.② بىراق، بۇ سۆزنىڭ ئىلىم ساھەسىگە تونۇلىشى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. 1791 - يىلى جون لوڭ (John Long) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەنگلىيىلىك سەيياھ ئۆزىنىڭ «ئىندىئان ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا totem دېگەن سۆزنى رەسمىي قوللانغان.③ يېرىم ئەسىردىن كېيىن، ئەنگلىيىلىك يەنە بىر سەيياھ گرېي (Grey) ئۆزىنىڭ 1841 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئاۋستىرالىيىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە غەربىي قىسمىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىدىكى يەرلىك مىللەتلەردە ساقلىنىپ كەلگەن توتېم مەدەنىيىتى ھادىسىسىنى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتى بىلەن سې-

① «برىتانىيە يېڭى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 18 - توم، 529 - بەت.
(The New Encyclopedia Britannica, London, Book 18, pp. 529 — Totemism

② ۋىكو (ئىتالىيە): «يېڭى پەن». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 199 - بەت.

③ «ئىنسانشۇناسلىق قامۇسى»، تەيۋەن تىجارەت نەشرىياتى 1971 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 270 - بەت؛
(John Long: Voyages and Travels of an Indian Interpreter and Trader; London: Rabson and Others, 1791, pp. 86 — 87)

لىشتۇرۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «توتېم» سۆزى كەڭ ئىلىم ساھەسىدە رەسمىي قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ.[1]

بۈگۈنكى كۈندە، «توتېم» سۆزىنىڭ مەنىسى كەڭ جامائەتچىلىك ئۈچۈن مۇئەييەن ئېنىقلىقتا ئىگە بولدى. لېكىن، ھازىرغىچە «توتېم» ئاتالغۇسىنىڭ تەبىرى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكىرى بىرلىككە كەلگىنى يوق. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە توتېم — بىرخىل قانداشلىق مۇناسىۋەت، ئەجدات - يىلتىز ياكى قوغدىغۇچى ئىلاھتىن ئىبارەتتۇر.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە، توتېم ئېتىقادىنى بېشىدىن كۆچۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «توتېم» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز - ئاتالغۇلار مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، ئاۋستراليە قۇرۇقلىقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ بەزىلىرى «توتېم» سۆزىنى كوبوڭ (Kobong) دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى نىگايتى (nigayti)، بەزىلىرى مۇردۇ (murdu)، بەزىلىرى كىناندجا (knandja) دەپ ئاتايدىكەن[2]. تولىس بوغۇزى رايونىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئائۇگۇد (Augud) دەپ ئاتايدىكەن[3]. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان ئېۋېنكىلار بولسا كارپۇر (Karpur) دەپ ئاتايدىكەن.[4]

ئىندىئان قەبىلىلىرى تىلىدىن كېلىپ چىققان «توتېم» سۆ-

---

① خې شىڭلىياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى شىركىتى، 1991-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

② C. A. توكارېف: «ئاۋستراليە ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى خەلقلەر»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 273 - بەت.

③ C. A. توكارېۋ: «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدىكى دىنلار»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 70 - بەت.

④ ئىچكى موڭغۇل قەدىمكى جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چىنابارخۇ خوشونى مورۇگ دەريا ئېۋېنكى مىللىي سومولىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» 1958 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 88 - بەت.

زى ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ ئىلمىي ساھەسىگە تونۇلغانلىقى ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەر تىللىرىدىكى بۇنىڭغا تەڭداش سۆز - ئاتالغۇلار تەدرىجىي يوسۇندا «توتېم» سۆزىگە ئورۇن بەرگەن. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم مىللەتلەر تىللىرىدا بىردەك totem سۆزى ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە.

جۇڭگودا «totem» سۆزىنى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان كىشى يەن فۇ (严复) ئىدى. ئۇ 1903 - يىلى ئەنگلىيىلىك دىككېنسنىڭ «سىياسەت تارىخى» (A History of politics) ناملىق كىتابىدىن «totem» دېگەن سۆزنى 图腾 دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىدۇ.① ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى، پروفېسسور سېن جۇڭمىيەن (岑仲勉) ئەپەندى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار تىلى بولغان «totem» سۆزىنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى 饕餮 (tao tie) سۆزى بىلەن مەنبەداشلىقتا ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «‹饕餮› سۆزىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى ‹t'ot'im› بولۇپ ‹totem› سۆزىگە يېقىنلىشىدۇ، باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، 饕餮 بىلەن totem ئوخشاش بىرلا سۆزدىن ئىبارەت»② دەيدۇ. نۆۋەتتە، ياش تەتقىقاتچىلاردىن خې شىڭلياڭ ئەپەندىمۇ يۇقىرىقى قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ: «بۇنىڭدىن 15 مىڭ يىل بۇرۇن ئاسىيادىن بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەن ئىندىئانلار بىلەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تاۋتىئې مىللىتى (饕餮族) ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېيىش تەس.

① خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۇرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 10 - بەت.

② سېن جۇڭمىيەن: «饕餮 نىڭ ‹totem› سۆزى ئىكەنلىكى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ مىس قۇراللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» — «شەرق ژۇرنىلى»، 41 - جىلد، 5 - نومۇر، 1945 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئەگەردە باغلىنىش بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا «totem» سۆزىنىڭ «饕餮»نىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىدە شۇبھە يوقتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھالبۇكى، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز يۇقىرىقى قاراشلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ: بىرىنچىدىن، گەرچە «饕餮» دېگەن سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «t'ot'im» دەپ ئوقۇلسىمۇ، لېكىن ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتقان «totem» ئاتالغۇسى ئىندىئان تىلىدىكى «ototeman» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوق. ئىككىنچىدىن، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئىندىئانلار شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەنلىكى مەلۇم. شىمالىي ئاسىيا رايونى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن رايون بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريا ۋادىلىرى مەدەنىيىتى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئىندىئانلار مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتىدىن يىراق. ئۈچىنچىدىن، ئىندىئان تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تىللىرى ئارىسىدا مۇئەييەن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھالبۇكى، بوغۇملۇق تىل تۈركۈمىگە كىرىدىغان خەنزۇ تىلى بىلەن يېپىشقاق تىل تۈركۈمىگە كىرىدىغان ئىندىئان تىلى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى ئىزدەش تولىمۇ ئاۋارىچىلىق بولسا كېرەك. ئەگەردە خەنزۇ تىلىدىكى «饕餮» سۆزىنى «totem» سۆزىگە باغلاش توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇتۇم» دېگەن سۆزنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا «totem» سۆزىگە باغلاش مۇمكىن. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، يېتەرلىك تىل پاكىتلىرى بولمىغان شارائىتتا ئالدىراقسانلىق بىلەن قالايمىقان ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاجىزمىز.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا «totem» سۆزىنىڭ مەنبەسى ھەق-
قىدە توختالدۇق. خوش، ئۇنداقتا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق
خەلقلەردىمۇ «totem» سۆزىگە تەڭداش تۈرىدىغان ئاتالغۇلار بول-
غانمۇ؟

بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ - ئېتىقادلىرىنى
تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالايمىز.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەردىن تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەردە بولۇپمۇ موڭغۇللاردا «totem» سۆزى
بىلەن تەڭداش قوللىنىلغان «Ongon» ياكى «Ongun» سۆزى
ئۇچرايدۇ. تۈركىيە ئالىمى ئابدۇلقادىر ئىنان: «ئونگونغا چوقۇ-
نۇش — توتېمىزم دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ۋە ئىزىدۇر»① دەپ
كۆرسىتىدۇ. «Ongon» ئەسلىدە موڭغۇلچە بىر كەلىمە بولۇپ،
ئاتلىق قوۋملارنىڭ شامانلىق ئېتىقادلىرىدا «totem» ئاتالغۇسى
بىلەن تەڭ مەنىدە قوللىنىلغان تېرمىن. «Ongon» ۋە ياكى
«Ongun» سۆزىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى تەڭداش شەكلى «كۆكى
ياكى ئەسلى يىلتىزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «tös» ياكى
«töz» سۆزىدۇر. «Ongon» سۆزىنى ئەڭ دەسلەپ موڭغۇل
دەۋرى تارىخچىسى رەشىدىددىن قوللانغان. Ongon
مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي ئامىل ئىنسان رو-
ھى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرتىپسىزلىكى-
دۇر. دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتتە ئۆزلىرىگە زەرەر
يەتكۈزگەن ھايۋان ياكى باشقا نەرسىلەردىن ساقلىنىش تۇيغۇسى
بىلەن ئۇلارنى ئىنسانىي تۇستە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇلارغا بەيئەت
قىلغان ۋە ئۇلاردا روھ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن». ②
«چاغاتاي ئەۋلادلىرى موڭغۇللاردىن Ongon دېگەن سۆزنى قوبۇل

① ② ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، جۇڭگو ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان ئىچكى نۇسخا، 1979-
يىل، 52-، 53-بەتلەر.
Abdülkadir Inan: Tarihte ve Bügün Samanizm, SS. 64 — 65, Ankara, 1972.

قىلىپ، ئۇنى «تامغا»، «بەلگە» مەنىسىدە قوللانغان، رەشىدىدىنىڭ خاتىرىسى سەۋەبلىك، Ongon سۆزى ئوسمانىيلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىمۇ پەيدا بولغان». ① موڭغۇل تەتقىقاتچىسى ئۇلىچ: «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ Ongon سۆزى ھەققىدىكى تەبىرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا: (1) Ongon ياغاچ ياكى كىگىزدىن ياسىلىدىغان مەبۇد بولۇپ، چېدىرنىڭ تاملىرىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ؛ (2) Ongon موڭغۇل لاما دىنىدىكىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئىلاھى؛ (3) Ongon ئىلاھىي روھ؛ (4) Ongon ئۆلگىچىنىڭ روھىغا چوقۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس». ② دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل لۇغەت - قامۇسلاردا Ongon سۆزىنى ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ: بىرى، Ongon مەخسۇس ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن، (1) «Ongon» — قەبرە، قوغدىغۇچى روھ؛ (2) «Ongonqarig» — روھنى ساقلىغۇچى ئىلاھ؛ (3) «Ongottangri» — ئالۋاستى، ئىبلىس؛ (4) «Ongonsomul» — يەر - جاي نامى؛ (5) «Ongot» — قەدىمكى قەبىلە نامى. يەنە بىرى، Ongon سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، Ongon ura: (مۇقەددەس تاغ)، Ongon Hazar (ئىلاھىي يەر)، Ongon us (ئاقچاچ)، Ongon darhan (مۇقەددەس) قاتارلىقلار. ③

دېمەك، Ongon سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ، «مۇقەددەس، ئىلاھىي كۈچ، ساقلىغۇچى روھ، ئەجداد - يىلتىز» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، «totem» سۆزى بىلەن يېقىنلىشىدۇ. بۇريات موڭغۇللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ھەق-

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1976 - يىلى تۈركچە نەشرى، 25 - توم، 448 - بەت. (Türk Insiklopedisi, Cilt 25.SS.448 Istanbul,1976;)

② ③ ئۇلىچ: «ئونگون ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» — رېن چىن دورجى/لاڭ يىلى تۈزگەن: «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 131 - ، 132 - ، 133 - ، 134 - بەتلەر.

قىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن خانگالوۋ (Hangalov) بىلەن ئاگاپىتوۋ (Agapitov) مۇنداق دەيدۇ: «مەبۇد ۋە ياكى خىلمۇخىل رەسىملەر (مۇقەددەس دەپ قارالغان) ئونگون دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇغ ۋە نامى مەشھۇر شامان (قام) لار ۋە بەزى ھايۋانلارمۇ ئونگون سۈپىتىدە قارىلىدۇ. . . ئونگون ئىنسانلار روھىنى قوغدىغۇچى سىمۋول بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلىدۇ»[1] سىبىرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنى ئۇزۇن مەزگىل تەكشۈرگەن رۇس ئالىمى بۇسسې (Бусce): «ئونگون روھنى قوغدىغۇچى مەبۇدتۇر. بۇ روھ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئونگونغا تېۋىنىش شامان دىنىنىڭ ئاساسىدۇر»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئونگونغا چوقۇنۇش خۇددى توتېمغا تېۋىنىشقا ئوخشاشلا ئۆلگۈچىلەرنىڭ (ئەجداد - يىلتىز) روھى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداپ، روھىي تۈيغۇنۇشقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئونگونغا تېۋىنىش مۇئەييەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياج ئىچىدە بىخ سۈرگەن.[3] ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى ئۆزىنىڭ «توتېم ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە: « ‹totem› سۆزى 1791 - يىلى دۇنيا خەلقىگە بىلىنگەن بولسا، توتېم مەنىسىدە كېلىدىغان ‹Ongon› ئاتالمىسى تۈركىي قوۋملاردا مىلادىيىدىن بۇرۇنلا قوللىنىلغانىدى. ‹Ongon› ئاتالمىسىنىڭ تارىخىنى بىزمۇ تارىخىمىزنىڭ چەكسىز قاراڭغۇ دەۋرلىرىگىچە سۆزلەيمىز»[4]

---

① خانگالوۋ/ ئاگاپىتوۋ: «سىبىرىيىدىكى شامان دىنىنى تەتقىق قىلىش ماتېرىياللىرى»، رۇسىيە خان جەمەتى گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى سىبىرىيە ئىلىم - پەن خەۋەرلىرى، 25- جىلد، 1883 - يىل، رۇسچە نەشرى، 26 .، 27 - بەتلەر. قوشۇمچە: ئا. ئىنان (تۈركىيە): «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، 52 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمەقىلغان 1979 - يىلىدىكى خەنزۇچە ئىچكى نەشرىگە قاراڭ.

② بۇسسې: «تۇرمۇش سۆزلىرى قوللانمىسى» رۇسىيە گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى كۇندىلىكى، 1880 - يىل، رۇسچە نەشرى، 6 - جىلد، 227 - بەت.

③ «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، 134 - بەت.

④ ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى: «توتېم ھەققىدە» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل، 4 - سان.

دەيدۇ. ئونگون ئوبيېكتى كۆپىنچە هايۋانلاردىن بولىدۇ. «ئونگون هايۋان كۆپ هاللاردا سىمۋوللاشتۇرۇلۇپ، ئىنسانلار ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۆرنەك سۈپىتىدە، ئالتاي تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تاردۇشلارنىڭ ئەجدادىنىڭ بۆرە باشلىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، دەسلەپكى موڭغۇللاردىن قىتانلارغىچە بولغان قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىت ياكى توڭگۇز باشلىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا بۇركۇت ئاتا، ئېيىق ئاتا، كۆك بۆرە (بۆرە ئاتا) قاتارلىقلارنى مىسالغا ئالغىلى بولىدۇ. ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرنى ئونگون دەپ قارىغان بەزى قەبىلىلەر ئۇنى ئاتىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلايدۇ. مۇقەددەس قېيىن، قارا قارىغاي، توققۇز پۇتاقلىق ياغاچ قاتارلىقلار كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللاردا ئەجداد سانىلىدىغان ئونگونلار ئىدى». [1] شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن تۈركىي قوۋملاردا، بولۇپمۇ موڭغۇللاردا كەڭ تۈردە قوللىنىلغان Ongon سۆزى مەنە جەھەتتىن totem سۆزى بىلەن تەڭداش كېلىدىغان ئاتالغۇدۇر.

بۇ يەردە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىرىدىكى tös ۋە töz سۆزىدۇر.

töz/tös سۆزى ئەسلىدە ساپ قەدىمكى تۈرك تىلى بولۇپ، موڭغۇل تىلىدىكى Ongon سۆزىگە باراۋەر كېلىدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا تەڭرىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى بولغان. تۈركىيە ئالىمى ئابدۇلقادىر ئىنان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆك تۈركلەر تەڭرىلەرنىڭ رەسىملىرىنى كىگىزگە ئوراپ ياكى

---

[1] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 25 ـ توم، 449 ـ بەت.

تېرە خالتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. ئۇلار بۇ رەسىملەرنى ئىچ ماي بىلەن مايلاپ، ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقلارنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويىدىكەن. يىلنىڭ تۆت مەۋسۇمىدە بۇ تەڭرىلەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىكەن. بۇ تەسۋىرلەر ئالتايلىقلارنىڭ töz/tös، ياقۇتلارنىڭ tana، سويوت - ئۇرانخايلارنىڭ eren، موڭغۇللارنىڭ Ongon دەپ ئاتىلىدىغان مەبۇدلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر». ①

tös/Töz هازىرقى شامانىست تۈركلەرنىڭ دىئالېكتلىرىدا «يىلتىزى، مەنبەسى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خاقانىيە تۈركچىلىرىدىمۇ ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان. مەھمۇد قەشقەرى töz ئاتالغۇسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «töz — تۈپ، ئەسىل، يىلتىز. مەسىلەن: αniη tüpi tözi kim — ئۇنىڭ ئەسلى - نەسلى كىم». ② توتېم ۋە ئونگون سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدىغان töz سۆزى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. فرانسىيىلىك p. پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تاپقان، ھازىر فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەش پارچە ۋەسىيەتنامىنىڭ بىرىدە مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: ... aɤil iti ališiq bolsa böriligi töz (ئەگەر ئېغىل ئىتى ياۋاش ۋە مۇلايىم بولسا، بۆرىلەرنىڭ بۆرىلىك ماھىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ) ③. دېمەك، بۇ جۈملىدىكى «böriligi töz» دېگەن سۆزلەردىن töz سۆزىنىڭ «ئەسلى، يىلتىزى، ماھىيىتى» دېگەن

---

① ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976. يىل، تۈركچە نەشرى، 6.، 59 - بەتلەر؛ قوشۇمچە: ئا. ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ باشتۇرغان 1979 - يىلدىكى خەنزۇچە ئىچكى نەشر، 49 - بەت.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 170 - بەت.

③ لى جىڭۋېي: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەش پارچە ۋەسىيەتنامىگە ئىزاھ» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 2 - سان، 3 - بەت. J. Hamilton, Manusrits Ougours du IX — X Siecle de touen—Houang, paris, 1986

مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ bori سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى دەل توتېملىق چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. موڭغۇللارنىڭ ئونگونغا تېۋىنىش ئېتىقادىنى تەتقىق قىلغان موڭغۇل ئالىمى دورجى بانزاروف مۇنداق دەيدۇ: «ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئەسلىتىدىغان بۇ مەبۇد ( Ongon ياكى töz ) ، ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ ۋە ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئوبرازلىق رەسىملىرىگە تېۋىنىش ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك» . ①

1253 - يىلى فرانسىيە پادىشاھى لۇدۋىگ Ⅸ تەرىپىدىن موڭغۇللارنىڭ مېڭكۇخانى ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن راھىب رۇبرۇك بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا كۆرگەن مەبۇدلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى بىزنىڭ «töz» ئاتالغۇسىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. رۇبرۇك مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار بىر تەڭرىگە ئىشىنىدىكەن. ئۇلار تەڭرىنى ئىنسان ياكى باشقا نەرسىلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەشنى قوبۇل قىلمايدىكەن، مەن ئۇلاردىن: ‹ئۇنداقتا سىلەردە يەنە نېمىشقا بۇنداق كۆپ مەبۇدلار بار؟› دەپ سورىغىنىمدا، ئۇيغۇر راھىبلىرى ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى: ‹بىز بۇ مەبۇدلارنى تەڭرىنىڭ ئوبرازى دەپ قارىمايمىز. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن مەيلى كىم بولمىسۇن، ئوغلى، ئايالى ۋە باشقا بىرى ئۆلۈپ كەتسە، بىز ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى ياساپ بۇ يەرگە قويىمىز ھەمدە بۇ رەسىملەرنى ئۆلگۈچىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساقلايمىز ۋە تېۋىنىمىز› » . ②

مەبۇدلارغا چوقۇنۇشنىڭ مەنبەسىنى ئوبۇلغازى باھادىرخان بىۋاسىتە töz گە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە: « . . . ئۇ زامانلاردا (تۈركلەردە) بىر ئادەت بار بولۇپ، ئەگەردە مەلۇم

---

① دورجى بانزاروف: «قارا دىن» ، سان - پېتربورگ، 1891 - يىل، رۇسچە نەشرى، 30 - ، 31 - بەتلەر.

② «رۇبرۇك ساياھەتنامىسى» ، سان - پېتربورگ 1911 - يىلى رۇسچە نەشرى، 108 - بەت. ئا. ئىنان: «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى» ، ئىستانبۇل. 1976 - يىل تۈركچە نەشرى، 60 - بەت.

كىشىنىڭ ئوغلى، قىزى، ئاكىسى، ئۇكىسى ۋە باشقا بىر يېقىن ئادىمى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگۈچىنىڭ رەسىمىنى قوغۇرچاق (Kuğurcak) قىلىپ ئۆيىدە ساقلايتتى. دائىم ئۇنى سىيلاپ، سۆيۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىنچى لوقما تائامنى قوياتتى، يۈزلىرىنى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا سۈركەپ، تازىم قىلاتتى. شۇنىداق قىلىپ ئۇلاردا ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىنلا مەبۇد (töz) قا تېۋىنىش باشلىناتتى». [1] ئوبۇلغازى باھادىرخان تىلغا ئالغان Kugurčak دەل كىچىك قىز بالىلار ئوينايدىغان «قونچاق» نىڭ ئۆزى ئىدى. [2]

مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇھەممەت سېلىم مىرزا ئۇمىدبەگ ئوغلى «يادىكار» ناملىق ئەسىرىدە، «باشقىرتلار بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى يەر - زېمىن ۋە ئورماننى تالىشىش ۋەقەسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: باشقىرتلار بىر تۇپ دەرەخ ئاستىغا توپلىشىپ خۇرسىنغان ھالدا مۇنداق دېيىشتى: ‹كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز بۇ بىر پارچە ئورمان ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. بۈركۈتنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىزنىڭ بۇ ئورمانلىقتىن مەھرۇم بولىشىمىزدىكى بەلگىسىز ئىدى. چۈنكى بۈركۈت بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز سۈيتىدە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۈركۈتنىڭ ئۆلۈشى بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزدىن دېرەك بەردى› ». [3] ئابدۇلقادىر ئىنان يۇقىرىقى جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇ ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۈركۈت بىر بەلگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ روھىغا (خوجايىنىغا، ئىگىسىغا) ۋەكىللىك قىلىدىغان töz ياكى Ongon ئىدى» [4] دەيدۇ.

---

① ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 14 -، 15 - بەتلەر؛ تاشكەنت «چولپان» نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 11 -، 12 - بەتلەر.

② «تۈرك تىلى قامۇسى»، 1 - توم، 501 - بەت.

③ مۇھەممەت سېلىم مىرزا ئۇمىدبەگ ئوغلى: «يادىكار»، قازان، 1897 - يىل، تاتارچە نەشرى، 58 - بەت.

④ ئا ئىنان (تۈركىيە): «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم» 56-، 115-، 114- بەتلەر.

تۈركىي تىللىرىدا «töz» ئاتالغۇسىدىن باشقا يەنە «iduk» «izuk» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن «totem» ۋە «töz» سۆزلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئابدۇلقادىر ئىنان: «‹iduk› سۆزى خاقانىيە تۈرك تىلىدۇر. ئۇيغۇر تۈركچىسىدە ۋە ياقۇت تىلىدىمۇ ‹مۇقەددەس› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ»① دەيدۇ. بۇ سۆز ياقۇت تىلىدا «itik» قارا چاي تىلىدا «izik»، ئالتاي تىلىدا «iyik»، چۇۋاش تىلىدا «ilik» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.③ مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «izuk — قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىك نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال ‹izuk› دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ. سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ. ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ».④ رۇس ئالىمى پروفېسسور زېلېنىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا: «izuk — iduk ئادىتى شۈبھىسىزكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە مەيدانغا چىققان. بۇ مەزگىلدە يەنە ئىنسان شەكلىدىكى ئونگون مەبۇدلار ھايۋان شەكلىدىكى ئونگونلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن»⑤ ئىدى. بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىغا نەزەر تاشلىساق، «iduq» سۆزىنىڭ VII - VIII ئەسىرلەردىلا كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرق تەرەپ 10 - قۇرىدا: «türk taŋrisi»، «türk subi — yir iduq» دېگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردىمۇ «iduq» سۆزى «مۇقەددەس، ئۇلۇغ» مەنىلەردە كەلگەن.

---

① ③ ئابدۇلقادىر ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، 115 - ، 114 - بەتلەر.

④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 89 - بەت. بېسىم ئاتالاي نەشرگە تەييارلىغان 1933 - 1935 - يىلىدىكى ئىستانبول تۈركچە نەشرى، 1 - توم، 65 - بەت.

⑤ زېلېنىن: «سىبىرىيىدىكى ئونگونغا تېۋىنىش»، رۇسچە نەشرى، 332 -، 333 - بەتلەر؛ قوشۇمچە ئا. ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، 115 - بەتكە قاراڭ.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا، دۇنيادا توتېم ئېتىقادىنى بېشىدىن كۆچۈرگەن بارلىق مىللەتلەردە «totem» ئاتالغۇسى بىلەن مەنە جەھەتتىن تەڭداش كېلىدىغان تۈرلۈك ئاتالغۇلار بولغان. بولۇپمۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ ئاتالغۇلار ئىزچىل قوللىنىلغان بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن موڭغۇللاردىكى « ongon » ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىكى «töz/tös» ۋە «izuk/iduk» سۆزلىرى دەل شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئىندىئان تىلىدىكى «totem» سۆزى ئەڭ دەسلەپ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىردەك قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ھەم دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىكى سۆز - ئاتالغۇلار «totem» سۆزىگە ئورۇن بەرگەن.

## 3 . بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىسىم - فامىلە قويۇش ئادىتى بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئىسمى، فامىلىسى بار. بىراق، ئىسىم - فامىلە ئەزەلدىنلا دۇنيانىڭ يارىلىشى بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن نەرسە ئەمەس. ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلاردا پەقەت ئومۇمىي ياكى كوللېكتىپ ئىسىم — توتېم ياكى ئۇرۇق ئىسمىلا بولغان. شەخس ئىسىملىرى كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، توتېم ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان. دېمەك، ئەڭ دەسلەپكى شەخسلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى توتېم ئىسىملىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن.[①]

① خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈردىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 360 - 361 - بەتلەر.

بىز ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇلارنىڭ شەخس ئىسىملىرىنىڭ توتېم ناملىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مورگان مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىندىئانلارنىڭ ئېتى ئادەتتە شۇ كىشىنى ياكى قەبىلىدىكى باشقا ئۇرۇققا مەنسۇپ بولغان كىشىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ كىشى ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئۇرۇقنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئومۇمەن ھەربىر ئۇرۇقتا بىر يۈرۈش شەخسىي نام بولۇش ئادەت ئىدى، بۇ شۇ ئۇرۇقنىڭ ئالاھىدە مۈلكى ھېسابلىناتتى، شۇڭا، ئوخشاش قەبىلە ئىچىدىكى باشقا ئۇرۇقلار بۇ ئاتلارنى ئىشلىتەلمەيتتى. بۇ ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ نامى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن ئۇرۇق ئەزالىق ھوقۇقى ئىدى. بۇ ئات مەنە جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم ئۇرۇققا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياكى مەلۇم ئۇرۇق ئۈچۈن قوللىنىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى». ① بۇ خىل ھادىسە ئاۋستىرالىيىدە ياشايدىغان ئىندىئانلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، يات ئۇرۇقتىكىلەر ئۇچرىغاندا، سورىلىدىغان بىرىنچى جۈملە سۆز: «توتېمىڭ نېمە؟» دېگەن سوئال بولىدىكەن. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ توتېمى بۆرە بولسا، «بۆرە» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن، توتېمى يولۋاس بولسا «يولۋاس» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ②

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان توتېم ناملىرى دەل فامىلىدىن ئىبارەتتۇر. ئاۋستىرالىيىدىكى ئاراندا قەبىلىسىدە، ئەگەر بىر يەرلىك كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلسىلا، ئاشۇ كىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ توتېمىنىڭ ئىسمىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ③ مىلانىزىيە ئاراللى-

---

① مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 149، 301 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ سودا نەشرىياتى، 1981- يىل خەنزۇچە نەشرى. 1 - كىتاب، 76، 153 - بەتلەر؛

② خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 98 - بەت.

③ ④ لېۋى ستراۋس (فرانسىيە): «ياۋايى قەۋملەر تەپەككۇرى»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 196 - 197، 196 - بەتلەر.

رىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۇلارنىڭ توتېم ناملىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەن④. كىشى ئىسىملىرى بىلەن توتېم ناملىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بىر قىسىم يەرلىك ئىپتىدائىي خەلقلەر ئارىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئىستىخىيىلىك هالدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. جۇڭگولۇق ئالىم سېن جياۋۇ ئىنگلىز مىللىتىنىڭ بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىنىمۇ توتېم ناملىرىغا باغلايدۇ: «ئەنگلىيىلىكلەردە هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قويۇش ئادىتى كۆپرەك ئومۇملاشقان؛ مەسىلەن، Hog (چوشقا)، Lion (شىر)، Wolf (بۆرە)، Cat (مۈشۈك)، Fox (تۈلكە)، Salmon (سالمون بېلىقى)، Swan (ئاققۇ)، Woodcoek (لايخورەك)، Patrige (كەكلىك)، Primrose (نورۇزگۈل)، Appltree (ئالما دەرىخى)، Rose (ئەتىرگۈل)، Birch (قېيىن)، Beech (بوك دەرىخى) قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى توتېم ئادەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر».①

خەنزۇ خەلقىنىڭ فامىلىلىرى ناهايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېقىنقى ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، 5730 ـ 6363 گىچە فامىلە بار ئىكەن.② تەتقىقاتچىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەنزۇلارنىڭ خېلى كۆپ فامىلىلىرى توتېم ناملىرىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئاتاقلىق تارىخچى لۇ جېنيۈي بۇ هەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېلىمىز فامىلىلىرىدىن يىراق قەدىمكى زاماندىكى توتېم دەۋرىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ما (马)، نيۇ (牛)، ياڭ (羊)، جۇ (猪)، ۋۇ (邬)، نياۋ (鸟)، فېڭ (风)، مېيى (梅)، لى (李)، تاۋ (桃)، خۇا (花)، يې (叶)، لىن (林)، خې (河)، شەن

① سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 7 ـ بەت. شۆلىن نەشرىياتى، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
② گاۋ مىڭچياڭ : «سىرلىق توتېم»، جىياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 114 ـ بەت.

(山)، شۇي (水)، يۈن (云)، شا (沙)، شى (石)، ماۋ (毛)، پى (皮)، لوڭ (龙)، فېڭ (冯)، شې (蛇)، جياۋ (蛟)، فېڭ (风)... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي توتېمنىڭ ئىزنالىرىدۇر».①

جۇڭگولۇقلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ توتېم ناملىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ دەسلەپ بايقىغان كىشى ئامېرىكىلىق روبېرت خارت ئەپەندى ئىدى. ئۇ 1860 - يىلى گۇاڭجۇدا تۇرۇپ مورگانغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «... ھازىر بۇ دۆلەتتە 400 فامىلە بار، مەن ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھايۋان، مېۋە - چېۋە، مېتال، تەبىئەتتىكى شەيئىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۇلارنى Horse (马 ئات)، Sheep (羊 قوي)، Ox (牛 كالا)، Fish (鱼 بېلىق)، Bird (禽 ئۇچارقۇش)، Phoenix (风 سۇمۇرغ)، Plum (李 ئامۇت)، Flower (花 گۈل)، Leaf (叶 يوپۇرماق)، Rice (米 گۈرۈچ)، Forest (林 ئورمان)، River (江 دەريا)، Hill (丘 ئېدىر)، Water (水 سۇ)، Cloud (云 بۇلۇت)، Gold (金 ئالتۇن)، Hide (皮 تېرە)، Bristles (毛 يۇڭ) ۋە باشقىلار دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا چوڭ - چوڭ يېزىلار ئۇچرايدۇ، پۈتۈن يېزا بويىچە پەقەت بىرلا فامىلە ھۆكۈم سۈرىدۇ: مەسىلەن، بىر رايوندا بىر يېزا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە 2 - 3 مىڭ ئادەم بار ئىكەن، بىرىنچى يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «ما» (马 ئات) فامىلىلىك، ئىككىنچى يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «ياڭ» (羊 قوي) فامىلىلىك، ئۈچىنچى يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «نيۇ» (牛 كالا) فامىلىلىك ئىكەن... خۇددى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىدا ئەر بىلەن خوتۇن بىر قەبىلىگە (ئۇرۇققا) مەنسەپ بولمىغىنىدەك، خەنزۇلارنىڭ

① لۈ جېنيۈ (吕振羽): «تارىختىن بۇرۇنقى جۇڭگو جەمئىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1961 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 77 - بەت.

ئەر - خوتۇنلىرىمۇ هامان باشقا - باشقا جەمەتكە، يەنى ئوخشاش بولمىغان فامىلىگە مەنسۇپ ئىكەن» .[1] ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگودىكى نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى توتېمناملىرى بىلەن باغلانغان. شۇڭا خې شىڭلياڭ ئەپەندى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەڭ دەسلەپ كىشىلەردە ئىسىم بولمىغان، ئادەمنىڭ ئۆزلۈك (Ego) ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشى ئىسىملىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن، ئەڭ دەسلەپكى كىشى ئىسىملىرى توتېم ناملىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسمى توتېمغا باغلانغان. بۇ شەخسىي ئىسىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاشۇ كىشى تەۋە بولغان توتېم ئۇرۇقىنى بىلدۈرگەن. . . »[2] دەيدۇ. شۇڭا، مەيلى قەدىمكى زامان مىللەتلىرى بولسۇن، ياكى يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان مىللەتلىرى بولسۇن ھەممىسى بۇ خىل ئادەت چەمبىرىكىدىن مۇستەسنا ئەمەس.[3]

يۇقىرىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا، كىشى ئىسىملىرىنىڭ توتېم ناملىرى بىلەن باغلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. خوش، ئۇنداقتا بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇتمۇ - يوق؟ بىز بۇ سوئالغا كەسكىنلىك بىلەن مەۋجۇت دەپ جاۋاب بېرىمىز.

يازما پاكىتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك، بىز كۆكتۈرك دەۋرىدىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن، تېخىمۇ توغرىسى، تۈرك تىل - يېزىقىدىكى

[1] مورگان (ئامېرىكا) : «قەدىمكى جەمئىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، Ⅱ كىتاب، 718 -، 719 - بەتلەر ؛ سودا نەشرىياتى، 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، Ⅱ كىتاب، 361 - 362 - بەتلەر.

[2] خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، 364 - بەت.

[3] خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى» ، 93 - بەت.

يازما خاتىرىلەر باشلانغاندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇم ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز. خەنزۇ مەنبەلىرى بەرگەن يازما مەلۇماتلارغا قارىغاندا: «. . . (تۈركلەرنىڭ) بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ نۆكەرلەر 附离 (fuli) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ‹بۆرە› دېگەنلىكتۇر؛ ئۇلار ئەسلىدە بۆرىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ نىشانى قىلىنغان».①

دېمەك، كۆك تۈركلەر دەۋرىدە نۆكەرلەر (مۇھاپىزەتچىلەر) نىڭ «بۆرە» دەپ ئاتىلىشى، دەل ئۇلارنىڭ توتېمى بولغان بۆرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە يولۋاس (بارس)، ئارسلان، بۇغرا، بۆرە، بۇقا، لاچىن (توغرىل) قاتارلىق كۈچتۈڭگۈر، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭناملىرىنى كىشىلەرگە ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ توتېم ئېتىقادى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە «بۆرە» نامىغا قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. X — IX ئەسىرلەرگە دائىر دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەردە مۇنداق كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ: «. . . بۆرى بارسقا ئۈچ دانە يىپەك تۆلىدىم؛ بۆرى سانغۇندا ئۈچ دانە يىپەك ئالغۇ بار. . .».② بۇ ھۆججەتتىكى بۆرى بارس (böri bars)، بۆرى سانغۇن (böri sanrun) قاتارلىق ئىسىملار شەك - شۈبھىسىزكى، بۆرى توتېمى بىلەن باغلانغان

---

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» 99 - جىلد؛ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 - جىلد؛ «قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى»، 197 - جىلد.

② لى جىڭۋېي: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەش پارچە ۋەسىيەتنامىگە ئىزاھ» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 2 - سان، خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت؛ — J. Hamilton: Manusrits Ouigours du IX°—°X Siecle de Touen Houang, paris, 1986.

قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدۇر.

قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس» تا باش قەھرىمان ماناسنى دائىم «كۆك بۆرە ماناس»، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتايدۇ.① قازاقلارنىڭ «قامبار باتىر» ئېپوسىدا، قامبارنى «شۇڭقار»، «ئاچ بۆرى»، «قارانار» دەپ ئاتايدۇ.②

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىن قول ئۈزۈپ، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشنى باشلىدى ۋە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، خەنزۇچە، ھىندىچە ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى كۆرۈلدى. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرشۇناس ۋە تۈركولوگ گاباىن خانىم مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى ياۋروپادا، ئەرەبچىدىن كېلىپ چىققان ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارالسىمۇ، لېكىن بۇ باشتىن - ئاخىر ئۇنداق ئەمەس: مەسىلەن، سېلما (Selma) دېگەن بۇ ئىسىم گەرچە ئەرەبچىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ئاياللارنىڭ ئىسمىدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىدىقۇت (قوچۇ) دا ئۇچرايدىغان خەنزۇچە ئىسىملار ھەرگىزمۇ خەنزۇلارنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىرخىل ئادەت بولۇپ شەخسىيلەرنىڭ مودا قوغلىشىش ئىستىكى تۈپەيلىدىن تاللىۋېلىنغان».③

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، دىنىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن كىشى ئىسىملىرىدا خەنزۇلىشىش ۋە ھىندىلىشىش ھادى-

---

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «ماناس» ئېپوسىنى توپلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى 1961 - يىلى تەييارلىغان ماتېرىيال نۇسخا «ماناس» (قىرغىزچە)، 1 - توم.

② مۇتەللىپ ئالپامىش ئوغلى: «قازاق ئېپوسىدىكى باتۇرلار ئوبرازىنى ھايۋاناتقا تەڭلەشتۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق كۆز قاراش» — قازاقچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرنىلى»، 1990 - يىللىق، 1 - سان.

③ ئا. ۋون. گاباىن (گېرمانىيە): «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، 1989 - يىل، خەنزۇچە باسما، 40 - بەتلەر.

سىملىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە مۇتلەق كۆپ كىشى ئىسىملىرى قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە، ھايۋانات، ئۇچار قۇش ۋە تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن روشەن توتېم پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. گاباىئىن خانىم «ئارسلان (arslan)، ئېيىق (adir)، بۆرى (böri يىكى qurt)، يىلان (yilan)، بۇغا (srun/sirun)، قاپلان (qaplan)، توشقان (tavišqan)، كىرپە (kirpi) ...» ① قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نامىغا قويۇلغان كىشى ئىسىملىرىنى تىلغا ئالىدۇ. قوچۇ خانلىقىدا، ھايۋانات ئىسىملىرىدىن arslan دېگەن ئاتنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئالاھىدە ياقتۇرۇپ قوللىناتتى. مەسىلەن، ئارسلان - توڭا، بىتكەچى - بەگ - ئارسلان، قۇمار - ئارسلان چاڭشى، ئەرك ئارسلان سانغۇن، ئارسلان بالبان؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋانات ئىسىملىرىنى، بولۇپمۇ buqa (بۇقا) نامى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن ھايۋانات ئىسىملىرىنى كۆپرەك كەڭ پۇقرالار قوللىناتتى. مەسىلەن، بارس - بۇقا، سابى - بۇقا، تېمىر - بۇقا، بەك - بۇقا، باي - بۇقا، ئېل - بۇقا، ئىش - بۇقا، ئارا - بۇقا، قارا - بۇقا، ئەر - بۇقا، قۇتلۇغ - بۇقا، قىتاي - بۇقا، تۆگرۈنچ - بۇقا، ئىنچ - بۇقا، ئىنە - بۇقا، ئەسەن - بۇقا، بۇلات - بۇقا، بۇقاخان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: كۆچ - بارسلىق، توغرىل، ئارسلانىسغ - توغرىل، خوتۇن - توغرىل، ئۆزمىش - توغرىل، باسا - توغرىل، ئەسەن - توغرىل، ئۆرك - توغرىل، تورۇق - ئەدگۈ - توغرىل، ئىت - تارخان، مەڭلىك - شىڭقۇر، ئوغۇل شىڭقۇر - تېكىن، ئەر - بۆرى، ئاتام - بوزاغۇ قاتارلىق كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. ② «تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يالغۇز بۆرىنىلا توتېم قىلىپ قالماي، ئۇنىڭدىن باشقا ئات ۋە لاچىنلارنىمۇ توتېم قىلغانلىقى مەلۇم.

① ئا. ۋون گاباىئىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 42 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 48 -، 49 - بەتلەر

قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار لاچىننى ‹تۇغرۇل›، نامىدا ئاتاپ، ئۇنى خۇددى باشقا توتېملارنى ئىسىم قىلىپ قويغانغا ئوخشاش ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىسىم قىلىپ قوللانغان. بۇ خېلى ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەنلىكى مەلۇم. . . » .[1]

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەرەب - پارسلىششى خېلى كۈچەيگەن بولسىمۇ. لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىدىن توتېم دەۋرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە «بۇغراخان»، «ئارسلانخان» دېگەندەك ئىسىملار ئۇچرايدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋارائۇننەھردىكى بىر ئەمىرىنىڭ ئىسمى بۆرى - تېگىن ئىدى.[2]

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شام، ئانا تولىيە يېرىم ئارىلىغىچە بولغان بىپايان زېمىنلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ناملار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شامدا 1109 — 1154 - يىللىرى مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرگەن بىر سۇلالىنىڭ نامى — بۆرىلەر سۇلالىسى (Böriler) ئىدى.[3] ئوتتۇرا ئەسىردە قۇرۇلغان تۈركمەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانلىرىدىن بىرى — كۆك بۆرى ( Al — Malik al — muazzam Muzaffar al — Din Abu Nasir kök böri B. Beg Tigin <1154 — 1232> ) ئىدى.[4] ئۇنىڭدىن باشقا سالجۇق تۈركلىرىنىڭ خۇراساندا ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھى بۆرى - بارس ( ؟ — 1095 ) ؛ شام ئەمىرلىرىدىن تاج ئەل - مۇلۇك بۆرى ( ؟ — 1132 ) ؛ ئەييۇب تاج ئەل - مۇلۇك مەجد ئەل - دىن

---

① يارمۇھەممەت تاھىر: «مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر تەبىرى توغرىسىدا» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق، 3 - سان.

② «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 - توم، 739 - بەت، ئىستانبۇل، 1979 - يىل، تۈركچە نەشرى.

③ ④ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1976 - يىل، تۈركچە نەشرى، 2- توم، 740 - بەت، 6 - توم، 885 - بەت.

بۆرى ( ؟ — 1183) قاتارلىق بۆرە نامى بىلەن قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ.①

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىردىن كېيىن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ هاياتىدا ناهايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. يېڭىچە مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە مىللىي ئاڭنىڭ ئويغىنىشى، ئاخىرقى هېسابتا ئۇلارغا ئۇنتۇلـغىلى ئۇزاق زامانلار بولغان بۆرە توتېمىنى قايتا تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلار ئاڭلىق يوسۇندا، كىشى ئىسىملىرى، فامىلە، تەخەللۇس، تەشكىلات، ئۆمەك، ئۇيۇشما ۋە گېزىت - ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ ئىسىملىـرىنى «بۆرە» توتېمىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى. مەسىلەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرى تۈركىيىدە «بوزكۇرت» (كۆك بۆرە) ناملىق گېزىت - ژۇرناللار چىقىرىلـدى.② تۈركىيىلىك مەشهۇر سىياسىئون ۋە ئاممىۋى پائالىيەتـچى مەهمۇد ئەسەت (1892 — 1943) نىڭ تەخەللۇسى «بوز-كۇرت» (كۆك بۆرە) ئىدى.③ هازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ داڭـلىق تارىخچىسى ۋە ئالىمى بۆرىباي ئەخمىدوۋنىڭ نامىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 4. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان مىللەت - قوۋمناملىرى

دۇنيادا مىللەت ۋە قوۋملار ناهايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن هەممىسىنىڭلا ئۆز ئالدىغا خاس نامى بار. هەربىر مىللەت ۋە

---

① ② ئىنگۋار سۋانبېرگ: «تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلەر» 172 - 173 - بەتلەر.
(Ingvar Svanberg: Kazak Refugees in Turkey, Almqvist & Wiksell International, Sotckholm, 1989)

③ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 - توم، 10 - بەت.

قوۋمنىڭناملىرى ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر نەتىجىسىدە كېـ
لىپ چىققان. بولۇپمۇ بىر قىسىم مىللەت ـ قوۋم ناملىرىنى
بىۋاسىتە توتېم دەۋرىگە باغلاش مۇمكىن.

بەزى تەتقىقاتچىلار قەدىمكى هۇن ( 匈奴 ) لارنىڭ مىللەت
نامىنى ئۇلار چوقۇنغان ئاسمان جىسمى ـ «كۈن» دىن ئۆزگىرىپ
كەلگەن دەپ قارايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە هۇنلار 匈奴 ، 胡 ، 鬼
قاتارلىق خىلمۇ خىل نامىلار بىلەن 昆戎 ، 昆夷 ، 鬼戎 ، 方
خاتىرىلەنگەن.[①] خې شىڭلياڭ ئەپەندى: « 匈 ، 胡 ، 昆 ، 鬼
奴 قاتارلىق سۆزلەرنىڭ هەممىسى تۈركىي تىلىدىكى ‹ Kün ›
سۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاهاڭ تەرجىمىلىرى هېسابلىنىدۇ.
بولۇپمۇ 昆 خېتى Kün سۆزىگە ئاهاڭ جەهەتتىن ناهايىتى يېقىنـ
لىشىدۇ»[②] دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ قەدىمكى هۇنلار قۇياشنى
ئۇلۇغلاپ، ئۇنى توتېم قىلغان. «هۇن تەڭرىقۇتى سەهەردە چېـ
دىردىن چىقىپ يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈنگە، كەچلىكى ئايغا قاراپ
بېيئەت قىلغان».[③] دېمەك، يۇقىرىقى قاراشلار هەقىقەتەن پۈت
تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، ئۇ هالدا «هۇن» لارنىڭ نامى ئۇلارنىڭ
توتېمى «كۈن» دىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

بەزىلەر هازىرقى «قازاق» مىللىتىنىڭ نامىنى ئۇلار ياخشى
كۆرۈپ قەدىرلەيدىغان قۇش «قاز» ( ئاققۇ) بىلەن «ئاق» سۆزىـ
نىڭ قوشۇلىشىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى قەدىمكى
بىر رىۋايەتكە باغلايدۇ.[④]

قەدىمكى هۇنلارنىڭ بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىمۇ «بۆرە»
نامى بىلەن ئاتالغان. «جىننامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە خاتىـ

---

① فېڭ جياشېڭ ( 冯家升 ) : «هۇن مىللىتى ۋە مەدەنىيىتى» ـ «يۈگوڭ» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى. 1937 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ جىلد، 5 ـ سان.
② خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈردىـ نىڭ كېلىپ چىقىشى»، 367 ـ بەت
③ «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى».
④ چاقىپ مىرزاقان ئوغلى: «قازاق مىللىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى قازاقچە نەشرى، 44 ـ، 73 ـ بەتلەر.

ـرىلىنىشىچە، ھۇنلار قورغان ـ ئۆڭكۈرلەردە ئولتۇراقلاشقانلار بولۇپ، جەمئىي 19 ئۇرۇقتا بۆلۈنىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قارا بۆرە ئۇرۇقى» ( 黑狼种 ) بىلەن «قـۇلان ئـۇرۇقـى» ( 贺赖种 ) ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئۇرۇق ئىكەن. خې شىڭلياڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: « 贺赖 » تۈركىي تىللاردىكى «qulan» (ياۋا ئات) سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىـ
سىدۇر»① دەيدۇ. قارا بۆرە، قۇلان ئۇلارنىڭ توتېمى بولۇپ، ئورۇنلارنىڭ نامى شۇ نامدا ئاتالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى باسكاكوف: «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ نامى، ئۆكۈز (بۇقا) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان oruz
oruz ← hökūz ← دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆكۈز (بۇقا) نى توتېم قىلغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ».②

ھەممىگە ئايانكى، سانسىزلىغان ئىنسانىيەت قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە ياكى شەيئىلەرگە باغ-
لاپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىگە نام قىلىپ قويغان ۋە بۇ ھايۋانلارنىڭ ناملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بول-
مىغان سىرلىق قانداشلىق پەرقىنى ئايرىغان.③ بۇ ئەھۋال ئا-
مېرىكا ئىندىئانلىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مورگان-
نىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان ئىندى-
ئانلارنىڭ 400 گە يېقىن ئۇرۇقى ئىچىدە بۆرە ۋە ئېيىقنى توتېم قىلغانلار 30 دىن ئارتۇق، بۇغا ۋە تاشپاقىنى توتېم قىلغانلار 20 دىن ئارتۇق ئىكەن.④ شۇنىڭدىن قارىغاندا يالغۇز ئىندىئان-
لاردىلا «بۆرە» نامى بىلەن ئاتالغان 30 دىن ئارتۇق ئۇرۇق بار

① خې شىڭلياڭ: «غۇز ( 胡 ) تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە ئېنىقلىما» — «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان.

② باسكاكوف: «ئوغۇز ۋە ئوغۇزخان سۆزلىرىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا» — «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى»، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان.

③ ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 676 ـ بەت.

④ خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 52 ـ بەت

ئىكەن. «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جۇ بەگلىكى خاتىرى-سى» ( 〈国语 · 周语〉 ) دە، مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «مۇتيەنزى غەربكە قىلغان يۈرۈشىدە چۈەن رۇڭلارنىڭ بەش بې-گىنى قولغا چۈشۈردى ۋە تۆت بۆرە بىلەن تۆت ئاق بۇغىنى تۇتۇۋېلىپ قايتتى». بۇ خاتىرىدىكى تۆت بۆرە بىلەن تۆت بۇغا غەربىي يۇرتتىكى مەلۇم ئۇرۇقلارنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلارنى ھەر-گىزمۇ ئادەتتىكى ھايۋان ناملىرى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. خۇنەنلىك ئۇيغۇر تارىخچى جيەن بوزەن ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئاق بۆرە بىلەن ئاق بۇغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇقلارنى كۆرسىتىدۇ»[1] دەيدۇ.

1892 - يىلى رۇسىيىلىك ئوسلوكوف يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى مېنگىس - سېرىك دېگەن جايدىكى بۆركلى دەرياسى بويىدىن بىر پارچە مەڭگۈ تاشنى بايقىدى. مانا بۇ رادلوف ئوقۇپ مەنىسىنى يەشكەن مەشھۇر بۆركلى مەڭگۈ تېشىدۇر. مەڭگۈ تاشتا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ: «. . . مەن يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم. قاپلان بىلەن ئىككى ياشلىق بۇغىنى ئۆلتۈرمىدىم».

يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «قىرغىزلار-نىڭ توتېمى قاپلان ئىدى. گەرچە بەزى چاغلاردا قاپلان كىشى ئىسمى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققىنىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇرۇق نامىنى كۆرسىتەتتى. بەزىدە بىۋاسىتىلا ‹قاپلان ئۇرۇقى› دەپ يېزىلات-تى».[2] ناھايىتى ئېنىقكى، بۆرە — تۈركلەر ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ توتېمى ۋە نامى بولۇپ، يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ توتې-مىدىن پەرقلىنەتتى. شۇڭا، قىرغىزلار تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا «يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاپلان ۋە بۇغىنى ئۆلتۈرمە-گەنلىكى»، ئەمەلىيەتتە يات ئۇرۇقتىكى يەتتە تۈركنى ئۆلتۈ-

---

① جيەن بوزەن ( 翦伯赞 ) : «جۇڭگو تارىخى تېزىسلىرى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1950 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

② «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». 43 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

رۇپ، ئۆز ئۇرۇقىدىكىلەرنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
جاڭ يەنپىڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۆركلى مەڭگۇ تېشىدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار دەل ئۇلارنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلار ۋە قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىدىن ئىبارەت. مەڭگۇ تاشتا تەسۋىرلەنگەن قەھرىمان شۇنىڭ ئۈچۈن قاپلان بىلەن بۇغىنى ئۆلتۈرمىگەنكى، بۇ ئىككى ئۇرۇق ئۆزى بىلەن ئورتاق توتېم ئېتىقادىغا ۋە ئورتاق «قانداشلىق مۇناسىۋەت»كە ئىگە. ئوخشاش بىر ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشماسلىقى، توتېم پەرھىز (تابۇ) لىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا، شەخسلەر بۇ پەرھىزگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى».①

بۈگۈنكىچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ھېلىمۇ «بۆرە» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان قەبىلە - ئۇرۇقلار ساقلانماقتا. مەسىلەن، قازاق خەلق قىسسىلىرىدىن «بۆرىلى» (بۆرىلىكلەر) دەيدىغان بىر ئۇرۇقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالايمىز:

بۆرى بېشى شۇ ئارىم،
بۆرىلى مېنىڭ بايرىقىم.
بۆرىلى بايراق كۆتۈرسە،
ئوخچۇپ كېتەر ئىلھامىم.②

قىرغىزلاردىمۇ بۈگۈنكىچە «بۆرى»، «ئاقساق بۆرى» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ساقلانماقتا.③

دېمەك، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «بۆرە» نامى

① جاڭ يەنپىڭ: «قىرغىزلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىرىشى» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، 1993 - يىللىق 3 - سان، 36- بەت.
② «بىلىم ۋە كۈچ» ژۇرنىلى، ئالمائاتا، 1984 - يىللىق 2 - سان (قازاقچە) 20، بەت.
③ جاڭ يەنپىڭ «قىرغىزلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىرىش» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، 1993 - يىللىق 3 - سان، 380 - بەت.

بىلەن ئاتالغان ئۇرۇق - قەبىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

## 5. بۆرە نامى بىلەن باغلانغان يەر - جاي ناملىرى

يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى مەۋجۇت. يېقىنقى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەڭ دەسلەپكى يەر - جاي ناملىرى توتېم ناملىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيىلىك جايلارغا ئۆزلىرى چوقۇنغان توتېملىرىنىڭ ناملىرىنى قويغان.

جۇڭگو ئالىمى لى شۈەنبۇ: «ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى يەر - جاي ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى توتېم ناملىرىدىن كېلىپ چىققان. بىر خىل توتېمدىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر مەلۇم بىر جايغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، توتېم نامىنى شۇ جاينىڭ نامى قىلىپ قويغان» . ① دەيدۇ.

فرانسىيە ئالىمى لاررېي بېرلىن (Berlin) شەھەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېيىق توتېمىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. «سلاۋيانلار ئەسلىدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق مىللىتى بولۇپ، سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشقا پاسسىپ ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ياسىۋالغان لاي بىلەن ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلغان قورغان - سېپىللىرىغا تايىنىپلا مۇداپىئە كۆرەتتى. بۇنداق قورغانلار ئادەتتە berlie ياكى gard, grod (مەنىسى ياغاچ شەھەر) دەپ ئاتىلاتتى. ھازىر بېرلىن (Berlin) دەپ ئاتىلىدى-

① لى شۈەنبۇ: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات»، كەيمىڭ كىتابخانىسى، 1949 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 37 - بەت.

غان شەھەرنىڭ نامىمۇ دەل berlie دىن كېلىپ چىققان. بۇ خەتتنى ئادەتتە ئېيىق (Bar) دەپ چۈشەندۈرمەكتە. بۇ شەھەر بىلەن بېرنې شەھىرى (Berne) نىڭ توغ. گېربلىرىدا ئېيىقنىڭ رەسىمى بار. ئېيىق بىلەن بۇ ئىككى شەھەرنىڭ مۇناسىۋەت مەنبەسى ھەققىدە تېخى كىشىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلار يوق». ①

تۈركىي تىلىدىكى ھەر قايسى خەلقلەرمۇ قەدىمكى زامانلاردا ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىغا باغلىنىدىغان نامىلارنى قويغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئادىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، «تۈرك خاقانلىرىنى تەختكە چىقارغان، تۈركلەرنى زەپەر قازاندۇرغان، پالاكەتلەردىن قورىغان تۈرك تەڭرىسى — كۆك تەڭرى» ② ئىدى. شۇڭا، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «خان تەڭرى»، «تەڭرى كۆل»، «تەڭرى قامچىسى» (ئاتتىلانىڭ ھۆرمەت نامى) قاتارلىق نامىلارمۇ دەل قەدىمكى كۆك تەڭرى ئېتىقادى دەۋرىنىڭ يالدامىلىرىدۇر.

ھازىر، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، يىنشەن (阴山) تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 370 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئۇ «بۆرە تېغى» (狼山) دەپ ئاتالماقتا. ③

قەدىمكى يىنشەن تېغى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەركەزلىك ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونى بولۇپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى كەينىدە ھۇنلارمۇ بۇ يەرنى قارارگاھ قىلغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن مۇنداق بىر كوپلېت ھۇن قوشىقى بىزنىڭ پىكرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ:

① لارربي (فرانسىيە) : «قەدىمكى سلاۋىيانلار مەدەنىيىتى» ، خەنزۇچە نەشرى، 44 ـ بەت.

② ئابدۇلقادىر ئىنان (تۈركىيە) : «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى» ، ئىستانبۇل، 1976ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 16 ـ بەت.

③ «ئوكيانۇس» (« 辞海 ») ، شاڭخەي لۇغەت كىتابلار نەشرىياتى، 1979 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 823 ـ بەت.

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تېغىدىن،
ئارۋۇماس بولۇپ قالدى چارۋا - مېلىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز - ئايالىمىز.①

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا «بۆرە تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار. بۇتخار قوشۇنىنىڭ غەربىدە «بۆرە چوققىسى» بار. يىنشەن تاغ تىزمىسى بۆرە تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغ ۋە چوققىلارنىڭ بۆرە نامى بىلەن ئاتىلىشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك.② شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى تېۋىنىغان مۇقەددەس هايۋان — بۆرىنىڭ نامىنى بۇ جايلارغا ئىسىم قىلىپ قويغان. تۈرك خانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «بۆرە تېغى ئايمىقى» تەسىس قىلىنغان. «ۋېينامە. تەيزۇ خاتىرىسى» دىمۇ، قاڭقىللار ( 高车 ) بۆرە تېغىغا جايلاشقان دەپ خاتىرىلەنگەن.

قەدىمىيلىكى كۆچلۈك بولغان «باركۆل» نامىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. هازىرغا قەدەر نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار «باركۆل» نامى ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. مەسىلەن، (1) «بار كۆل» دېگەن نام «بار» ۋە «كۆل» دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئەزەلدىنلار بار بولغان كۆل» دېگەنلىكتۇر. (2) «بار كۆل» دېگەن بۇ نام «بارى»، «بەرى» دېگەن سۆزلەر بىلەن «كۆل»

① ياڭ يىنلىۇ: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇزىكا تارىخى تېزىسلىرى» بېيجىڭ، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 105 - بەت؛ بۇ قوشاقنىڭ ئەسلى خەنزۇچە نۇسخىسى مۇنداق: "亡我祁连山，使我亡蕃息。失我焉支山，使我妇女无颜色。" بۇ قوشاقتىكى 祁连山 گەنسۇ بىلەن سىچۈەن ئارىلىقىدىكى تاغ بولۇپ تارىختا هۇن - تۈركلەر تەرىپىدىن تەڭرى تېغى دەپمۇ ئاتالغان.

② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدە ئىزدىنىش» —— «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 65 - بەت.

دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ھەممىسى كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (3) «بار كۆل» دېگەن بۇ نام قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى barskol (يولۋاس كۆل) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ۋاھاكازالار. . .

بولۇپمۇ خې شىڭلياڭ ئەپەندى، «بار كۆل» نامىنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى barsköl (يولۋاس كۆل) دىن كېلىپ چىققانلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ (باركۆل) نىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تەرجىمىسى " 蒲类 " (pulei) بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى Bars (يولبارس) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. " 蒲类 " دېگەن سۆز قازاق تىلىدىكى يولۋاس مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان baras ۋە موڭغۇل تىلىدىكى bars سۆزلىرىگە ئاھاڭ جەھەتتىن تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ[①] دەيدۇ.

بىراق، بىز «باركۆل» نامى ھەققىدە باشقىچە قاراشتىمىز. چۈنكى، يۇقىرىقى قاراشلار بىلەن «باركۆل» نامىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىزاھلاش يېتەرلىك بولمىسا كېرەك. بەزىلەر «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى " 蒲类 " دېگەن سۆزنى ھۇن تىلىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.[②] خەنزۇچە مەنبەلەردىن قارىغاندا ھۇنلاردا 蒲类王 (پۇلېيخان)، 蒲类将军 (پۇلېي سانغۇن) دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەل - مەنسەپناملىرى بولغان.

بىز «باركۆل» سۆزى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان «بۆرە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، «خەننامە» دىكى 蒲类海 , 蒲类泽 دېگەن سۆزلەر دەل قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى börikol سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، باركۆل رايونى ۋە يايلاقلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئىزچىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ

① خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىغا ئىنىقلىما» — «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل، 1 - سان، 9 - بەت.
② فېڭ چېڭجۈن تۈزگەن: «غەربىي رايون يەر ناملىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

ئۈستىگە باركۆل يايلاقلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن باب كېلىدىغان رايون بولۇپ، قەدىمدە بۆرە تۈرىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بۇ جايدا كۆپ ئاۋۇغانلىقى مەلۇم.

باركۆل ناھىيىسىنىڭ تاس مۆسىن ئاۋۇلى (كەنتى) ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرىدە «بۆرە» ئوبرازى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ رەسىملەردە ئاتقا، بۇغىغا، كالىغا ۋە كىيىكلەرگە خىرىس قىلىۋاتقان، ئۇلارنى قوغلاۋاتقان بۆرىلەرنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن باركۆل رايونىدا بۆرىگە چوقۇنۇشنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى تېۋىنغان توتېم — بۆرىنىڭ نامىنى بۇ رايوندىكى مەشھۇر كۆلگە börikö̈l (بۆرىكۆل) دەپ ئىسىم قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە، تۈركىي تىلىدىكى böri سۆزىنى 富邻，附邻，拊离，弥列，步离，附离 دەپ ئاھاڭ تەرجىمە قىلىپ خاتىرىلىگەن. ئەگەردە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 蒲类 ھەقىقەتەنمۇ شۇ تىلدىن قېپقالغان سۆز بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۆزنى böri سۆزىنىڭ دەلمۇ - دەل ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 蒲类 سۆزى ئاھاڭ جەھەتتىن bars (يولۋاس) سۆزىگە قارىغاندا، böri سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 蒲类泽 (باركۆل) نى «يولۋاس كۆل» دېيىشكە ھازىرچە باشقا ھېچقانداق يېتەرلىك پاكىت يوق. شۇڭا، «باركۆل» نامىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى بولغان böri سۆزىگە köl دېگەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان دەپ قارايمىز. ئوخشاشلا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 蒲类 سۆزىنى «böri» 蒲类泽，蒲类海 سۆزلىرىنى «böri köl». 蒲类王 سۆزىنى «börihan»، 蒲类将军 سۆزىنى «böri sanrun» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

بۇگۇنگە قەدەر، رايونىمىز تەۋەسىدە «بۆرىبۇلاق»، «بۆرىغول»، «بۆرىتۆپە»، «بۆرىلىك» قاتارلىق بۆرە نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.① ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشاۋاتقان رايونلاردا ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى كەڭ رايونلاردا «بۆرە» نامى بىلەن ئاتالغان قانچىلىغان يەر - جاي ناملىرى ئۇچرايدۇ، بىز مەزكۇر ئەسىرىمىزدە بۇلارنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي تونۇشتۇرمىدۇق.

## 6. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خىلمۇخىل مەنسەپ - ئەمەل ناملىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئەمەلىي قوللانغان. بۇخىل مەنسەپ - ئەمەل ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىملىرى بىۋاسىتە توتېم ئېتىقادى ۋە توتېم ناملىرىغا تاقىلىدۇ.

جۇڭگو تارىخشۇناسى لى شۇەنبو جۇڭگو تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ئىشلەتكەن ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ نامى 皇帝 (خان) دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « 皇 سۆزى ئەسلىدە 凰 (huang) دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سۇمۇرغ ( 凤 ) نىڭ چىشىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ فېڭ ( 凤 ) ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ توتېمى بولغان. كېيىن قەبىلە باشلىقى سايلىغان ۋاقىتتا، تەبىئىي ھالدا توتېم ۋەكىلى باشلىق بولۇپ

① بۇ مەلۇماتلارنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل - يېزىق ئىشخانىسىدىكى سەمەت ئەسراتۇرا قۇمۇل تاغلىرىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەمىنلىگەن.

سايلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسىدە چىشى سۇمۇرغ 皇 ( 凰 ) نىڭ باشلىق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ئەھۋال ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، ئەرلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە ئەمەل نامى بولۇپ قالغان». ①

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى توتېم قىلىپ چوقۇنغان «بۆرە» قاتارلىق بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭناملىرىنى مەنسەپ - ئەمەل نامى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

«خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، « 蒲类王 » (بۆرىخان)، « 蒲类将军 » (بۆرى سانغۇن) قاتارلىق ئەمەل مەنسەپ ناملىرى ئۇچرايدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جۇنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «قامۇس» قاتارلىق تارىخىي كىتابلارنىڭ تۈركلەر تەزكىرىسى قىسىملىرىدا: «. . . (تۈركلەر) نىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، نۆۋكەرلەر (مۇھاپىزەتچىلەر) 附离 (fuli) دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ مەنىسى بۆرە دېگەنلىكتۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن.

كۆك تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ «بۆرە» دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپ نامى بولغان. «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمى قوش تۈزۈلمىلىك مەنسەپ تۈزۈمى ئىدى. ئۇلار تۈرك خانلىقىنىڭ بىر يۈرۈش فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنىمۇ قوللانغانىدى. خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان ئىدى. قاغاننىڭ قول ئاستىدا بەگلەر بولاتتى. ئەركانلار يابغۇ، چورۇقبەگ، ئاپار، ئېلتەبىر، تۇتۇن، ئېركىن، ياغۇنۋا، ئالپ ئۇر ئېلتەبىر، تارقان قاتارلىق

① لى شۈەنبو ( 李玄伯 ) : «جۇڭگونىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات»، كەيمىڭ كىتابخانىسى نەشرىياتى، 1949 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 35 - بەت.

28 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى. مەنسەپ ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالاتتى، مەنسەپدارلارنىڭ سانىغا چەك قويۇلمايتتى. قاغاننىڭ ئوغلى «تېكىن»، ئەسكەر باشلىقلىرى «شات»، مۇھاپىزەتچىلەر «بۆرە» دېيىلەتتى.①

«قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى» 197 - جىلدتا مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «... (تۈركلەر) نىڭ مەنسەپ ناملىرى يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بويىچە 10 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، 始波罗؛ ئىككىنچىسى، 三大罗؛ ئۈچىنچىسى، 哥利؛ تۆتىنچىسى، 贺兰؛ بەشىنچىسى، 珂罗؛ ئالتىنچىسى، 索葛؛ يەتتىنچىسى، 热汗 ياكى 匐你؛ سەككىزىنچىسى، 安禅؛ توققۇزىنچىسى، 附邻؛ ئونىنچىسى، 屋 (ئۆي) مەنىسىدىكى 遗 قاتارلىقلاردىن ئىبارەت».

تۈركلەرنىڭ يۇقىرىقى ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرىنىڭ ناملىرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، بىرىنچىسى 始波罗 نى، خەن رۇلىن ئەپەندى تۈرك تىلىدىكى ئاتنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى دەپ قارايدۇ.② ئىككىنچىسى 三大罗 مەي - شاراب ئىچىشتە ئىشلىتىدىغان قاچىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرى نۇرغۇن مىللەتلەردە ساپال ئەسۋابلار توتېم قىلىنغان. يىزۇ مىللىتى هاراق چەينىكىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ توتېمى قىلغان.③ ئۈچىنچىسى 哥利 ئېھتىمال، تۈرك تىلىدىكى qeri سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. چۈنكى تۈرك خەلقلىرىدە ئەجدادىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان ئادەت بار، بەزىدە ياشانغان، قېرى كىشى-

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 88 - بەت.

② خەن رۇلىن (韩儒林): «ئاق ھېيدىر توپلىمى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982- يىل، خەنزۇچە نەشرى، 305 - 306 - بەتلەر.

③ ما شۆلياڭ: «لولو (倮罗) ئۇرۇقىنىڭ نامىدىن ئۇلارنىڭ توتېم تۈزۈمىگە بىر نەزەر» — «چېگرا رايون سىياسىتى ھەققىدە ئاممىۋى مۇھاكىمە» ژورنىلى («边政公论»)، 1947 - يىل، 6 - جىلد، 4 - سان.

لەرنى «ئاقساقال» دەپ ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتايدۇ. تۆتىنچىسى 贺兰 نامىغا قەبىلىسىنىڭ 贺赖 ھۇنلارنىڭ جەھەتتىن ئاھاڭ ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا تۈرك تىلىدىكى qulan (ياۋا ئات) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.① بەشىنچىسى 珂罗 تۈرك تىلىدىكى qara سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. قەدىمدە نۇرغۇن مىللەتلەر بىر قىسىم رەڭلەرنى توتېم قىلغان. مەسىلەن، ئىندىئانلارنىڭ ئوماخا قەبىلىسى «قارا» نى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ توتېم نامى قىلغان.② ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ «قارا» رەڭنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن شەيئىلەرگە نام قىلىپ قويغان. مەسىلەن، «قاراخانىيلار خانلىقى»، «قارا قۇرۇم» تېغى، «قارا دېڭىز»، «قارا سۇ»، «قارا قالپاق»، «قارا قىرغىز»، «قارا قۇم» قاتارلىقلار. بۇ يەردىكى «قارا» سۆزىنىڭ مەنىسى بۈيۈك، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، كۈچلۈك ۋە كۆكى - يىلتىزى دېگەنلىكتىن ئىبارەت.③ ئالتىنچىسى 索葛 «چاچ» دېگەن مەنىگە ئىگە. قەدىمدە «چاچ» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدىغان بەزى ئۇرۇقلار بولغان. ئىندىئانلارنىڭ چىروكى قەبىلىسىدە ئۇزۇن چاچلىقلار دەيدىغان بىر ئۇرۇق بولغان.④

يەتتىنچىسى 匐你 ياكى 热汗 بولۇپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا ماتېرىياللار يېتەرسىز بولغانلىقتىن ئامالسىزمىز. سەككىزىنچىسى 安禅 بولۇپ، بۇ تۈرك تىلىدىكى «ئەت» (گۆش) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئەت ياكى گۆشنى ئەمەل نامى قىلىش بىر قىسىم قەبىلىلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئىندىئانلارنىڭ پېگان ۋە قارا پۇت قەبىلىسىدە «چاۋا

---

① خې شىڭلياڭ: «غۇز (胡) تىلغا ئېنىقلىما» — «مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى» 1982. يىللىق 3 - سان.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 301 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب 153 - بەت.

③ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 6 - توم، 210 - بەت.

④ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، 314 - بەت، خەنزۇچە نەشرى، 160. بەت.

ياغ» ، «يېرىم چىرىگەن گۆش» قاتارلىق ناملار قويۇلغان ئۇرۇق-لار بار.① توققۇزىنچىسى 附邻 بولۇپ، تۈرك‌تىلىدىكى «بۆرە» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇ يەردە تۈركلەر ئۆز توتېمى بولغان «بۆرە» نىڭ نامىنى مەنسەپ نامى قىلغان. ئونىنچىسى 遗 بولۇپ، بۇ تۈرك تىلىدىكى «ئۆي» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇ ئەمەل نامى تۈركلەرنىڭ قەبىلە ياكى ئۇرۇقلىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. ئىندىئانلاردىمۇ بۇنداق نامدىكى ئۇرۇقلار بار. مەسىلەن، ئىندىئانلارنىڭ ئوپساروكا ياكى كروژ قەبىلىسىدە «ئا-لا كۆكۆل كەپە» ، «ماكانىسىز» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان ئۇرۇقلار بار.② دېمەك بۇنىڭدىن بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرى-نىڭ ئۆينى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى توتېم قىلغانلىقى ۋە مەنسەپ - ئەمەل نامىغا قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىمۇ «بۇغراخان» ، «ئارسلانخان» دېگەن ھۆرمەت ۋە ئەمەل ناملىرىنى ئىشلەتكەن. قاراخانىيلار خانلىقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بو-لۇپ، ئارسلان بىلەن بۇغرا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى چۇمۇل ۋە ياغما قەبىلىلىرىنىڭ توتېمى ئىدى.③

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرى توتېم قىلىپ چوقۇنغان «بۆ-رە» قاتارلىق ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ھەم ئۆز ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ نامى ھەم ئەمەل - مەنسەپلىرىنىڭ نامى قىلىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، ئەڭ دەسلەپكى ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى شەك - شۈبھىسىزكى، توتېم ناملىرىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ.

---

①، ② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 325-، 307- بەتلەر؛ خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب 166، 156 - بەتلەر.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 307 - بەت؛ خەنزۇچە نەشرى، 156 - بەت.

③ گېڭ شىمىن: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» — «شىنجاڭ ئىجتىما-ئىي پەنلىرى» ، 1982 - يىللىق 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى.

# 7. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان تۇغ - گىربلار

فرانسىيە ئالىمى E . درۇكخېم، توتېم ئەڭ دەسلەپ ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولى بولغان، توتېم بەلگىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاخىرقى ھېسابتا توتېمىزمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز دەۋاتقان توتېم بەلگىسى بىرخىل تامغا، گىرب ياكى تۇغ - بايراق سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۇلارنى ئايرىيدىغان بەلگە بولغان. شۇڭا، توتېم دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپتا ئۆزىگە خاس تۇغ - گىربلار بولىدۇ.

قەدىمكى سۇمېرلاردا ئاي ۋە قۇياشقا ئوخشاش ساماۋى جىسىملارنىڭ، قاناتلىق ۋە قاناتسىز ئارسلانلارنىڭ شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئەپسانىۋى ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن بايراقلارنىڭ بارلىقى مەلۇم.① قەدىمكى مىسىردا ھەرقايسى قەبىلىلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھلىرى (توتېملىرى) مۇ بىرلىككە كېلىپ، بۈركۈتنى توتېم قىلغان. پادىشاھ ئۆزىنى بۈركۈتنىڭ ئەۋلادى دەپ ئېلان قىلىپ، تاج ھەم بايراقلىرىغا بۈركۈتنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرگەن.②
قەدىمكى رىم شەھىرى ئانا بۆرە ئەپسانىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قەدىمدىن تا بۈگۈنگىچە بوۋاقلارنى ئېمىتىۋاتقان ئانا بۆرە ئوبرازى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر گىربى بولۇپ كەلمەكتە. «تارىخشۇناس رېنېل (Renel) نىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا،

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 5 - توم، 461 - بەت.
② سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى» ، شۆلىن نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 6 -، 7 - بەتلەر.

قەدىمكى رىم قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي بايرىقىغا بۆرە، ئات، قاۋان، بۈركۈت ۋە كالا باشلىق، ئادەم تەنلىك غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ رەسىملىرى كەشتىلەنگەن». ①

گاۋ مىڭچياڭ ئەپەندى: «بۈگۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گېربلىرى، شەك - شۈبھىسىزكى، قەدىمكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ توتېم بەلگىلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەسۋىرىدە ھەم قەدىمكى توتېم بەلگىلىرىنىڭ ئىزنالىرى، ھەم ھازىرقى زامان مىللەتلەرنىڭ روھىي گېنلىرى بار» ② دەيدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى مىسىرنىڭ دۆلەت گېربىدا، قەدىمكى زاماندىكى توتېمى بۈركۈتنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ گېربلىرىدىمۇ بۈركۈت ئوبرازى بار، ئاۋستىرالىيىنىڭ قەدىمكى يەرلىك قەبىلىلىرى كېگۇرۇ بىلەن ئېمۇ - قۇشنى (ئاۋستىرالىيە تۆگىقۇشى) توتېم قىلغان. ھازىر ئۇلارنىڭ دۆلەت گېربىدا بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ رەسىمى بار. «گەرچە بىز نۇرغۇن ئەللەرنىڭ گېربلىرىدىكى بەلگىلەرنى بىۋاسىتە توتېمغا باغلىنىدۇ دەپ مۇقىملاشتۇرالمىساقمۇ، لېكىن، بۇنى بىرخىل توتېم مەدەنىيىتى ھادىسىسى دەپ چۈشىنىشكە ھەقلىقمىز». ③

خەن دەۋرىدىن كېيىن، ئەجدىھا پادىشاھنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولى بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر ئەجدىھا سۈرەتلىك تۇغ چىڭ ئىمپېرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان. ④ «ئېلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى بايراق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دۆلەت بايرىقى تۇرغۇزۇشنى قارار قىلغان. تەييارلىق باسقۇچىدا ۋەزىرلەر، ئەجدىھا ئېلىمىز پادى-

---

① سىبىن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، 7 - بەت.

② ③گاۋ مىڭچياڭ (高明强): «سىرلىق توتېم»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 189-، 190- بەتلەر.

④ خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 131 - بەت.

شاھلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سىمۋولى بولغاچقا، بايراق نەقىشىگە ئەجدىھانى چۈشۈرۈش كېرەك دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك، تېگى سېرىق، قەدىمكى ئەجدىھا تونېمى كەشتىلەنگەن بايراق دۇنياغا كەلگەن». [1]

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدىمۇ بايراق، گېرب ۋە تۇرلۇك مىللىي بەلگىلەر ئەنئەنىسى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «بايراق» ئاتالغۇسىغا ئىزاھات بېرىپ: «بايراق (batrak) — ئۇچىغا بىر پارچە يىپەك رەخت چىگىلگەن تاياق بولۇپ، جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەر ئۆزىنى شۇنىڭ بىلەن تونۇتىدۇ» [2] دەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مېتىندە. لەردىمۇ بۇ سۆز — «بادرۇق» (badruk) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. [3]

قەدىمكى ھۇن ئىمپېراتورلۇقىدا تۇغ ۋە بايراقلارنىڭ بولغاندە. لىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇسۇستا ئەتراپلىق تەتقىقاتلار يوق. «يالغۇز غەربىي ھۇنلارنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى ئاتتىلانىڭ يېنىدا بېشى تاجلىق بىر تۇغرۇل (لاچىن) نىڭ، يەنى تۈركلەر ئارىسىدىكى بىر ئەپسانىۋى قۇشنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈل. گەن بىر بايراقنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە، قەدىمكى بىر خرىستىئان مەنبەسىدە خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ». [4]

كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئۇلاردا ناھايىتى مۇكەممەل بايراق ـ گېربلار تۈزۈمى شەكىللەنگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جۇنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «قامۇس» قاتارلىق تارىخىي كىتابلارنىڭ تۈركلەر تەزكىرىسى قىسىملىرىدا بىردەك: «... (تۈركلەر) نىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈ-

---

① گاۋ مىڭچياڭ: «سىرلىق توتېم»، 191 ـ، 192 ـ بەتلەر.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 607 ـ بەت؛ بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 387 ـ بەت.

③ مۇللېر/ئا. ۋون گابائىن: «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ,Müller, A. von Gabain, Uigurica IV 8, 39; 20, 237

④ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 ـ توم، 403 ـ بەت.

شۇرۇلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۇركلەر تەزكى-
رىسى» 215 - جىلدتا: «تۇرك خاقانى چېدىرىنىڭ شەرق تەرەپكە
قارىغان ئىشىكى ئالدىدىكى خادىغا، ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى-
نىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن تۇغنى ئاسىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تاڭ سۇزۇڭ دەۋرى-
دە ئۇيغۇر خاقانى لەشكەر تارتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىگى-
لىك - سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ياردەملەشكەن. تاڭ
قوماندانى گوزىيى ئۇيغۇر خاقانى بىلەن خۇبەنگۇ دېگەن جايدا
ئۇچراشقاندا، خاقان ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى پەش قىلىش ئۈ-
چۈن، لەشكەرلىرىنى رەتلىك تىزىلدۇرۇپ، گوزىيىنى ئالدى
بىلەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراققا تازىم قىلدۇرۇپ، ئاندىن
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن» دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

بۆرە توتېمىنىڭ ئوبرازى ئەينى دەۋرلەردە يەنە بايراق -
گېربلىرىدىن باشقا، قىيا تاش رەسىملىرىگە، ھەرخىل قورال -
سايمانلارغا، تامغىلارغا ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرىگە ئويۇلغان.
مەسىلەن، باركۆل ناھىيىسىنىڭ تاس مۆسىن ئاۋۇلى ئەتراپىدى-
كى غايەت زور تاشقا چۈشۈرۈلگەن بىر بۆرىنىڭ تولۇق رەسىمى،
بىزنى ھازىرغىچە بولغان بۆرە ئوبرازى ھەققىدىكى ئەڭ جانلىق
پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ (25 - رەسىمگە قاراڭ)

باركۆلدىن بايقالغان تاشقا ئويۇلغان بۇ بۆرە رەسىمى، ئېھتى-
مال، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدىكى ئەڭ قەدىمى-
كى، ئەڭ ئىپتىدائىي بەلگە - گېربلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

«1956 - يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى دورجى سولۇن،
موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقا خاڭگاي ئۆلكىسى خانوي
دەريا تۇزلەڭلىكىدىن تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بىر تاش
ئابىدىنى تاپقان. تاش ئابىدىگە بىر چىشى بۆرە ۋە ئۇنىڭ قورسىقى
ئاستىدا تۇرغان غەلىتىرەك، ئەمما ناھايىتى ئېنىق بىر ئادەم
رەسىمى ئويۇلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ تۈرك قوۋملىرىدىكى

توتېم ئەپسانىسىنىڭ سىزما كارتىنىسىدۇر» .[1] ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بىر ئانا بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن كەمەر توقىسى؛[2] ئالتاي تاغلىرىدىن بۆرە بېشى ئۇيۇلغان قامچا دەستىسى تېپىلغان.[3] ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ بايقاشلار بۆرە توتېمىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ھەرقايسى ساھەلەردىكى ماددىي بۇيۇملاردا بەلگە ۋە تامغا سۈپىتىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

A . چاۋاننىسىنىڭ «غەربىي تۈركلەر تارىخى ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جۇڭگو پادىشاھى غەربىي تۈركلەرنىڭ داتۇ خاقانىغا بىر بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغ تەقدىم قىلغانلىقى مەلۇم.[4] «دۇنخۇاڭ شەرقىي بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 055 - نومۇرلۇق غارىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تامغا ئاجايىپ نەپىس بىر بەدىئىي كارتىنا چۈشۈرۈلگەن: تامنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر كۆك بۆرە، ئۇنىڭ ئاستىغا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئۆي، ئۇنىڭ ئاستىغا چاپچىپ تۇرغان بىر ئارغىماق، ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا تۇپ - تۈز كەڭ دالا ۋە ئىككى تۇرخۇن سىزىلغان. تۇرخۇندىن چىققان ئىككى تال ئىس سىزىقى كۆك ئاسمانغا تۇپ - تۈز كۆتۈرۈلگەن. . . »[5] ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى ئالتۇن بۆرە بېشى بىلەن بېزىلەتتى. ئۇ «بۆرە باشلىق تۇغ» دېيىلەتتى ۋە بارگاھنىڭ ئالدىغا قاداپ قويۇلاتتى. چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندە ياكى مۇراسىم ئۆت-

---

① С. Г. كلياشتورنى: «سوغد يېزىقىدىكى بوگۇت مەڭگۇ تېشىغا ئېنىقلىما» — «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى تەرجىمىلىرى» ، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل، نەشرى، 462 - بەت.

③ «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ، 1987 - يىل، 68 - بەت.

④ ئا. ۋون گابائىن: «قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات» ، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، 1988 - يىل، خەنزۇچە ئىچكى نەشرى، 45 - بەت.

⑤ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «توتېمنىڭ مەنبەۋى ئاساسى» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1993 - يىللىق 3 - سان، 49 -، 50 - بەتلەر.




35 ـ رەسىم. «ئەرگىنە قوندىن چىقىش» خاتىرىسى
ئوچون توركىيە 1926 ـ يىلى باستورغان توموچى ۋە كوك
بورە رەسىمى چوشورولگەن پوچتا ماركىسى

كوزولگەندە ئاۋۋال بورە باشلىق توغقا سالام بىرىلەتتى.①

ئويغور قاتارلىق توركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توغ ـ ئەلەملىرى ھەققىدە قەدىمكى ئىراننىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىمۇ مەلوماتلار بېرىلگەن. بويوك پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە «تورانىيلارنىڭ بورە باشلىق بايرىقى» ئىككى نوۋەت تىلغا ئېلىنىدو.② كېيىنكى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقى-

① «ئويغورلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، ئويغورچە نەشرى، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.
② فىردەۋسى: «شاھنامە»، ج. موھل نەشرىگە تەييارلىغان، (Sāh—nāme, nsr. J. Mohl, IV, 382, 384)؛ 482, 382, IV توركچە نەشرى




36 ـ رەسىم. «ئوغۇزنامە» ۋە «ئەرگىنە قۇن» داستانلىرىدىكى كۆك بۆرىنىڭ خاتىرىسىگە 1922 ـ يىلى ئەنقەرەدە بېسىلغان پوچتا ماركىسى.

قاتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى تۇرپان ۋە كۇچار شەھەرلىرىدە ئىنسان ۋە ھايۋان رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن بايراقلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىلىك بايراق قوللانغانلىقى ھەققىدە غەرب مەنبەلىرىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.①

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى، ئەسەدىنىڭ «گارشاسپنامە» سى قاتارلىق قەدىمكى ئىران قەھرىمانلىق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، ئىران ـ تۇران ئىككى تەرەپ قەھرىمانلىرىنىڭ ۋە ئوردىلىرىنىڭ سىرتىدىكى بايراقلار تەسۋىرلەنگەن. بۇلارغا قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ۋە بۈيۈك تۈرك ھۆكۈمدارى ئەفراسىيابنىڭ بايرىقى سىياھ (كۆك) رەڭدىدۇر. بۇلارنىڭ ئۈستىدە بۆرە، ئەجدىھا،

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 5 ـ توم، 463 ـ بەت.

قاپلان، ئارسلان، قارتال (بۈركۈت) ۋە ئاي قاتارلىق خىلمۇخىل گېربلار بولغان.[①]

دېمەك، مەيلى خەنزۇ مەنبەلىرى، مەيلى ئىران مەنبەلىرى، ياكى تۈركىي مەنبەلىرىدە بېرىلگەن ھەرخىل مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن» بايراقنى ئىزچىل تۈردە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل ئەنئەنە تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. «قازاقلارنىڭ شاپلاش قەبىلىسى 50 - يىللارغىچە بۆرىگە تېۋىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ‹بۆرە› نى جەڭ شۇئارى سۈپىتىدە بايراقلىرىغا كەشتىلىگەن»[②]. ئىلگىرىكى بابلاردا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تۆۋەندىكى قوشاقمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ:

بۆرە بېشى شۇئارىم،
بۆرىلى مېنىڭ بايرىقىم.
بۆرىلى بايراق كۆتۈرسە،
ئوخچۇپ كېتەر ئىلھامىم.

تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىللىي ئاڭنىڭ قايتا كۆتۈرۈلىشى نەتىجىسىدە، تۈركىيە جەمئىيىتىدە ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىدە بۆرە ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى قايتا قوزغالدى. پروفېسسور، دوكتور بەيخان كاراماگارالى ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاناتولىيە تۈرك فولكلورىدا ۋە سەنئىتىدە بۆرە موتىفىنى XIV ئەسىردىن كېيىن ئۇچرىتالمايمىز. لېكىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئوبراز تەكرار مەيدانغا چىقتى. بۆرە ئوبرازى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە پوچتا ماركىلىرىغا، نەشرىيات بەلگىسى سۈپىتىدە كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىغە، بەش ۋە ئون لىرالىق قەغەز پۇللارغا، ھەيكەللەرنىڭ نەقىشلىرىگە، بىنا - مۇنارلارغا، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 - توم، 404 - بەت.
② خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 132 - بەت.




37 - رەسىم. «ئوغۇزنامە» داستانى ۋە «ئەرگىنە قۇن» داستانىدىكى مۇقەددەس كۆك بۆرىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغدا چىقارغان كۆك بۆرە رەسىملىك 5 لىرالىق قەغەز پۇل.

ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرۋازا - پەشتاقلىرىغا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى... ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىستانبولدىكى تۈركىيان ئوچىقىنىڭ مەركىزىنىڭ ھەيۋەتلىك سالونىدا، سەھنىلەرنىڭ ئۈستىلىرىدە، ئەنقەرەدىكى بۈيۈك مىللەت مەيدانىغا ئورنىتىلغان ئاتاتۈرك ھەيكىلىنىڭ نەقىشلىرىدە، ئەرگىنە قۇن رىۋايىتىگە ئىشلەنگەن مودېللاردا كۆك بۆرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئوبرازلىرى ئەكس ئەتكەن...»①

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۆرە توتېمى تۈركىي خەلقلەر سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە — بايراق - تۇغلارغا، ھەرخىل بەلگە - گېربلارغا، نەقىش - گۈللەرگە شۇنىڭدەك ھەرخىل قورال - جابدۇق، تۇرمۇش بۇيۇم-

① بېيخان كاراماگارالى: «تۈرك فولكلورىدىكى بۆرە موتىفى توغرىسىدا» — «Ⅱ قېتىملىق خەلقئارالىق تۈرك فولكلور قۇرۇلتىيى توپلامى»، ئەنقەرە، 1987 - يىل، تۈركچە نەشرى، V - توپلام، 164 - بەت.




38 - رەسىم. ئىستانبۇلدىكى تۈركىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مەشئەل كۆتۈرگەن كۆك بۆرە سىمۋولى

لىرىغا چوڭقۇر دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. بۇ تېمىنى بەلگە-شۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى نۇقتىسىدىن يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكىسى «ئوغۇزنامە» ۋە «ئەرگىنە قۇن» داستانلىرى-دىكى مۇقەددەس كۆك بۆرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن پوچتا ماركىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى.



# 8. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان تىل ئادەتلىرى

تىل بىرخىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە باشقا بارلىق مىللىي بەلگىلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. گېرمانىيىلىك ياكوب گرىم بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇلارنىڭ تارىخىدۇر. مىللەتكە نىسبەتەن قورال - ياراق، قەبرە - كېپەن ۋە ئۇستىخان سۆڭەكلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ مۇھىم پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدۇر» دەيدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى توتېم قىلىپ چوقۇنغان مۇقەددەس ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆز تىللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە (ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، كىنايە...)، فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرگە، ماقال - تەمسىللەرگە، ئىدىئوملارغا، ئەقلىيە سۆزلەرگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇۋەتكەن.

بىز ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يازما ۋە ئاغزاكى مىراسلىرىغا نەزەر تاشلىساق، بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان نۇرغۇنلىغان تىل ئادەتلىرىنى بايقايمىز.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرەپ 10 - قۇرىدا: «تەڭرى كۈچ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام قاغاننىڭ قوشۇنى (ئەسكەرلىرى) بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىدى» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى «بۆرە» گە، دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقىنى «قوي» غا ئوخشاتقان.

فرانسىيىلىك پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تاپقان IX - X ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ بى-

ـرىدە: «aril iti alisiq bolsa boriligi toz».① (ئېغىل ئىتى يۇۋاش بولسا، بۆرىنىڭ بۆرىلىك ماھىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ)» دېيىلگەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر (بۇ يەردە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ) لارنىڭ مانى يېزىقىدىكى «مەدھىيە شېئىرى» نىڭ 1 - كۇپلېتىدا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ:

kok boritag sini birlú yüriyin,
qara quzruntag toprak üza palayin.

(كۆك بۆرىدەك سېنىڭ بىلەن بىللە يۈرەي، قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي).②

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مۇقەددەس ھايۋانلارغا بولغان ئېتىقادنى ئىپادىلەش ئۇيغۇرلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، ھامىلدار ئاياللار يەڭگىگەندىن كېيىن، باشقىلار ئۆي ئىگىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قىز ياكى ئوغۇللۇقىنى بىلىش ئۈچۈن «تۈلكىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟» دەپ سوراش ئادىتى بار. مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ئادەتنى خاتىرىلىگەن: «تۈلكە: بۇ سۆز كىنايە تەرزىدە (قىز بالا) دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر خوتۇن تۇغسا، تۇغۇت ئانىسىدىن ‹تۈلكە تۇغدىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ. بۇ ‹قىز تۇغدىمۇ ياكى ئوغۇلمۇ؟› دېگەنلىك بولىدۇ. قىز بالا ناھايىتى شەيتان ۋە يېلىنچاق بولغىنى ئۈچۈن تۈلكىگە، ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن بۆرىگە ئوخشىتىلىدۇ».③

قەھرىمان شەخسلەرنى، نامى چىققان مەشھۇر زاتلارنى بۆرە-

① لى جىڭۋېي: «دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەش پارچە ۋەسىيەتنامىگە ئىزاھ» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 2 - سان. خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت؛ J. Hamilton: Manusrits Ouigours du Ⅸ° — Ⅹ° Siecle de Touen — Houang, Paris, 1986.

② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 300 - بەت.

③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، نەشرى، 1 - توم، 559 - بەت.

گە ئوخشىتىش — ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ داستان ـ قىسسىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇنىڭ (ئوغۇزخاننىڭ) پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى».[①]

مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يازغان «جۇڭغارىيە ئوچېرىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ 1850 ـ يىلى ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىدىن «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئەڭ ئېسىل بابى «كۆكتاينىڭ دەپنە مۇراسىمى»نى توپلاپ خاتىرىگە ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ بابتا ماناس ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ:

تېنى ئاپئاق، يۈزى كۆكۈش،
نەسلى ئەركەك بۆرىدۇر.
سورىساڭ، بىر بۆرىدۇركى،
ماناس ئاتلىق ئۇل باتۇر.[②]

قازاقلارنىڭ «تارغىن باتۇر» ناملىق قەھرىمانلىق ئېپوسىدا، تارغىن باتۇر ئۆزىنى «ئەخمەق بۆرە» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشىتىشلار «قۇبلاندى باتۇر»، «بېكەنباي» ئېپوسلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.[③] 15 — 16 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن قازاق خەلق شائىرى شارغېيىز (1465 — 1560) مۇ ئۆز قوشاقلىرىدىكى باتۇرلىرىنى «ئېھ. . . قاسقىر، قاسقىر! ئەي، ئوغلانلار،

---

① گېلىڭ شىمىن / تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى — ئوغۇزنامە»، 41 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
② «چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرى ۋە خەتلىرى»، قازاقىستان «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى، 1956 ـ يىل، قازاقچە نەشرى، 146 ـ بەت.
③ «قازاق قىسسىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، قازاقچە نەشرى، 2 ـ توپلام، 6 — 7، 229ـ، 418ـ، 887ـ، 896ـ، 941 ـ بەتلەر.

ئۆزۈڭلارنى قاسقىر دەڭلار. . . » [1] دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قارجاۋباي ئەپەندى موڭغۇلىيىدىكى قا-زاق باخشىلارنىڭ جىن (ئەرۋاھ) چاقىرىش ناخشا - قوشاقلىرى-نىمۇ خاتىرىگە ئالغان:

بۆرى ، بۆرى، بۆرى ئىگەم،
كەل ئىلھامچىم بۆرى ئىگەم.
ئۇماي ئانا قارغىغاچ ،
ئىمىپ ئۆسكەن بۆرى ئىگەم.

ئارلان، ئارلان باش بۆرى،
ئالتى غۇلاچ ئاچ بۆرى.
ئالتە ئايلىق ياش بۆرى،
ۋەھشىي تۇغمىش كۆك بۆرى. [2]

بۇ خىل ئەھۋال ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ ئو-مۇملاشقان. «ھازىرغىچە بەيشەھەر ئەتراپىدىكى تۈركمەنلەر ئارى-سىدا ‹ئەسلىمىز بۆرىدۇر، قوناغىمىز يۇرتتۇر› دېگەن ماقال ساقلىنىپ كەلمەكتە. ‹دەدە قورقۇت› داستانىدا دىرسەخاننىڭ بۆرە شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىشى، سالۇرخان داستانىدا ‹بۆرە يۈزى مۇبارەكتۇر› ، ‹بۆرە بىلەن بىر خەۋەرلىشەي› دېگەن جۈم-لىلەرنىڭ ئۇچرىشى، خەلق ئەدەبىياتىدا بۆرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۇ-لۇغلىقىنى كۆرستىدۇ» . [3] «دەدە قورقۇت» داستانىدا يەنە مۇن-داق قۇرلار ئۇچرايدۇ:

---

[1] نىغمەت مىڭژانى تۈزگەن: «قازاقچە خەلق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» (15- 18 ئەسىرلەر) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1987 - يىل قازاقچە نەشرى.

[2] «بىلىم ۋە كۈچ» ، 1984 - يىلى، ئالمائاتا قازاقچە نەشرى، 2 - بەت.

[3] بەيخان كاراماگارالى: «تۈرك فولكلورىدىكى بۆرە توغرىسىدا» - « Ⅲ قېتىملىق خەلقئارا تۈرك فولكلور قۇرۇلتىيى تويلىمى» ، ئەنقەرە، 1987 - يىل، تۈركچە نەشرى، Ⅴ توپلام، 161 - بەت.

يۇرتۇمنىڭ خەۋىرىنى بىلۇرمىسەن سۆزلە ماڭا،
قارا باشىم قۇربان بولسۇن بۆرەم ساڭا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بۆرە ئارقىلىق سۈپەتلەنگەن مۇنداق بېيىتلەر ئۇچرايدۇ:

2311. توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۆچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

6164. خۇدا كىمنى تاشلاپ ئەتسە، ئەي جەسۇر،
كۆك بۆرە ۋە يا ئىت بارى تەڭ بولۇر.

مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۆرە بىلەن سۈپەتلىنىدىغان ئېپتىدائىي قوشاقلار بىلەن ماقال - تەمسىللەرنى تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن،
ئەخماق ھوشىنى تاپسۇن،
ئەلدە قانۇن يېتىلسۇن.
توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۇگىسۇن.

كۆرۈپ ئىچۈك قاچمىدىڭ،
يامار سۈيىدىن كەچمىدىڭ.
تاۋارىڭنى چاچمىدىڭ،
يېسۇن سېنى يال بۆرە.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ توۋلىشىپ،
پەريات چېكىپ ئىگرىشىپ
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

ماقال - تەمسىللەردىن: «بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ دەرەخ بېشىدا» ، «قول يىغا، ئىت بۆرە» قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ[1].

خەلقىمىز ئارىسىدا هازىرمۇ «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» ، «بۆرە، بۆرە بولۇپ يىگىن» دېگەندەك ماقاللار ئۇچرايدۇ. قازاقلاردىمۇ «قاسقىرنىڭ ئېتى قاسقىر» ،[2] «قاسقىرنى ئايىقى ئاسرايدۇ» دېگەندەك ئىدىيوملار بار. دېمەك، بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان تەسۋىرى ۋاستىلەر ۋە تىل ئادەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

## 9 . بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر

ئۆرپ - ئادەتلەر بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنغا بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دىنغا باغلانغان بولىدۇ. دۇنيادىكى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، خېلى بىر قىسىم جانلىق ئادەتلەرنىڭ بىۋاستە توتېم ئېتىقادى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا، فرېئۇد: «قەدىمكى ۋە هازىرقى دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلىرىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، مەلۇم دەرىجىدە توتېم دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان»[3] دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ هازىرغا قەدەر بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، I توم.
② «زىبرەدە» ، 1993 - يىللىق 3 - سان، 26 - بەت، ئالمائاتا، قازاق نەشرى.
③ سىگموند فرېئۇد (ئاۋستىرىيە) : «توتېم ۋە پەرھىز» ، 130 - بەت، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتى نەشرىياتى. 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئۆرپ - ئادەتلەر ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇلارنىڭ بېشىدىن قانچىلىغان دىنىي ئېتىقادلار ئالماشقان، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئادەتلەر سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۆرە توتېمى ئېتىقادى گويا بىر يوشۇرۇن كۆلەڭگىدەك ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى.

«هۇن دەۋرلىرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرگە قەدەر)، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىز ۋە ئۇسۇن سۇلالىرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-، 3- ئەسىرلەرگىچە) بۆرىدىن تۆرەلىش ۋە بۆرە سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم». [1]

قىرغىزلاردا قەدىمدىن تارتىپ بۆرىگە چوقۇنۇش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇلار قەدىمكى قەھرىمانلىرىنى، بولۇپمۇ قەھرىمان ماناسنى «كۆكجال» دەپ تەسۋىرلەيدۇ:

ماناس قوغلار دۈشمەننى،
قويغا تەگكەن كۆكجالدەك. [2]

ئەجدىهادەك هەيۋەتلىك،
ئاچ بۆرىدەك قۇدرەتلىك،
ئارسلان كەبى يۈرەكلىك،
تەڭدىشى يوق ئەر — ماناس.

قىرغىزلارنىڭ نەزىرىدە، ماناس — ئۆز مىللىتىنىڭ روهى، تەڭداشسىز قەهرىمان، كۈچ - قۇدرەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ، ئەقىل - پاراسەت ۋە شان - شەرەپنىڭ سىمۋولى. بۇ سۈپەتلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا كۆك تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مۇقەددەس

[1] ئىبراهىم كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، ئىستانبۇل، 1983 - يىل، تۈركچە نەشرى، 317 - بەت.
[2] «ماناس»، 1 - شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، كىتاب، 1 - بۆلۈم، 224-، 190 - بەتلەر.

ئىلاھ كۆك بۆرە تەرىپىدىن بېرىلگەن. شۇڭا ئېپوس، قىسسەلەر-
دە كۆك بۆرە مىللىي قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاش مەنىسىدە ۋە مىل-
لىي روھنى تەربىيىلىگۈچى قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقى-
دۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بۆرە قەدىمكى قىرغىز-
لارنىڭ ئېتىقاتىدا يۇكسەك ئورۇن تۇتقان. تاكى بۈگۈنگە قەدەر،
چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بۇ چارۋىچى مىللەتتە،
بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان نۇرغۇنلىغان ئادەتلەر ساقلىنىپ
كەلمەكتە: يېقىن تۇغقانلاردىن بىرى يىراق سەپەرگە ياكى ئۇ-
رۇشقا ماڭماقچى بولغاندا، ئاتا - ئانىسى دائىم ئۇنىڭ بوينىغا بۆرە
سۆڭىكىدىن پۇتۇلگەن تۇمارنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇ ئۇنى قوغداش
ۋە پالاكەتلەردىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئېغىر ئاياغ ئاياللار-
نىڭ تۇغۇتى قىيىن بولغان چاغدا، ئۇلارنى يېڭىلا سويۇلغان بۆرە
تېرىسىگە ئورايدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئانا - بالىنىڭ بىخەتەرلىكىنى
ساقلىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئاياللار ئۇزۇنغىچە ھامىلدار
بولمىسا، ئۇلارغا ئازراق بۆرە گۆشى يېگۈزىدۇ. بۇنداق قىلسا
باللىق بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە بوۋاقلارنىڭ
بۆشىكىگە بۆرە ئوشۇقىنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇ جىن - ئەرۋاھلار-
نىڭ نەزىرىدىن خالاس قىلىپ، بوۋاقنىڭ تىنچ - خاتىرجەم ئۇخ-
لىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. چارۋىچىلار ئارىسىدا
ئەگەر چارۋا ماللار ياكى باشقا نەرسىلەر ئوغۇرلانسا، دائىم بۆرە
پېيى (سىڭىرى) نى كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار بۆرە بىلەن ئادەم ئوتتۇرى-
سىدا ئۆز - ئارا تەسىر قىلىشىدىغان روھىي سىزىم بار، شۇڭا،
بۆرە پېيىنى كۆيدۈرگەن چاغدا، ئوغرىنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ
پېيى خۇددى ئوتتا كۆيۈۋاتقان بۆرە پېيىدەك قورۇلۇپ، تارتى-
شىپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.① قەدىمكى قىرغىزلاردا يەنە بۆرى-
نىڭ شۆلگىيىنى ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا تېمىتسا كەلگۈ-

① جاڭ يەنپىڭ: «قىرغىزلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىرى-
شى» ، — «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 1993 - يىللىق 3 - سان، خەنزۇچە نەشرى 39 - بەت.

سىدە تەڭداشسىز ئەزىمەت بولىدۇ ۋە ئۇرۇقنىڭ ھەقىقىي يىگىتى بولىدۇ دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بولغان[1].

بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان بىر قىسىم جانلىق ئادەتلەرنى سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ: «كىرىزلار بۆرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، پېيى، بېشى، تاغاق سۆڭىكى، قولى قاتارلىق ئەزالىرىنى قۇرۇتۇپ، ئوغرىلارنى جازالاش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ. بىرەرسىنىڭ ئۆيىنى ئوغرى ئالغاندا، ئۆي ئىگىسى بۆرە بېشى بىلەن پېيىنى بىر ياغاچ خادىغا چىگىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ 40 ئائىلىنى ئۆيمۇ ئۆي ئارىلايدۇ ۋە ئوغرىلانغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، 40 كۈندىن كېيىن بۆرىنىڭ پېيىنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇلار ئەگەر راستىنلا بۆرە پېيى كۆيدۈرۈلسە، ئوغرى نەگىلا يوشۇرۇنمىسۇن، ئۇنىڭ قولى ۋە پۇتىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالىدۇ ياكى پالەچ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ياقۇتلاردىمۇ بۆرىنىڭ پېيىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تۇتۇق بەرمىگەن ئوغرىنى جازالاش ئادىتى بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كۆيدۈرۈلگەن بۆرە پېيى بۆرىنىڭ قايسى يېرىدىكى گۆشكە تۇتاش بولسا، قېچىپ كەتكەن ئوغرىنىڭ شۇ يېرى پالەچ بولۇپ قالىدىكەن. بۇ ئادەت ساجالار (خاكاسلارنىڭ بىر تارمىقى) دىمۇ ساقلانغان»[2].

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قەدەر، ئۇرۇق - جەمەت تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن بىر قىسىم چارۋىچى ئۆزبېكلەردىمۇ، بۆرىنى ئەجدات ھېسابلاپ، ئۇنى مۇشكۇلنى ئاسانلاشتۇرغۇچى دەپ قارايدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇلار ئايالىنىڭ بوشانغان چاغدىكى ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ ئىڭەك سۆڭىكىنى ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ياكى قۇرۇتۇلغان بۆرە

---

① سامسايېق: «ماناس ئېپوسىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى»، بىشكەك، قىرغىزچە نەشرى.
② لىن شۇشەن: «سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادلىرى» — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1989-يىللىق 3 - سان، 91 - بەت.

يۈرىكىنى ئېزىپ ئۇۋۇتۇپ تۇغۇتلۇق ئايالغا ئېچكۈزىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغان هامانلا بۆرە تېرىسىگە ئوراپ، ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشىنى تىلەيدۇ. يامان روهلارنى قوغلاش ئۈچۈن بالىلارنىڭ بۆشۈكىگە بۆرە چىشى، بۆرە تىرنىقى ۋە پۇتىنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ. ياشانغان ئۆزبېكلەرنىڭ قويىنىدىمۇ دائىم بۆرىنىڭ ئېزىق چىشى بىلەن پۇتۇلگەن تۇمار ۋە يانچۇقلىرىدا بۆرە چىشى، بۆرە تىرنىقىدا پۇتۇلگەن تۇمارلار ساقلىنىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا، بالايى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.①

ئۇنىڭدىن باشقا هازىرمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە «بۆرە ئوشۇقىنى بوينىغا ئېسىۋالسا ئامەتلىك بولىدۇ» دەيدىغان ئادەت قارشى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە، بۆرە تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن قوي گۆشىنى هالاللاپ يېيىش ئادىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ناهايىتى ئېنىقكى، گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە جۇغراپىيىلىك مۇهىت ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۆرە توتېم ئېتىقادى سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بۆرە توتېم چۈشەنچىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېيىن، شامان، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى بۆرە توتېم ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرمىغان.②

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولغان ئۇيغۇرلاردا، يۇقىرىقى بىر قىسىم تۈركىي تىللىق خەلقلەردە مەۋجۇت بولغان جانلىق ئادەتلەردىن باشقا يەنە، بۆرە تىلىنى تۇمار ئورنىدا كىچىك بالىلارنىڭ دوپپىسىغا قاداش، ئۆلگەن بۆرىنىڭ

---

① «بۆرە ئەپسانىسى» — «تەرمىلەر» ژۇرنىلى، (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 30 ـ بەت.

② ئۆمەرجان ئىمىن: «بۆرە توتېمى هەققىدە ئىزدىنىش» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1993ـ يىللىق 3 ـ سان، 24 ـ بەت.

ئېغىزىنى يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە كېسىپ، ئۇنى سوزۇپ چو-
ڭايتقاندىن كېيىن، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ بېشىدىن ئايىقىغا
ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى ساقلانغان. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا بالىلارنى
يامان روھلاردىن ساقلاپ، كەلگۈسىدە بۆرىدەك باتۇر ۋە قورقماس
قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇنداق
جانلىق ئادەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ ھەق-
قىدىكى تەپسىلىي مۇھاكىمىلەرنى كېيىنكى بابلاردا ئايرىم سۆزلەي-
مىز.

## 10. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان پەرھىزلەر

پەرھىز، ئەڭ دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىنلارغا باغلىنىدىغان بىرخىل ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئورتاق ئاتالغۇسى «taboo» ياكى «tabu» دۇر. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگمۇند فرېئۇد بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «Taboo پولىنېزىيە تاقىم ئاراللىرىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ سۆزى بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا مەنە جەھەتتىن تەڭداش كېلىدىغان بىرەر سۆز - ئاتالغۇنى ئاسانلىقچە تاپالمايمىز. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان قايتا مەۋجۇت بولمىغان ئۇقۇمدۇر. دەرۋەقە، قەدىمكى يۇنان تىلىدىكى aros ۋە ئىبراي تىلىدىكى kadesh قاتارلىق سۆزلەر مەنە جەھەتتىن taboo غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىدىكى يەرلىك خەلقلەردە، ئافرىقا (ماداگاسكار) دا، ۋە شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەردە، بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بايقىشىمىز مۇمكىن». ①

نۇرغۇن تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەڭ دەسلەپكى پەر-

① فرېئۇد (ئاۋستىرىيە): «توتېم ۋە پەرھىز»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 31 - بەتلەر.

ھىزلەر توتېم ئېتىقادى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئۇنى توتېمغا تېۋىنىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

پەرھىز (تابۇ) نىڭ مەنىسى ھەققىدە فرېئۇد يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە ‹پەرھىز› ياكى ‹تابۇ› ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: بىرىنچىسى، يۈكسەك، مۇقەددەس دېگەن مەنىلەرگە ئىگە؛ ئىككىنچىسى، سىرلىق، خەتەرلىك، چەكلەنگەن، تەگكىلى بولمايدىغان، دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. تابۇ سۆزىنىڭ پولىنېزىيە تىلىدىكى قارىمۇ - قارشى سۆزى ‹noa› بولۇپ، مەنىسى ‹كەڭ ئومۇملاشقان›، ‹دائىم يېقىنلاشقىلى بولىدىغان› دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا، تابۇ مەنە جەھەتتە چەكلەنگەن، تەگكىلى بولمايدىغان خاراكتېردىكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ». ①

بىزنىڭ بۇ يەردە سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئاساسەن توتېم پەرھىز (تابۇ) لىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە ھەرىكەت پەرھىزلىرى، يېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرى ۋە سۆز پەرھىزلىرىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلىنىدۇ. ②

توتېم پەرھىزلىرى ئىچىدە ھەممىدىن گەۋدىلىك بولغىنى ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش، يەنى ئوخشاش بىر توتېم ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىنىڭ چەكلىنىشىدۇر. فرېئۇد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى قەيەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توتېم مەۋجۇت بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق بىر قائىدە ساقلانغان: ئوخشاش توتېمدىكى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قاتتىق چەكلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ». ③

---

① فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»، 15 - بەت.

② خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىر قانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر نەشرىياتى شىركىتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 69 - بەت.

③ فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»، 31 - بەت.

بۇ خىل توتېم پەرھىزلىرى ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان، مەسىلەن، بۆرە توتېمىدىكى بىر كىشى ئېيىق ياكى بۇغا توتېمىدىكى بىر ئايال بىلەن نىكاھلانسا بولىدۇ. لېكىن ئوخشاش توتېمدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

قەدىمكى ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇرلاردىمۇ، توتېم نامىنى ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ نامى قىلىپ، توتېم سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى قاتتىق يولغا قويۇلغان. موڭغۇللاردىمۇ بۇنداق ئادەت ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ھەممىگە مەلۇمكى، بۆرە بىلەن بۇغا قەدىمكى موڭغۇللارنىڭ توتېمى ئىدى. «‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى›»، «‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› غا قىسقىچە ئىزاھ» ناملىق ئەسەرلەردە: «تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كۆك بۆرە، ئاق مارال بىلەن جۈپلىشىپ، موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى بۆرتەچىنە (孛儿帖郝那) نى تۇغدى...»[①] دېگەن رىۋايەت ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى كۆك بۆرە موڭغۇللارنىڭ بىر ئۇرۇقىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق بۇغا بىلەن نىكاھلىنىشى، ئۇرۇق ياكى توتېم سىرتىدىن نىكاھلىنىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

توتېم سىرتىدىن نىكاھلىنىش ھازىرغىچە بەزى مىللەتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. گاۋ لىشى ئەپەندىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا: «شىشۇاڭبەننا (西双版纳) دا ياشاۋاتقان 259 جۈپ كېمۇلار ئارىسىدا، توتېم سىرتىدىن نىكاھلانغانلىرى 230 جۈپ بولۇپ 88.8% نى؛ ئوخشاش توتېمدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلانغانلىرى 29 جۈپ بولۇپ 11.2% نى ئىگىلەيدىكەن».[②]

دېمەك، توتېم پەرھىز (تابۇ) لىرىنى ئەڭ دەسلەپكى ئىنساند-

---

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىنىڭ سېلىشتۇرما نۇسخىسى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 913 - بەت؛ داۋرۇن دېبۇ: «‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› نىڭ يېڭى تەرجىمىسىگە قىسقىچە ئىزاھ»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

② گاۋ لىشى: «كېمۇلارنىڭ توتېم ئېتىقادى ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى» -- «ئىدىيىۋى كۈرەش سېپى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1986 - يىللىق 2 - سان.

يەتنىڭ نىكاھ قانۇنى دېيىشكە بولىدۇ.

توتېم پەرھىزلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، توتېم ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ئىستېمالدىكى چەكلىنىشىدۇر.

توتېم قىلىنغان ھايۋان ئادەتتە ئىلاھ ياكى ئەجدادلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئۇلۇغلانغاچقا، ئۇنىڭغا تېگىش، چېقىلىش ۋە شەك كەلتۈرۈش شۇنىڭدەك ئۇنى ئۆلتۈرۈش، قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى بۆغىنى توتېم قىلغان ئوماخا ئىندىئانلىرى، ئەگەر بۆغىنىڭ گۆشىنى يېسە ئادەمنىڭ بەدىنىگە چىقان ياكى ئاق داغ چىقىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. قىزىل قوناقنى توتېم قىلغان قەبىلىلەر، ئەگەر قوناقنى يېسە، ئادەمنىڭ كالپۇكى سېسىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.[1]

قەدىمكى زاماندا گەرچە توتېم بىلەن باغلىنىدىغان يېمەكلىك پەرھىزلىرى ناھايىتى قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ يوقىلىشى، ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ قىستىشى قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولغان قاتتىق پەرھىزلەر زور دەرىجىدە سۇسلاشتى.

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن قاتارلىق تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ توتېمى ئېيىق ئىدى. ئۇلار قەدىمدە ئېيىق گۆشىنى يېيىشنى قاتتىق چەكلەيتتى. لېكىن كېيىنچە تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلار ئېيىقنى ئۆلتۈرىدىغان، ھەتتا گۆشىنىمۇ يەيدىغان بولغان. لېكىن ئۇلار ئۇچۇن ئېيىقنى ئۆلتۈرۈش يەنىلا بىرخىل روھىي ئازاب تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ئېيىقنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ «گۇناھ»لىرىغا بولغان ئۆكۈنۈشىنى ئىپادە قىلىدۇ ۋە «ئېيىقنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق،

---

① خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 71 ـ بەت.

بەلكى ئورۇسلار ئۆلتۈردى. . . » دەپ توۋلايدۇ.① بۇ ئۇلارنىڭ روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇشتىكى تەسەللىيسى ئىدى. بۇ خىل ئادەتلەر سىبىرىيىدە ياشايدىغان نۇرغۇن مىللەتلەردە ئۇچرايدۇ. ئەنگلىيە فولكلورشۇناسى فرازېرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا: «سىبىرىيىنىڭ غەربىدە ياشايدىغان ئوستىياكلار ئېيىقنى ئوۋلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، دەرەخقە ئېسىپ قويىدىكەن، ئاندىن يۇملاق سەپ تۈزۈپ ئۇنىڭغا تازىم قىلىدىكەن. ئاخىرىدا ئېيىقنىڭ جەسىدى ئەتراپىدا ئۇن سىلىپ يىغلاپ: ‹ سېنى ئۆلتۈرگەن كىم؟ — ئورۇسلاردۇر؛ بېشىڭنى كەسكەن كىم؟ — ئورۇسلارنىڭ پالتىسىدۇر؛ تېرەڭنى سويغان كىم؟ — ئورۇسلارنىڭ پىچىقىدۇر؛ › دەپ ھازا تۇتىدىكەن. . . » .② ئۇنىڭدىن باشقا «سىبىرىيىدىكى كىلياكلار ئېيىق ياكى بۆرىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئېيىق (بۆرە) نىڭ تېرىسىنى سويۇپ، بىر كىشىنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ قويىدىكەن، ئاندىن ئېيىق (بۆرە) تېرىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ۋە: ‹ ئېيىق (بۆرە) نى ئۆلتۈرگەن بىز ئەمەس، بەلكى ئورۇسلاردۇر › ③ دەپ توۋلايدىكەن.

بۆرىنى توتېم قىلغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ قەدىمكى زاماندا بۆرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، بۆرە گۆشىنى يېمەسلىك قاتارلىق بىر قىسىم توتېم پەرھىزلىرى بولغانلىقى تەبىئىي. بىراق، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەركىزىي ئاسىيادا تۇرۇپ، ئارىلاشما مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شامان، مانى، زەردۇشت، بۇددا، خرىستىئان ۋە ئىسلام قاتارلىق كۆپ دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ئالمىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلاردا توتېم

---

① خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 177 - بەت.

②③ فرازېر (ئەنگلىيە): «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 746-، 747 - بەتلەر.

پەرھىزلىرى زور دەرىجىدە سۇسلاشقان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ
خاقان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسلام دىنىغا
ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بۆرە بىرخىل
يىرتقۇچ ھايۋان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان، زۆرۈر تېپىلـ
غاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان بولدى. بۈگۈنكى
كۈندە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە توتېم پەرھىزلىرى سۈپىتىدە
پەقەت تىل ياكى سۆز پەرھىزلىرىلا ساقلانماقتا.

تىل ياكى سۆز پەرھىزلىرى توتېم پەرھىزلىرى ئىچىدىكى
ئالاھىدىرەك بىرخىل پەرھىز بولۇپ، ئۇ توتېم ھايۋاننىڭ نامىغا
ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى بىۋاستە ئەسلى نامى بىلەن چاقىرماسـ
لىق، بەلكى ھۆرمەت ناملىرىنى قوشۇپ ئاتاش قاتارلىق جەھەتـ
لەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئېيىقنى توتېم قىلغان شەرقىي شىمالدىكى ئېۋېنكىي، ئېلۇنـ
چۈن، خېجې قاتارلىق مىللەتلەردە ئېيىقنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە
ئاتاش قاتتىق مەنئىي قىلىنغان. «ئۇلار كۆپىنچە ‹بوۋا›، ‹موـ
ما›، ‹تاغا› قاتارلىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان
ناملارنى ئېيىقنىڭ ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە قوللانغان. مەسىلەن،
ئېلۇنچۈنلار ئېيىقنى ‹يايا› (بوۋا)، ‹تەيتې› (موما)، ‹ئامخا›
(تاغا) دەپ ئاتايدىكەن؛ داغۇرلار ‹ئېتېركېن› (ئاقساقال) دەپ
ئاتايدىكەن؛ ئېۋېنكىلار بولسا ئەركەك ئېيىقنى ‹خېك› (بوۋا)،
چىشى ئېيىقنى ‹ئېۋو› (موما) دەپ ئاتايدىكەن».①

شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان بويىغا جايلاشقان
ئىندىئانلارنىڭ دېلاۋار قەبىلىسىدە، بۆرە ئۇرۇقى، تاشپاقا ئۇرۇ-
قى، كۈركە توخۇ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇرۇق بولۇپ،
مورگان، بۆرە، تاشپاقا، كۈركە توخۇ قاتارلىق ئۈچ توتېمنىڭ
ھۆرمەت ناملىرىنىمۇ خاتىرىلىگەن، ئۇلار بۆرىنى «يۇمىلاق ئالـ

---

① ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1989.
يىل، خەنزۇچە نەشرى، 74 ـ بەت.

قان» ، تاشپاقىنى «ئۆمىلىگۈچى» ، كۈركە توخۇنى «كۆشىمەس» دەپ ئاتىغان.① يەنە ئىندىئانلارنىڭ ۋياندوتلار قەبىلىسىدە، سەككىز ئۇرۇق بولۇپ، ئۇلار بەزىدە مۇشۇ سەككىز ئۇرۇققا ۋەكىللىك قىلىغۇچى توتېملارنىڭ بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتىماي، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ناملىرىنى ئاتايدىكەن، مەسىلەن «سۆڭەك غاجىلىغۇچى» — بۆرىنى، «دەرەخنى ماكان تۇتقۇچى» — ئېيىقنى، «قورقونچاق هايۋان» — قۇندۇزنى، «مۇنبەت تۇپراق» — تاشپاقىنى، «سەييياھ» — بۇغىنى، «ئۆمىلىگۈچى» — يىلاننى، «ئېگىز دەرەخ» — جەرەننى، «قانات قاققۇچى» — قارچىغىنى كۆرسىتىدىكەن.② دېمەك، ئىندىئانلاردىكى يۇقىرىقى توتېم ناملىرى بىۋاسىتە ئىشلىتىش چەكلەنگەن بىرخىل سۆز پەرھىزلىرىدۇر.

كانادا ئىندىئانلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئېيىقنى — «يوغان پۇت» دەپ ئاتايدىكەن، شۋېتسىيىلىك قوي باققۇچى قىزلار بۆرە ياكى ئېيىقنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتاشتىن قورقىدىكەن. ئۇلار بۆرىنى — «جىم تۇرغۇچى» ، «كۈلرەڭ پۇت» «ئالتۇن چىش» دەپ ئاتىسا؛ ئېيىقنى — «ئالتۇن پۇت» ، «ئاقساقال» دەپ ئاتايدىكەن.③ ئېلۇنچۇنلار يولۋاسنى — «ئۇزۇن قۇيرۇق» ، بۆرىنى — «يوغان ئېغىز» ، — «ئەينەك» دەپ ئاتايدىكەن.④ بىر قىسىم ئېلۇنچۇنلار يولۋاسنى — «ئۇتاچى» (ئاقساقال) ، بۆرىنى — «ۋېلڭ» دەپ ئاتايدىكەن.⑤ بۇريات موڭغۇللىرى بۆرىگە چوقۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 326 - بەت.

② مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ، 1 - كىتاب، 531 ،، 352 - بەتلەر.

③ سۈن زويۈن: «شېئىرنامە ۋە جۇ سۇلالىسى جەمئىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1966 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 17 - بەت.

④ «سۈنكې ناھىيىسى ئېلۇنچۇن مىللىي يېزىسىنىڭ ئەھۋالى» ، 1959 - يىل، خەنزۇچە ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى، 112 - بەت.

⑤ چيۇفۇ: «ئېلۇنچۇن جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 165 - بەت.

ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي، «ساماۋى ئىت» دەپ ئاتايدۇ.①

بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان پەرھىزلەر دۇنيادىكى خېلى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرىدە داۋاملىق ئۇچرايدۇ. فرازېرنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، «فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە سلاۋيان مىللەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان دۆلەتلەردە، دېھقانلار بۆرىنى — ‹قوناق بۆرىسى› ياكى ‹قارا بۇغداي بۆرىسى› دەپ ئاتايدىكەن».②

«شەرقىي پرۇسسىيە ئەتراپىدا، بۆرە ئېتىز - دالىلاردىن ئۆتكەندە، دېھقانلار دائىم ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرىدىكەن. ئەگەر بۆرىنىڭ قۇيرۇقى يەرنى سىيپاپ ماڭسا، ئۇلار بۆرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى تاشلاپ بېرىدىكەن. ئەگەر بۆرە قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياكى پۇلاڭلىتىپ ماڭسا، ئۇلار بۆرىنى تىللاپ - قارغاپ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىكەن».③

«قەدىمكى كىشىلەر، بۆرە ئىنسان تىلىنى بىلىدۇ دەپ قاراپتتى ۋە بۆرىگە ئازراقلا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنسا، ئۇنىڭ چوقۇم ئۆچ ئالىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. بىرمۇنچە مىللەتلەردە ھەتتا بۆرىنىڭ نامىنى بىۋاسىتە چاقىرىشتىن قورقۇپ، ئۇنى باشقىچە ناملار بىلەن ئاتاش ئادىتى ساقلانماقتا، سىمولىنىسكىيدىكى دېھقانلار بۆرىنى كۆرگەن چاغدا: ‹ياخشىمۇ سىز، كالتەك يېگىت! › دەپ چاقىرسا، ئېستونىيىلىكلەر ‹تاغا›، ‹پادىچى› ياكى ‹ئۇزۇن قۇيرۇق› دەپ ئاتايدىكەن. لىتۋالىقلار ‹دالىدا يۈرگۈچى›، كىلياكلار ‹قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغۇچى›، ئابغازلار ‹بەخت تۆشىكى› دەپ ئاتايدىكەن. چۇچىكلار بۆرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ھەممىدىن بەكرەك قورقىدىكەن. ئۇلار بۆرىنىڭ

① سورباداراخا: «موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 26 - بەت.
② ③ فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، 2 - توم، 647-، 648 - بەتلەر.

ئۆزلىرىنىڭ بۆغىسىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۆرىنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمەيدىكەن. بۇرياتلار يازلىقى تويا بىلەن، قىشلىقى قار بىلەن بۆرىنىڭ قېنىنى كۆمۈپ قويىدىكەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا چوقۇم چەكسىز پۇشايماندا قالىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىكەن. چۈنكى بۆرە تەڭرى ئەۋەتكەن ساماۋى ئىت بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يۈرىدىكەن. ياقۇتلارمۇ بۆرىنى قەدىمكى ئۇلۇغ تويۇن ئىلاھىنىڭ ئوغلى دەپ قارايدىكەن. كىلياكلار بۆرىنى بۇغىنىڭ خوجايىنى، مۇز بەلباغىنىڭ بېگى دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن».①

تۈركىي خەلقلەردىمۇ بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان سۆز پەرھىزلىرى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلانغان.

تۈركىيە ئالىمى ئىبراھىم كافەس ئوغلى تۈركچىدىكى «بۆرە» سۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ‹بۆرى› سۆزىنىڭ ئورنىغا كىچىك بىر ھاشارەتنىڭ نامى بولغان ‹قۇرت› سۆزىنى قوللىنىدۇ. بۇمۇ ھەر ھالدا بۆرىگە نىسبەتەن پەيدا بولغان ھۆرمەت ۋە قورقۇش ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك».② دېمەك، تۈركچىدىكى «boz kurt» ، «kurt» سۆزلىرىنى بۆرە توتېمىغا بولغان سۆز پەرھىزى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قازاقلاردىمۇ «بۆرى»نى «قاسقىر» ، «كۆكجال» ، «كۆكپار» ، «ئارلان» دەپ ئاتايدىغان مەخسۇس ئاتالغۇلار بار بولۇپ، ئېھتىمال، بۇلارمۇ «بۆرە» نامىنى بىۋاسىتە ئاتاشتىن ئەيمىنىپ، باشقىچە ناملارنى قوللىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

«قەدىمكى قىرغىزلاردىمۇ ئەگەر بۆرىگە ھۆرمەت قىلىنمى-

① «تەرىمىلەر» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىللىق 1 - سان، 30 - بەتتىكى «بۆرە ئەپسانىسى» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

② ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قەدىمكى تۈرك دىنى» ، ئەنقەرە — 1980 - يىل، تۈركچە نەشرى، 14 -، 15 - بەتلەر.

سا، ئۇ ئايەت ياغدۇرىدۇ، دەيدىغان قاراش بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۆرىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئاتاشتىن پەرھىز تۇتقان. ئۇلار بۆرىنى «كۆك جال»، «كۆك چولاق» (كولرەڭ توشقان)، «غۇلام» (ئايلىنىپ يۈرگۈچى)، «باتۇر» قاتارلىق هۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتىغان».①

ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قىسىم بالدۇر ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەن تۈركىي خەلقلەردە، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۆرە توتېمى بىلەن باغلىنىدىغان سۆز پەرھىزلىرى ئاز بولغان ياكى بولسىمۇ كېيىنچە يوقىلىپ كەتكەن.

## 11. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇزاق مەزگىل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، كەڭ تەبىئەت قوينىدىكى هەرخىل هايۋانلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكمۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنىڭ يايلاق تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان.

بۆرە — ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئىلاھ» ياكى «قۇتقۇزغۇچى روھ» بولغاچقا، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە پالاكەتلەرگە، كېسەللىككە شىپا بولىدىغان كۈچ بۆرىدە مەۋجۇت دەپ قارىغان. ھەمدە، بۆرىنىڭ باشتىن ئايىغىغىچە بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى خۇددى بۆرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلىغان.

ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكىدە، بۆرە توتېمىنىڭ مەلۇم ئەزاسى ئارقىلىق، يامان روھلارنى، جىن - ئەرۋاھلارنى قوغلاش، ئۇلارنىڭ ئىنسان بالد-

---

① جاڭ يەنپىڭ: «قىرغىزلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىرىشى» — «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1993 - يىللىق، 3 - سان.

سىغا خېيىم - خەتەر سېلىشىنى توسۇش ۋە پالاكەتلەردىن ساقلاش قارىشى ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قەدىمدە تۇغۇتلۇق ئاياللارنى بۆرە تېرىسىگە ئوراش ئادىتى بولغان. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىرخىل روھىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، تۇغۇت ئازابىدا قاتتىق قىينىلىۋاتقان ئانا «قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ» نىڭ كىيىمى (تېرىسى) گە ئورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، روھىي جەھەتتىن كۈچ - قۇۋۋەت، تەسەللىي ۋە مەدەت تاپىدۇ. . .

ئۇنىڭدىن باشقا تۇغىتى قىيىن بولغان ئاياللارغا ئازراق قۇرۇتۇلغان بۆرە گۆشىنى سوقۇپ يېگۈزۈش، بۆرە ئۆتىكىنىڭ سۆتىكىنى ئېزىپ ئىچۈرۈش، بوۋاق بالىلارنىڭ باش كىيىمىگە، بۆشۈكىگە بۆرە ئوشۇقى، تىرنىقى، چىشى قاتارلىقلارنى ئېسىپ قويۇشمۇ، ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، كىچىك بالىلارنى يامان روھلاردىن ساقلاپ، بالايى - ئاپەتلەردىن يىراق قىلىپ ساغلام ئادەم بولۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئادەملەرنى داۋالاش ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بۇنىڭدا ئادەمنى داۋالاش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاق بالىلار مۇھىم ئوبيېكت قىلىنغان. مەسىلەن، قىرغىزلاردا، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئېغىزىغا بۆرە شۆلگىيى تېمىتىش ئادىتى بار.① قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئارىسىدا، يېڭى تۇغۇلغان بالىنى، يۇمىلاق قىلىپ كېسىلگەن بۆرە ئېغىزىنى چەمبەر شەكلىدە سوزۇپ بېشىدىن ئايىغىغا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش ئادىتى ساقلانغان. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا بالا ھەر قانداق ئاپەتلەردىن خالىي، ساغلام چوڭ بولىدۇ، دەپ

① سامسايېف: «ماناس ئېپوسىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى»، بىشكەك قىرغىزچە نەشرى.

قارايدۇ. مىلادىيە 9 - ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نادىر ئەسەر «ئىرق بىتىگ» دە: «باينىڭ قويى ئۇركۈپ كېتىپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ، بۆرە ئۇلارنىڭ سۇتىنى ئېمىپ كېتىپتۇ، ھەممە قوي ئامان قاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ»① دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. دېمەك، بۇ يەردە بۆرىنىڭ قوي سۇتىنى ئېمىپ كېتىشى، قويلارنىڭ ئامان ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ۋە ياخشى چۈشكە يۇيرۇلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تىببى ھۆججەتلەر» دە: «بۆرىنىڭ سۆڭىكىنى، تىلىنى قۇرۇتۇپ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەمنىڭ بېشىغا ياقسا شىپا بولىدۇ»② دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 8 — 9 ئەسىرلەردىلا بۆرە توتېمىنىڭ تىبابەتچىلىكتىكى ئورنى يازما مەنبەلەردە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

بۇريات موڭغۇللىرىدىمۇ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنى بۆرە تېرىسىگە ئوراش ئارقىلىق ساقايتىش ئادىتى بولغان.③

ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەردە، بۆرىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىدۇ. مىلادىيە 1 - ئەسىردە ئۆتكەن رىم ئالىمى ۋە يازغۇچىسى پۈرنىي ستاللىسنىڭ قەلىمى ئاستىدا بۆرە بېشى ئىبلىس ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەربىر قورۇدا بىردىن بۆرە بېشى ئېسىپ قويۇلۇپ، ئىلاھىي ھەيۋەتنى ئىپادە قىلغان. سىتسىلىيە ئارىلىدىكى يەرلىك خەلقلەر تاكى 19 - ئەسىرلەرگىچە ئات ئېغىللىرىغا بۆرە تىرنىقىنى قويۇپ قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئات ئاغرىپ قالسا، بۆرە تىرنىقى ئاتنىڭ قولىقىدىن كېسەل ئىبلىسنى تارتىپ چىقىرىدىكەن.④

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، نەشرى، 145 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 292 - بەت.
③ «بۆرە ئەپسانىسى» — خەنزۇچە «تەرمىلەر» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق 1 - سان، 30 - بەت.
④ يۇقىرىقى مەنبە، 30 - بەت.

قازاقلار ئارىسىدىمۇ بۆرە ئارقىلىق ئادەم ياكى ئۆي هايۋانلىـ-
رىنى داۋالاش ئادەتلىرى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىگ-
سۇلتان ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قازاق
خەلقى ئارىسىدا، چىشى هايۋانلار مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن سۈتى
توختاپ قالسا، بۆرە بۇرنىدىكى يىرىك تۈك بىلەن سۈتى توختاپ
قالغان هايۋاننىڭ يېلىنىنى ئەملەش ئادىتى ساقلانغان. ئۇلار
بۇنداق قىلسا، چىشى هايۋاننىڭ سۈتى كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.
ئۇلار يەنە بەل ئاغرىقىنى توختىتىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى
كېسەل كىشىنىڭ بېلىگە تاڭىدۇ. مال - چارۋىلار ئوغرىلانغاندا،
بۆرە پېيىنى كۆيدۈرۈپ، ئوغرىنى جازالايدۇ». ①

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش
مۇمكىن. بىراق، بىز مۇشۇ پاكىتلار بۆرە توتېمىنىڭ ئىپتىدائىي
تىبابەتچىلىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك، دەپ
قارايمىز.

## 12. بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي مىللىي تەنتەربىيە ۋە بالىلار ئويۇنلىرى

تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق
خەلقلەر هاياتىدا تەنتەربىيە ۋە هەرخىل بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ
مۇهىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. «قەدىمكى دەۋرلەر-
دىن تارتىپ جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرى ۋە تارىم
ۋادىلىرىدا ياشىغان تۈركىي قوۋملار بۇ كەڭ زېمىندا مول مەز-
مۇنغا ئىگە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئۆزلى-

① بىگسۇلتان: «تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۆرە توتېمى» — «ئالتاي تىللىرى سىستېمى-سىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 226 -، 227 - بەتلەر.

رىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن» . ①

ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ زادى قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ رەسمىي بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەسكىن بىر نېمە دېيىش تەس. لېكىن قايتا بايقىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە قىيا تاش رەسىملىرى بىزگە تارىخنىڭ شۇ قەدەر ئۇزۇنلۇقىنى نامايەن قىلماقتا. «ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىملەر تېپىلغان. بۇ رەسىملەردە ھۇنلار، ساكلار، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رەسىملەر بۇنىڭدىن 3000 — 5000 يىللار ئىلگىرى ئويۇلغانلىقى مەلۇم». ② بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىي قوۋملاردا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان.

«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە: «تۈركىي قوۋملاردا تەنتەربىيە ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا كۆچمەن قەبىلە ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان زامانلاردىن ھېسابلىغاندا ئۇزۇن بىر تارىخقا ئىگىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياۋايى ھايۋان ھالىتىدە ياشاۋاتقان ئاتنى تونۇغان ۋە ئۇنى كۆندۈرگەن تۈركىي قوۋملار ئۇنى يالغۇز بىر جەڭ ۋاسىتىسى قىلىپلا قالماستىن، تىنچ ۋاقىتلاردىمۇ ئات ئۈستىدە تۈرلۈك تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى ۋە ئات بەيگىلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار، كۆك بۆرە، قىز بۆرە ئويۇنلىرى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئات ئۈستىدە ئورۇنلىغان ئەڭ قەدىمكى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ» ③ دېيىلگەن.

① «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى» ، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 4 - بەت.
③ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 29 - توم 383 - بەت.

تۈركىي قوۋملاردا توتېم ئېتىقادى بىلەن باغلىنىدىغان تەن-
تەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە بالىلار ئويۇنلىرى ناھايىتى تەرەققىي
قىلغان بولۇپ، بۇ يىراق قەدىمكى زاماندا تەنتەربىيىنىڭ ئىپتىدا-
ئىي دىنىي مۇراسىملار بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسى-
دا، «كۆكپار» (ئوغلاق تارتىشىش)، «قىز بۆرە» (قىز قوۋار)،
«كۆك بۆرە»، «قارا - قارا قۇشلارىم»، «ئاق تۆگە ئەخمەق»
قاتارلىق بۆرە توتېمى بىلەن باغلىنىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلى-
رى ۋە بالىلار ئويۇنلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1) ئوغلاق تارتىشىش. بۇ تۈركىي قوۋملاردا كەڭ ئومۇملا-
شقان بىرخىل تەنتەربىيە پائالىيىتى. «ئوغلاق تارتىشىشنى باش-
لاشتىن بۇرۇن ئاتاپ قويۇلغان ئوغلاق (موزاي) نى سويۇپ، باش
ۋە پاقالچاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچيىنى بوغۇپ قويىدۇ. بەزىدە
ئىچ - قارنى ئېلىپ تاشلىنىپ، سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. ئوغلاق
تەييارلانغاندىن كېيىن كەڭتاشا ئوتلاقتا ياكى كەڭ مەيداندا تاشلاپ
بېرىلىدۇ. ئېتى يۈگرۈك چەۋەندازلار ئالدىن كېلىپ ئوغلاقنى
يەردىن ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار قوغلاپ تالىشىدۇ». ① گەرچە
تالىشىدىغان ئوبيېكت «ئوغلاق بولسىمۇ، لېكىن بەزى خەلقلەر
(قازاق، قىرغىزلار) بۇنى ‹كۆكپار›، (كۆك بۆرە) دەپ ئاتاي-
دۇ. مۇشۇنداق دەپ ئاتاشتىن قارىغاندا، بۇنىڭ تۈركىي تىللىق
خەلقلەر ئارىسىدىكى ‹كۆك بۆرە› توتېمىدىن كېلىپ چىققانلىقى
مەلۇم». ② «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە ئېتىمولوگىيە سۆزلۈ-
كى» دە «كۆكپار» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «قازاقلاردا
كۆكپار (كۆك بۆرىنىڭ قىسقارغان شەكلى) دەپ ئاتىلىدىغان
بىرخىل خەلق ئويۇنى بار. ئەسلىدە قازاق چارۋىچىلىرى قوي

---

① «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، 51 - 52 - بەتلەر.
② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل، نەشرى، 579 - بەت.

توپىغا تەگكەن بۆرىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا بولغان غەزىـ
پىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۆت پۇتىدىن تۇتۇۋېلىپ يىرىپ، قولى
بىلەن شاپىلاقداپ ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىدۇ، بۇ ئادەت
كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، مەخسۇس بىر تەنتەربىيە تۈرىگە ئايلانـ
غان». ① بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، بۆرىنى
ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى بۇ خىل تەنتەنە، دەل دۇنيادىكى نۇرغۇن
مىللەتلەرگە ئوخشاش، توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆتـ
كۈزىلىدىغان مۇراسىمغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئوغلاق تارتىـ
شىش ياكى كۆكپار ئويۇنى، ئەمەلىيەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بۆرىگە
يەنى توتېم ھايۋانغا بولغان بىرخىل ئازاب ئىچىدىكى خۇشاللىق
ۋە «گۇناھ»قا بولغان ئۆكۈنۈشنىڭ مۇراسىم شەكلىدىكى ئىپادىـ
سىدۇر.

قازاق ئالىمى جاقىپ مىرزاقان ئوغلى بۇ ھەقتە مۇنداق
دەيدۇ: «‹كۆكپار›، سۆزىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى — كۆك بۆرە
ئىكەنلىكى مەلۇم. يىلتىزداش تۈركىي قوۋملار ئۆزلىرى شۇغۇلـ
لانغان مال - چارۋىچىلىق كەسپىدە، ماللارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق
دۈشمىنى — بۆرىنى سوقۇپ ئېلىپ، ئۇنى ئات ئۈستىدە تارتىـ
شىپ، كۈچ سىنىشىپ ئوينىغان. ھازىرقى كۈندە ‹كۆكپار›
ئويۇنى كۆپىنچە ‹ئوغلاق تارتىشىش› دەپ ئاتالماقتا. بۆرىنى
ئوۋلىۋالغان ۋاقىتتا ئوينىلىدىغان ‹كۆك بۆرە› ئويىنىنىڭ كېـ
يىنكى ۋاقىتلاردا مىللىي بايراملاردىكى ‹ئوغلاق تارتىشىش›
ئويىنىغا ئايلىنىشىدا، مۇئەييەن سەۋەبلەر بار. توي - تۆكۈن
بولغان ۋاقىتلاردا بۆرە ئوۋلاش ياكى بۆرىگە ئېرىشىش ناھايىتى
قىيىن. شۇڭا، بۆرىنىڭ ئورنىغا سەركە، سەركەش، ئوغلاق
قاتارلىقلارنى تارتىش ئارقىلىق يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى، چىدـ
ۋەرلىكىنى سىنىغان ۋە ئۇلارنى باتۇرلۇققا، قورقۇمسىزلىققا

① «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە ئېتىمولوگىيە سۆزلۈكى»، ئالمائاتا، 1966 - يىل قازاقچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، قازاقچە قايتا نەشرى، 129 - بەت.

ئۇندىگەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئويۇن، كۆڭۈل ئاچىدىغان مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتىگە ئايلانغان...» .[1]

دېمەك، «ئوغلاق تارتىشىش» ياكى «كۆكپار» ئويۇنىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا ۋە تەرەققىيات جەريانىغا، باشتىن - ئاخىر بۆرە توتېمىنىڭ كۆلەڭگىسى يۇشۇرۇنغان ۋە قاتار ياندىشىقان.

2) قىز قوۋار. بۇ قازاق خەلقىدە قېلىپلاشقان تەنتەربىيە ئويۇنى بولۇپ، قىز - يىگىتلەرنىڭ چاققانلىقى ۋە باتۇرلۇقى سىنىلىدىغان، ئاتلارنىڭ يۈگرەكلىكى كۆرسىتىلىدىغان ئويۇن. بۇ خىل ئويۇننى قازاق قىز - يىگىتلىرى ئات ئۈستىدە ئۆزئارا تونۇشۇپ، مۇھەببەت ئىزهار قىلىشىدىغان قىزىقارلىق ئەنئەنىۋى پائالىيەتكە ئايلاندۇرغان.

بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «قىز قوۋار» ئويۇنى قەدىمكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ھەممىسىدە ئوينىلىدىغان ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنى يەنە «كۆك بۆرە»، «قىز بۆرە» دەپ ئاتىغان.[2] بىز بۇنىڭدىن بۇ ئويۇنىڭمۇ مەلۇم جەھەتلەردە بۆرە توتېمى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە، بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «كۆك بۆرە ئويۇنىدا يىگىتلەر بىلەن قىزلار ئارىلاش ئوينايدۇ. قىز قوزىنى ياكى ئوغلاقنى قۇچىقىغا ئالىدۇ - دە، ئات چاپتۇرىدۇ، يىگىتلەر ئارقىدىن قوغلاپ قوزىنى ياكى ئوغلاقنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. يىگىتنىڭ ئېتى قىزنىڭ ئېتىغا يېتىشىپ تەگلەشكەندە، قوزا، ئوغلاقنى ئالالايدۇ. يىگىتنىڭ ئېتى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، قىز يىگىتنى قامچىلاشقا ھەقلىق. قىزنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقۇچىلار، قوزا ياكى ئوغلاقنى ئىك-

---

① جاقىپ مىرزاقان ئوغلى: «قازاق خەلقى ۋە فولكلورى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، قازاقچە نەشرى، 594 - بەت.
② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 29 - توم، 383 - بەت.

ـكى قولى بىلەن ئىلىشقا ئۇرۇنغۇچىلارنىمۇ قىز قامچىلاشقا ھەقـ
لىق. قىز قۇچىقىدىكى قوزا ياكى ئوغلاقنى ئالغان يىگىتنى
سۆيىدۇ. يىگىت قىزنى مۇسابىقە باشلانغان يەرگە كۆتۈرۈپ ئېـ
لىپ كېلىدۇ» .① قەدىمكى زاماندا «كۆك بۆرە» ئويۇنى دەپ
ئاتالغان بۇ پائالىيەتنى ھەر ھالدا تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ
بېقىشقا بولىدۇ.

3) قارا - قارا قۇشلارىم، بۇ ئويۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
باللار ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كوللېكتىۋىزملىق
روھنى يېتىلدۈرۈشتە، باللارنى ئۇم، ھوشيار بولۇشقا ئۈندەشـ
تە، چاققانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقنى ئۆستۈرۈشتە ئەھمىيىتى
چوڭ.②

بۇ ئويۇندا، باللار توپلانغاندىن كېيىن، بىرى «ئانا»، يەنە
بىرى «بۆرە» بولىدۇ. ئانا سەپنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ. قالغان
باللار بويىغا قاراپ «ئانا» نىڭ كەينىگە تىزىلىدۇ. ھەممە بىر
- بىرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۇزۇلمەس زەنجىر ھاسىل قىلىدۇ.
بۇ ۋاقىتتا «بۆرە» بولغان بالا بىلەن «ئانا» بولغان بالا ئوتتۇرىـ
سىدا تۆۋەندىكىدەك قوشاقلار ئېيتىلىدۇ:

بۆرە: ئاللا - ئاللا قۇشناچىم.
ئارقاڭدىكى نېمىلىرىڭ؟
ئانا: قارا - قارا قۇشلارىم.
بۆرە: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
ئانا: كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!
بۆرە: كۈچۈم نەگە كېتىپتۇ؟
ئانا: ئالا تاغقا كېتىپتۇ.
بۆرە: ئالا تاغدا نېمە بار؟

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 22 - توم، 264 - بەت.
② «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، 186 - بەت.

ئانا: ئالا - يېشىل قۇشلار بار.
بۆرە: قۇشنىڭ بىرىنى تۇتايچۇ؟
ئانا: كۈچۈڭ يەتسە تۇتساڭچۇ!

قوشاقلار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، «بۆرە» «ئانا» نىڭ كەينىدىكى «قۇش» لارنى تۇتۇشقا ئۇرۇنىدۇ. «قۇش» لار «ئانا» قايسى تەرەپكە سىلجىسا شۇ تەرەپكە سىلجىپ، «بۆرە» گە تۇتۇق بەرمەيدۇ، ئەگەر «بۆرە» «ئانا» نىڭ كەينىدىكى «قۇش» لىرىنى تۇتۇپ بولسا، ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. ①

بۇ خىل بالىلار ئويۇنىنىڭ قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدا باشقىچە ۋارىيانتى بار. يەنە بالىلار توپلىشىپ، كۈچلۈكرەك بىر بالىنى «بۆرە»، يەنە بىر بالىنى «ئانا تۆگە» سايلايدۇ. قالغان بالىلار «بوتىلاق» بولۇپ، «ئانا تۆگە» نىڭ كەينىگە سەپ تۈزىدۇ ۋە مۇنداق قوشاق ئېيتىشىدۇ:

بۆرە: ئاق تۆگە ئەخمەق،
قارا تۆگە ئەخمەق.
بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ؟
ئانا تۆگە: كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!

بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىش ئۇسۇلى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «قارا - قارا قۇشلارىم» بىلەن ئوخشاش.

دېمەك، بۆرە توتېمىنىڭ ئوبرازى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن تارتىپ، بالىلار ئويۇنلىرىغىچە چوڭقۇر سىڭگەن.

كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرىدە، قاتار ئىككى سەپ بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ تىزىلغان كىشىلەر

① «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، 186 — 187 - بەتلەر.

ئارىسىدا، ئىككى ئادەم يوغان بىر ئەركەك بۆرىنى يېتىلەپ تۇر-
غان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن(39 - رەسىمگە قاراڭ) . بۇ دەل
كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق ئويۇنلىرىغىمۇ بۆرە موتىفى-
نىڭ ئارىلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ قىيا تاش رەسىمى بىزگە يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، خەلق ئويۇنلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا مۇئەي-
يەن ئورۇن بەرگەنلىكىنى شەرھلەپ بېرىدۇ.



39 - رەسىم: كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق ئويۇن-
لىرىدا بۆرە ئوبرازى.

يەتتىنچى باب

# هازىرقى زامان كىشىلىرىدە تۇتېم ئېڭى

يىراق قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ
تېرىلغان روھىي ماھىيەت كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا ئەكس ئېتىدۇ.
— دائىنا «سەنئەت پەلسەپىسى»

## 1. غەرب دۇنياسىدا تۇتېم ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى

1. خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ غايىۋى تۇتېم نۇقتىئىي-نەزىرى

پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىدە، سوقرات نا-ھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: «. . . گەرچە مەن سۆزلەشنى خالى-مىسامۇ، لېكىن بىر ئىشنى سۆزلىمەي تۇرالمايمەن: چوقۇم بارلىق كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بالىلار ئىكەنلىكى-نى چۈشەندۈرۈش ۋە بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش كېرەك. بۇ ئانىنى ئېھتىمال بىز يەر (تۇپراق) دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق ئاتىغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا تۇپ-

-راقتىن ئۇنۇپ چىققانلىقىنى ھەمدە ھەممىسىنىڭ ئۆزئارا قېرىن-
داش ئىكەنلىكىنى ئىشەندۈرگىلى بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىز-
كى، شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان زوۋۇلىدا يوغۇ-
رۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان خۇرۇچلاردا پىشۇرۇلغان. مانا بۇ
نېمىشقا بەزىلەرنىڭ قەھرىمان، بەزىلەرنىڭ دېھقان، يەنە بەزىلەر-
نىڭ ئەمەلدار بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. لېكىن مۇشۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر قېرىنداشتۇر» دەيدۇ.
يەھۇدىي رىۋايەتلەردىن ئۆرنەك ئالغان «ئىنجىل» قىسسىلى-
رىدە، مەريەم «غايىپتىن ھامىلدار» بولۇپ قالىدۇ ۋە خرىستىئان
دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسانى تۇغىدۇ. ئىيسا ئۆز تەرغىباتلىرىدا
دائىم: «ئادەملەر بىر - بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشى
كېرەك» دەيدۇ.
سوقراتنىڭ بايانلىرى بىلەن ئىيسانىڭ تۇغۇلىشىدىن ئىبا-
رەت بۇ ۋەقەلەر بىزگە تەبىئىي ھالدا يىراق قەدىمكى زاماندا
بارلىققا كەلگەن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئۇرۇق
بولۇپ تېرىلغان توتېم ئېڭىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، توتېم ئىنسا-
نىيەتكە تۇنجى قېتىم بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش
ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئىپتىدائىي دىن ئىدى. توتېم تېرىغان
بۇ خىل روھىي ماھىيەت كېيىنچە سوقراتنىڭ بايانلىرىدا، ئىيسا-
نىڭ تەلىماتلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تارىختىن كېيىن مەي-
دانغا كەلگەن بارلىق دىنلار ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادىنىڭ روھىي
ماھىيىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش
ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇردى.
مەريەم ئانىنىڭ «غايىبتىن ھامىلدار» بولۇپ ئىيسانى تۇغۇ-
شىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ۋەقەمۇ بىزگە توتېم دەۋرىنىڭ قالدۇق
روھىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى قەدىمكى رىم تارىخىنىڭ بىرىنچى
بېتىنى تەشكىل قىلغان بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدە، ياۋۇز كۆچ-
لەر تەرىپىدىن ئېلىپ بىرىلغان قىرغىنچىلىقتا، بىردىن - بىر

هايات قالغان قىز، كېيىن غايىبتىن هامىلدار بولۇپ، بۈيۈك قەھرىمان رومۇلۇس بىلەن رىموسنى تۇغىدۇ... ئېيسانىڭ تۇغۇلىشى، ئەجابا توتېم روھىنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئېھتىمال، بۇ توتېم دەۋرىدىن بۇيان يەر يۈزىدە چۆرگىلەپ يۈرگەن ئىلاھىي روھنىڭ خرىستىئان دۇنياسىغا ھەدىيە قىلغان كىچىككىنە سوۋغىسى بولسا كېرەك.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ساپ روھىي ماھىيىتىنى قايتا ئويغىتىش، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر بۆشىكىدە ۋۇجۇدى ۋە روھىي دۇنياسى قامال قىلىنغان ئىنسانلارغا يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت مەنزىرىسىنى يارىتىپ بېرىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە توماس مورنىڭ «ئوتوپىيە»، توماس كانپانىلانىڭ «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭ ھەم مۇئەييەن ئىدىيىۋى سىستېما يارىتالىغانلار — خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ غايىۋى توتېم نۇقتىئىنەزەرلىرىدۇر. خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى سېنسىمون، فۇرىي ۋە ئوۋېنلار ئىدى.

سېنسىمون ئۆز تەلىماتلىرىدا «ھەممە ئادەم ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان»، «ھەممە ئادەم باب‌باراۋەر ياشايدىغان» بىر غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇ: «ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋە كەلگۈسىدە يۈز بەرمەكچى بولغان بارلىق نەرسىلەر بىر پروگرېسسىيىگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ پروگرېسسىيىنىڭ ئالدى ئۆتمۈش، كەينى كەلگۈسىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتتى. سېنسىمون 1825 - يىلى يازغان «يېڭى خرىستىئانىزم» ناملىق ئەسىرىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، كىشىلەر ئارىسىدا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەشەب-

---

[1] «سېنسىمون ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، سودا نەشرىياتى، 1962 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 90 - بەت.

بۇس قىلدى. ئۇ: «خۇدا شۇنداق دېگەن: ‹ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك›. بۇ ئەڭ ئالىي پرىنسىپ خرىستىئان دىنىنىڭ ئىلاھىي قىسمىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزى تەشەببۇس قىلغان يېڭى خرىستىئانىزم تەلىماتىدا: «بارلىق ئەخلاقنىڭ ھەممىسى ‹ئادەملەر بىر - بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك› دېگەن پرىنسىپتىن كېلىدۇ. دەسلەپكى خرىستىئان دىنىدىكى مۇشۇ پرىنسىپنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى مۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتكۈل دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مەقسىتى قىلىش كېرەك»② دەپ تەكىتلىدى.

سېنسىمۇننىڭ بۇ خىل تەشەببۇسلىرى قەدىمكى توتېم ئېتىقادىدىكى ئۇرۇق ئىچىدىكى كىشىلەرگە بەرگەن روھىي تەسىرلىرى بىلەن مۇئەييەن جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتەتتى. چۈنكى سېنسىمۇن پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن گويا قەدىمكى توتېم قانداشلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىدىغان» بىر غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاھالىلەرنى «بىر ئىتتىپاقلاشقان، دوستانە كوللېكتىپقا ئۇيۇشۇشقا ئۈندىدى. بۇ كوللېكتىپنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ئورتاق، ئىدىيىسى بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ھەممە جەھەتتە بىز ئالىقاچان ھېس قىلغان ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى ھەمدە ئومومىيۈزلۈك، پىلانلىق رەۋىشتە يەر شارىمىزنى گۈللەندۈرەتتى».③

يەنە بىر فرانسىيىلىك مەشھۇر خىيالىي سوتسىيالىزمچى فۇرىي ئىدى. ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىدا، ئازاب قايىنىمىدا ئىنگراۋاتقان ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە

① ② «سېنسىمۇن ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 2 - توم، 225 -، 231 - بەت.
③ Л. А جۇئانىنسان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «فۇرىينىڭ تەرجىمىھالى»، سودا نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 - بەت.

ئىنسان تەبىئىتىنى ئويغىتىش ئارقىلىق ھەمكارلاشقان بىر جەمـ
ئىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. فۇرىي
ئۆز تەلىماتلىرىدا: «ئىنسان تەبىئىتى ئىنسانىيەتكە تۇغۇن ئاۋازدا
پىچىرلىماقتا. . . ئۇ ئىنسانىيەتكە، گەرچە ئۇلار بەختكە قانداق
ئېرىشىش يولىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پىشانىسىگە پۈـ
تۈلگەن بەختنىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ
بەرمەكتە. ئۇ يەنە مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى
ئارىسىدىن بىر گۈزەل بايقاشنىڭ تۇيۇقسىزلا يېتىپ كېلىدىغانلىـ
قىدىن دېرەك بەرمەكتە. . . »[1] دەپ يازدى، شۇنداقلا «ھەر بىر
ئادەمنىڭ ئۆز بەختىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە بىرـ
لەشتۈرۈشىنى، چەكسىز مېھرىبان ۋە ئاقكۆڭۈل بولۇشىنى»[2]
تەرغىپ قىلدى.

ئەنگلىيىلىك ئوۋېنمۇ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار تەلىماتىـ
نى تۇرغۇزۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ تەشەببۇس قىلغان
كەلگۈسىدىكى غايىۋى جەمئىيەتتە «ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق»
ئاساسىدىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلاتتى.

ئوۋېننىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىكى پۈتكۈل تاـ
رىخى ئىنسانىيەت ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىنىڭ قالايمىقانلاشتۇـ
رۇلغان تارىخى ئىدى. شۇڭا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ غايىـ
ۋىي چېگرىسى دەل ئەقلىيلىك يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلـ
غان بىر دەۋردە، يەنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا
«يېڭى ئەخلاقىي دۇنيا» ئايان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا تەبىـ
ئەت بىلەن ئىلاھنىڭ قانۇنىيىتى مەڭگۈلۈك غەلىبىگە ئېرىشەتـ
تى. بۇ يېڭى دۇنيادا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى چۈشىـ
نىش، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىك
ئۆلچەملىرىنى ئاساس قىلاتتى.[3]

---

① ② «فۇرىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، سودا نەشرىياتى، 1959 ـ يىل، 1 ـ توم.
③ «ئوۋېن ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، سودا نەشرىياتى، 1965 ـ يىل، 2 ـ توم.

دېمەك، سېنسىمون تەشەببۇس قىلغان «ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان»، «ئۆز ئارا دوستانە يوسۇندا ھەمكارلىشىدىغان» غايىۋى جەمئىيەت تەشەببۇسى، فۇ- رىيىنىڭ ساپ ئىنسان تەبىئىتىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان خىيالىي جەمئىيەت قاراشلىرى ۋە ئوۋېننىڭ يۈكسەك ئەقلىيلىك نۇقتىسىدىكى «مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، مۇھەببەت» نى ئۆلچەم قىلغان غايىۋى جەمئىيەت تەرغىباتلىرى، تۈپ مەنىسىدىن ئېيت- قاندا، قەدىمكى توتېم جەمئىيىتىنى ئۈرنەك قىلغان يېڭىچە كى- شىلىك مۇناسىۋەت غايىلىرىدۇر.

بىز ئۇلارنىڭ غايىۋى جەمئىيەت تەشەببۇسلىرى ئارىسىغا ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە توتېم ئېتىقادى تەرىپىدىن مۆھۈر قىلىپ بېسىلغان روھىي ماھىيىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس يوشۇرۇن ئېتىقادى ئىز سالغانلىقىنى، ئۇلار پەرەز قىلىۋاتقان كەلگۈسى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى توتېم ئورۇقداشلىقى ياكى توتېم گۇرۇھى ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي تۈزۈلمىنىڭ يېڭىچە ئىسلاھاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە خىيالىي سوتسى- يالىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىملارغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لې- كىن بۇ مەڭگۈ بىر خىيال ياكى فانتازىيە ئىدى، خالاس.

2. سارترې ۋە ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك توتېم نۇقتىئىينە- زىرى

ژان - پائۇل سارترې (paul sartre, 1905—1980) فراند- سىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋە پەيلاسوپى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتى ئىچىدە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئاساسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك تەلىماتى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سارترېنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى ياۋروپانىڭ بىر دەۋر ياشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، روھىنى ئىزدەۋات- قان ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن نۇرلۇق ماياك كۆرسىتىپ

بەرگەن. شۋېتسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى سارترىنىڭ ئى-جادىيىتىگە چوڭقۇر ۋە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا 1964 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى بېرىشنى قارار قىلغان. لېكىن سارترى مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى «ئەزەلدىن ھۆكۈمەت تەرەپتىن كەلگەن ھەر قانداق شان - شەرەپنى رەت قىلىمەن» دەپ كەسكىن رەت قىلغان ۋە بىر سەنئەتكارنىڭ چەكسىز شان - شەرەپ ۋە نام - ئابرۇي ئالدىدىكى تەۋرەنمەس كىشىلىك پەزىلى-تىنى نامايان قىلغان.

سارترىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك تەلىماتى بىر مۇرەككەپ جەر-يانىنى باشتىن كۆچۈردى. 1939 - يىلى، يەنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، سارترى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىنسانپەر-ۋەرلىكنى بىرخىل «جۆيلۈش» دەپ ئاتىغانىدى. 40 - يىللاردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە كەسكىن بۇرۇلۇش بولدى. ئۇ مەۋ-جۇدىيەتچىلىكنىڭ بىرخىل ئىنسانپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېتى-راپ قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بولسا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا توتېم شەكلىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى «ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مەقسىتى» قىلدى ھەمدە ئۇنى بىر «ھەقىقەت» دەپ ئاتىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، سارترى ياشىغان دەۋر، دەل يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، غايىۋىيلىك بى-لەن رومانتىكلىق ئۆچكەن، ئادەم كۇنسېرى ياتلىشىشقا قاراپ ماڭغان، ھېسسىيات ئەقىل تورى ئىچىگە قامالغان، قورقۇنچ، خەۋپ، تەھدىت، تۇيغۇسى كۆچەيگەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئېلېكتر دەۋرى ئىدى. شۇڭا سارترى ماشىنىلاشقان دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن روھىي گادايلىقىنى، ئەقلىيە-لىك كۆچەيگەن جەمئىيەتنىڭ ئادەمگە بېغىشلىغان قورقۇنچلۇق تەنھالىقىنى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىشنىڭ ئاچچىق ئازابىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. نەتىجىدە ئۇ «ئادەم

ئۆزىنى قايتا بايقىشى ۋە تېپىۋېلىشى كېرەك» ، «ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئازاد قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالاھىدە غايىۋى ئىقتىدارغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ»① دېگەن قاراشقا كەلدى.

سارترې ئۆز قاراشلىرىدا، توتېم شەكلىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان بىرخىل ئۆلچەملىك ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئۇقۇمى ئىنسانىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، بىرىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش دەل توتېم بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۇرۇقلاردا كۆرۈلگەن. توتېم مەلۇم مەنىدە پۈتكۈل ئورۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىدۇر. ئۇ پۈت-كۈل ئۇرۇق كوللېكتىپى ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە بىر-خىل چوڭقۇر رېئاللىقنى ئاتا قىلغان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئۇ-رۇق ئىچىدە ئۆزئارا نىكاھلىنىشنى توسقان، شۇڭا، بۇ خىل مۇناسىۋەت بىرخىل قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت بولۇپ، كەڭ مە-نىدىن ئېيتقاندا ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقلىقى-دۇر. بۇ دەل بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولغان نەرسىمىزدۇر.»②

سارترې يەنە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى جەھەت-تىن تېخىچە مۇكەممەللىك پەللىسىگە يەتمىگەنلىكىنى، خۇددى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردەك «يەنىلا شەكىللىنىش ئىچىدە» تۇرغان-لىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ: «بىر مەۋجۇدىيەتچى مەڭگۈ ئادەمنى مەقسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئادەم يەنىلا شەكىللىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ»③ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سارترې

---

① سارترې (فرانسىيە) : «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىرخىل ئىنسانپەرۋەرلىك» ، شاڭخەي تەر-جىمە نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 30 - بەت.
② سارترې: «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك» ، 69 - بەت.
③ سارترې: «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك» ، 30 - بەت.

كوللېكتىپ كۈچىنىڭ زۆرۈرلىكىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ ھەمدە «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى يارىتىش مۇمكىنچىلىكى»نى[1] تەشەببۇس قىلىدۇ.

سارترې ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى بارغانسېرى توتېم ئېڭى بىلەن سۇغۇردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە جەمئىيەت، سىياسىغا قارىغاندا تېخىمۇ نېگىزلىك، تېخىمۇ نۇقتىلىق بولغان كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلىيالايدىغان ئىجتىمائىي بىرلىك ئىدى. شۇڭا، بۇ بىرلىك ئىچىدە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بىرخىل ئىجتىمائىي ساپ مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش زۆرۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئىدى. سارترې ئۆز ئەسەرلىرىدە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئۇرۇق ئىچىدە بىز ھەممىمىز خۇددى بىر ئايالدىن تۇغۇلغان بالىلاردەك ئۆزئارا قېرىنداشمىز. بۇ ئاتالمىش ئايال بولسا توتېمنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن تۆرەلگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا قېرىنداش. ئۇ ئايال شۇنداق بىر ئۇلۇغۋار ئايالكى، ئۇنىڭ بالا تۆرەلدۈرەلەيدىغان بالىياتقۇسى، ئاق سۈت بېرەلەيدىغان قوش ئەمچىكى ۋە بالا ھاپاش قىلالايدىغان دۈمبىسى بار. ئېھتىمال، بۇ ئانا توتېم قىلىنغان بىر قۇش بولۇشىمۇ مۇمكىن».[2]

دېمەك، سارترې ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى توتېم شەكلىدىكى قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى شەكىل دەپ قارىغان ھەمدە جەمئىيەت، تەبىئەت تەرىپىدىن كۈنسېرى ياتلىشىۋاتقان، ماشىنا زاپچاسلىرىدەك مېخانىكىلاشقان دۇنيادا ئۆزىنى تەنھا، قارانچۇقسىز ۋە غېرىبانە ھېس قىلىۋاتقان ئىنسانلارنى ئور-

① يۇقىرىقى كىتاب، 29 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 68 - بەت.

تاق بىر گەۋدىگە يىغىلىشقا، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا چاقىرىق قىلغان. شۇڭا، سارتېر ئەڭ ئاخىرى توتېم شەكلىدىكى «قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت» ئۇقۇمىنى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ «باشلىنىشىمۇ ۋە كەلگۈسى مەقسىتىمۇ ئورتاق بولغان»① ئاخىرقى نىشان سۈپىتىدە ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان.

3. فرېئۇد ۋە ئۇنىڭ روھىي ئانالىز ئاساسىدىكى توتېم نۇقتىئىينەزەرى

سىگموند فرېئۇد (Sigmond Freud 1856 — 1939) ئاتاقلىق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى، پسىخولوگ ۋە روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 20 - ئەسىردىكى ئاجايىپ سىرلىق بىر شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى بىر نەزەرىيىنى — روھىي ئانالىز تەلىماتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلغان. فرېئۇدنىڭ روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. فرېئۇد پۈتكۈل ھاياتىدا روھىي ئانالىز تەلىماتىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان، لېكىن ئۇنىڭ توتېم نۇقتىئىينەزىرى 1912 - يىلى نەشر قىلىنغان «توتېم ۋە پەرھىز» ناملىق ئەسىرىدە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن.

فرېئۇدنىڭ توتېم تەلىماتى نەزەرىيىسى، ئادەمنىڭ پسىخىك جەريانىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ قۇرۇلمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇ 1897 - يىلى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى «ئودىپۇس سۇژىتى»نى بايقىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل توتېم تەلىماتىنى مۇشۇ ئاتالغۇغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. يۇنان ئەپسانىلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، تىبەي شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئايالى ھامىلدار

① سارتېر: «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك»، 71 - بەت.

بولۇپ قالغاندا، ئۇلارغا بىر ۋەھىي كەپتۇ. ھەمدە تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ چوڭ بولغاندا ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى ئەمرىگە ئالىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپتۇ. بۇنى ئۇققان تىبەي پادىشاھى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈمۈپتۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بالىنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى بولۇپتۇ ھەمدە بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا بىر مۇلازىمنى تەيىنلەپتۇ. مۇلازىم بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى دەريا بويىغا قويۇپ قويۇپتۇ. كېيىن بىر چارۋىچى بۇ بالىنى بېقىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئودىپۇس دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئودىپۇس چوڭ بولۇپ يىگىتلىك قورامىغا يەتكەندە، ئۆز ئۆتمۈشىدىن خەۋەر تېپىپ، تىبەي شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا تاسادىپىي بىر بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ بوۋاي ئەسلىدە ئىلاھلارغا تاۋاپ قىلغىلى كېتىۋاتقان تىبەي پادىشاھى — يەنى ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەن. ئودىپۇس كېيىن تىبەي شەھىرىگە ۋەھىمە سېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇق سفىنكسنى ئۆلتۈرۈپتۇ. تىبەي خەلقى خۇشاللىقىدا ئودىپۇسنى پادىشاھ قىپتۇ ۋە بۇرۇنقى ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھنىڭ خانىشىنى — يەنى ئۆز ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بالىلىق بوپتۇ. كېيىن، ئودىپۇس بۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئىككى قولىنى ئىككى كۆزىگە تىقىپ قارىغۇ قىلىۋېتىپتۇ ۋە سىرتلاردا سەرسان - سەرگەردانلىق ئىچىدە ياشاپتۇ. . .

فرېئۇد يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى «ئودىپۇس سۇژېتى» دىن چەكسىز ئىلھام ئالدى ۋە ئۇنى توتېم نەزەرىيىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: «ئوغۇل بالىنىڭ ئاتىسىغا، قىز بالىنىڭ ئانىسىغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى، بوۋاقلىق مەزگىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا بىخ سۈرگەن، بۇ خىل مۇھەببەت رىقابىتىگە روشەن جىنسىي پۇراق ياندىشقان، ئوغۇل بالىلار كىچىك چېغىدىلا ئانىسىغا نىسبەتەن بىرخىل ئالاھىدە يېقىنچىلىق ھېسسىياتىدا بولىدۇ. ھەمدە ئانى-

سىنى ئۆزىنىڭ بارلىقى دەپ ھېسابلايدۇ. ئاتىسىنى بولسا ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىستىكىنى تارتىۋالغان دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ خىل باللارچە يوشۇرۇن ھېسسىيات قەدىمكى «ئودىپۇس سۇژىتى»غا بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى ئودىپۇس ئەپسانىسىدىكى باللارنىڭ ئىككى خىل ئىستىكى يەنى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىش ئىستىكى، كېيىنكى باللار پسىخىكىسىدا ئازراق ئۆزگەرگەن شەكىلدىلا ساقلاندى، خالاس».[1] فرېئۇد يەنە روھىي ئانالىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ: «شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى، بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇنجى جىنسىي پائالىيىتىمىزنىڭ ئوبيېكتى ئانىمىز، تۇنجى نەپرەتلەنگەن زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئوبيېكتى ئاتىمىز بولۇشى مۇمكىن»[2] دەپ قارايدۇ. فرېئۇد مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە توتېمنى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ئودىپۇس سۇژىتىنىڭ ئەسلى تىپى شۇنداقلا ئاتا ئوبرازىنىڭمۇ ئەسلى تىپى دەپ قارايدۇ.

فرېئۇد: «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق دىنىي تۈزۈم — توتېم تۈزۈمىدۇر»[3] دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «توتېم قارىشىدا گەۋدىلەنگەن توتېم ھايۋاننىڭ بىر خىل ئاتا ئورنىدىكى ئوبراز ئىكەنلىكى»نى[4] تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل توتېم نەزەرىيىسىنىڭ تەپەككۇر تەرتىپى گويا بىر مەيدان چۈشكە ئوخشايدۇ: يىراق قەدىمكى زاماندا، ئىنسانلار كىچىك توپلارغا بۆلۈنۈپ ياشىغان. پىشقەدەم قەبىلە ئاقساقىلى ئۆلارغا ھۆكۈمران-

[1] فرېئۇد: «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 160 - بەت.
[2] فرېئۇد: «چۈش تەبىرى»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتى نەشرىياتى، 1986. يىل، خەنزۇچە نەشرى، 189 - بەت.
[3] فرېئۇد: «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە»، 267 - بەت.
[4] فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتى نەشرىياتى، 1986. يىل، خەنزۇچە نەشرى، 165 - بەتلەر.

لىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ، بارلىق قىز
- ئاياللارنى تەنها ئىگىلىۋالغان. ئۆز ئوغلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالغان بارلىق يىگىتلەرنى قاتتىق ئەزگەن ۋە قۇل قىلغان. شۇ-
ڭا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن
ۋە ئۇنى يېڭىپ ئۆلتۈرگەن. ئاندىن ئۇنىڭ جەسىتىنى پارە - پارە
قىلىپ هوزۇرلانغان. بۇ خىل ئاتىلىق هوقۇقى تۈزۈمىدىكى ئىپ-
تىدائىي توپلار كېيىنچە توتېم تۈزۈمىدىكى قېرىنداش قەبىلىلەر-
گە ئورۇن بەرگەن. توتېم تۈزۈمى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن
كىشىلەر ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاهلىنىدىغان بولغان. ئوغۇللار-
نىڭ ئاتىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى مۇهەب-
بەت بىلەن نەپرىتى ئارىلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك كەيپىياتى،
تەبىئىي هالدا ئاتا ئوبرازى ئورنىدىكى توتېم هايۋاننى مەيدانغا
كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن توتېم هايۋان ئۇلارنىڭ هەم ئەجدادى،
هەم قوغدىغۇچى ئىلاهىغا ئايلانغان. . .

فرېئۇدنىڭ قارىشىچە بالىلار بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
هايۋانلارغا بولغان پوزىتسىيىسىدە نۇرغۇن ئورتاق تەرەپلەر بار
ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بالىلارنىڭ قورقۇش تۇيغۇسى ئىچىدىن ئىپتى-
دائىي ئىنسانلار توتېم قارىشىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشنى تەشەب-
بۇس قىلغان. كۆپلىگەن بالىلار ئات، ئىت، مۈشۈك ۋە توخۇ
قاتارلىق هايۋانلاردىن قورقىدۇ. بۇ خىل قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ
ئىچىدە ئاتا ئوبرازى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پسىخىك سەۋەب
بارمۇ - يوق؟ فرېئۇد بۇنى S. فرۇنج دوختۇر تەمىنلىگەن ئىككى
يېرىم ياشلىق ئالبېرتنىڭ تىپىك كېسەل تارىخىدىن ئىسپاتلاشقا
ئۇرۇنىدۇ هەمدە كىچىك بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن «كىچىك بالىلار
دۇنياسىدىكى توتېم ئېڭىنىڭ مەۋجۇدلۇقى»نى بايقىغىلى بولىدۇ
دەپ قارايدۇ.

كىچىك ئالبېرت ئىككى يېرىم ياش ۋاقتىدا، توخۇ كاتىكىدە
تەرەت قىلىۋاتقاندا، بىر توخۇ ئۇنىڭ كاكىسىنى چوقۇۋالىدۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ مۇشۇ جايغا قايتا كېلىپ، ئۆزىنى توخۇ قىياپىتىدە ھېس قىلىدۇ ۋە توخۇنىڭ چىلىلىشىنى دورايدۇ. ئۇ بەش ياشقا كىرىپ گەپ قىلالايدىغان بولغاندا، ئۇنىڭ گەپ قىلىش قىزغىنلىقى پەقەت توخۇ ۋە باشقا ئائىلە ھايۋانلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇ ئۆي قۇشلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئويۇنچۇقلارغا ناھايىتى قىزىققان. ئۇ ھەتتا ئۆي قۇشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن. ئۇ بىرەر ئۆي قۇشىنى ئۆلتۈرگەندە، دەسلەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ سەكرەپ - تۇۋلاپ كېتىدىكەن، لېكىن بىر ھازادىن كېيىن قۇشنىڭ جەسىدىنى سىلاپ، سۆيۈپ مىسكىن قىياپەتكە كىرىپ قالىدىكەن. فرېئۇد، S. فرونچ دوختۇر تەمىنلىگەن ئالبېرتنىڭ كېسەل تارىخىدىن توتېم قالدۇقلىرىغا باغلىنىشلىق گېنلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئالبېرت دائىم: «مېنىڭ ئاتام بىر خوراز» دەيدىكەن. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم تۇيۇقسىزلا قوشنا ئۆيدىكى بىر خانىمغا: «مەن سىز ۋە سىزنىڭ سىڭلىڭىز، ئۆزۈمنىڭ ئۈچ قېرىندىشىم ۋە ئاشپەز ئايال بىلەن توي قىلىمەن. ياق. . . ئاشپەز ئەمەس، مەن ئۇنى ئانام بىلەن ئالماشتۇرىمەن. . .» دېگەن.

دېمەك، كىچىك ئالبېرتنىڭ ئاڭسىز يوسۇندىكى بالىلىق پائالىيىتى فرېئۇدنىڭ توتېم نۇقتىئىنەزىرىگە مۇھىم دەستەك بولغان. ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ ھايۋانلاردىن قورقۇش پسىخىكىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېمغا بولغان ئىككى خىل زىددىيەتلىك ھېسسىياتىنى تامامەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ «ئودىپوس سۇژىتى» نى توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈلگە دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: «روھىي ئانالىز تەتقىقاتى توتېم ھايۋاننىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئاتا ئورنىدىكى ئوبراز ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بايقىغان. چۈنكى ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. گەرچە توتېمنى ئۆلتۈ-

روش چەكلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا ئۇ بىر خىل مۇراسىمغا ئايلانغان. يەنى ئالدى بىلەن توتېم هايۋاننى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن ئازاب ئىچىدە ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگەن. بۇ خىل زىددىيەتلىك هېسسىيات، كىچىك بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئاتىسىغا ئۆچمەنلىك ساقلاش تۇيغۇسىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز توتېمنى بىرخىل ئاتا ئورنىدىكى ئوبرازنىڭ سىمۋولى دەپ قارايمىز»①.

فرېئۇد، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى توتېم ئېتىقادى پائالىيىتى، توتېم مۇراسىمىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان «توتېم تامىقى» دا ئىپادىلىنىدۇ دەپ قارىغان. چۈنكى ئىپتىدائىي كىشىلەر ئاتا سەلتەنەتىدىن قاتتىق ئەيمەنگەن ۋە قورققان. ئۇلار ئاتا ئوبرازى ئورنىدىكى توتېم هايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى يېگەندىن كېيىن، روهىي دۇنياسىدا بىرخىل تۈگۈن پەيدا بولغان ۋە ئۆز ئاتىسىغا قىلغان «گۇناهلىق» قىلمىشىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن. بۇ خىل ئۆكۈنۈش ئۆلگەندىن كېيىنكى ئاتا ئوبرازىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ هەيۋەتلىك، ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۇلۇغۋار قىلىپ قويغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار مانا مۇشۇ خىل «گۇناه» تۇيغۇسىنىڭ قىستىشى ئاستىدا، توتېم هايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن پەرهىز تۇتقان ھەمدە بۇ خىل پەرهىز (taboo) ئارقىلىق ئۆزىدىكى «گۇناه» تۇيغۇسىنى تۈگىتىپ، توتېم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ۋە توتېمنىڭ شەپقىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان. توتېم پەرهىزىدىن ئىبارەت پىسخىك ئامىل نەتىجىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى دىنىي ئېڭى بىخ سۈرگەن. خۇددى فرېئۇد ئېيتقاندەك: «توتېم ئەقىدىسى بالىلارنىڭ گۇناه تۇيغۇسىنى ئۆزگىچە مەنبە قىلغان. ئۇلار مۇشۇ خىل روهىي هالەتنى يېنىكلىتىش

① فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرهىز»، 175 - بەت.

ئۇچۇن، ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاتىسىنىڭ ئۆزلىرىنى كەچۇرۇشىنى ئۆتۈنگەن. . . توتېم ئەقىدىسى بالىلار-نىڭ ئۆكۈنۈش ۋە كەچۇرۇم سوراش پسىخىكىسىنى نامايەن قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشتەك بىرخىل يوشۇرۇن روھىي ھالىتىنىمۇ ئىپادە قىلغان»①.

فرېئۇد، توتېم تۈزۈمى ئىچىدىن، دىن، جەمئىيەت ۋە ئەخ-لاقنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپلا قالماستىن، يەنە ئىپتىدائىي تراگې-دىيە ئېڭىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنىمۇ ئۇنىڭغا باغلىغان. ئۇ ئودې-پۇس سۆزىتىدىكى ئىككى خىل گۇناھ تۇيغۇسى② (ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىش) دىن ئىبارەت بۇ توقۇنۇش خاراكتېرلىق پسىخىك قۇرۇلمىدىن ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادىغا جاۋاب ئىزدىگەن.

4 . لېۋى ستراۇس ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىشۇناسلىق توتېم قارىشى

لېۋى ستراۇس (Levi — Strauss) فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى مەشھۇر ئالىمى شۇنداقلا قۇرۇلمىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تەتقىقاتى قۇرۇلما ئانالىزىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قۇرۇلمىزم (Srtucturalism) نى ئىنسان-شۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئەپسانىشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق (مۇھىمى توتېمىزم) ساھەلىرىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۆز ئالدىغا بىر ئىلمىي سىستېما ياراتقان.

لېۋى ستراۇسنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى ئوخ-شاش بولمىغان مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىۋى مۇ-ھىتتا تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتلەردىن ناھايىتى زور پەرقلەرنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئومۇمىي ئىنسانلىق نۇق-تىسىدىن بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارنى ياراتقان، ئادەم تەبىئەتنىڭ

① ② فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»، 180 ـ ، 165 ـ بەتلەر.

بىر قىسمى، شۇنداق بولغاچقا ئادەمنىڭ روھىي تەسەۋۋۇرى ياراتقان مەنىۋى مىراسلىرى بىلەن جىسمانى كۈچى ياراتقان ماددىي بايلىقلىرى قاتمۇ - قات بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن ھەم بىر - بىرىگە چىپسىلىشالايدىغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. . .

لېۋى سترائۇس توتېم ھادىسىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن توتېم تۈزۈمىنى پۈتكۈل قۇرۇلمىشۇناسلىق ئۇسۇلىنىڭ سىستېمىسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ توتېم تۈزۈمىنى خۇددى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش قاتمۇ - قات بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلما سىستېمىسىغا ئىگە، ئۇ مۇشۇ تەرىپى بىلەن خۇددى بىر تىل قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدۇ دەپ قارىدى ھەمدە ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىكى بىرخىل ئىپتىدائىي ھالقا دەپ ھېسابلىدى. لېۋى سترائۇسنىڭ پۈتكۈل توتېم نۇقتىئىينەزىرى ئۇنىڭ 1962 - يىلى ئېلان قىلغان «بۈگۈنكى توتېم» ۋە «ياۋايىلار تەپەككۇرى» دىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئەسىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەندى.

لېۋى سترائۇس ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ توتېمغا بولغان تونۇشىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشقا ئاشقانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا، ئۇ: «بۇ خىل بىلىمگە بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياج، بىز دەۋاتقان ‹ئىپتىدائىي› كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدا ئەڭ ئاسان سەل قارىلىپ قالىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى»① دەپ كۆرسەتتى.

لېۋى سترائۇس توتېم شەكلىدىكى ئىپتىدائىي تەپەككۇر بىلەن ئىلمىي تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدا دەۋرىيلىك مۇناسىۋەت يوق، ئۇلار بىر - بىرىگە تۇتىشىدىغان ئۈزۈلمەس پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلالمايدۇ دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ

① دوكتور لېۋى سترائۇس (فرانسىيە): «ياۋايىلار تەپەككۇرى»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

ئەسلى تىپى ۋە ئىپتىدائىي باسقۇچى ئەمەس، كېيىنكىسىمۇ ئالدىنقىسىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر ئەقلىي تەكشىلىكتە ئۆزئارا مەۋجۇت بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەپسانىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە، ئىپتىدائىي تەپەككۇر بىلەن ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ روھىي پائالىيىتى «مەڭگۇ ئوخشاش بىر ئوبيېكت ئۈستىگە ياندىشىدۇ». ئەگەردە ئۇلاردا پەرق بار دېيىلسە، بۇ پەرق «تەپەككۇر جەريانىنىڭ ماھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىدە» مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى «ئوخشاش لوگىكىلىق جەرياندا مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئوخشاش تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»[①] دەپ كۆرسەتتى.

لېۋى ستراۇس توتېمنى ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە ھېسسىي دۇنياسىدا «تەپەككۇر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھېس قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە»[②] دەپ قارىدى. ئۇ يەنە توتېم تەپەككۇرىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرىنىڭ «ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكلى» دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىشۇناسلىق توتېم قارىشىنىڭ ئىچكى رادىئاكتىپلىق نېگىزى دەل توتېمنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىپتىدائىي كىشىلەرگە نىسبەتەن «بارلىق مۇقەددەس شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنى ۋە جايلىشىشى بولىدۇ». توتېم شەكلىدىكى ئىپتىدائىي تەپەككۇر بىرخىل تەرتىپنىڭ تەلىپىنى ئۆزىگە ئۇل قىلغان دەپ ھېسابلىدى.

لېۋى ستراۇسنىڭ قۇرۇلمىشۇناسلىقنى مەركەز قىلغان تو-

---

① لېۋى ستراۇس: «قۇرۇلما ئىنسانشۇناسلىق»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 69 - بەت.
② لېۋى ستراۇس: «ياۋايىلار تەپەككۇرى»، 20 -، 21 - بەتلەر.

تېم نۇقتىئىينەزىرى، توتېم ناملىرى بىلەن توتېمنىڭ تۈرگە بۆلۈنىشىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئاملىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېم شەكلىدىكى باشلانغۇچ تەپەككۇرىنى هازىرقى ئىلمىي تەپەككۇر بىلەن ئوخشاش بىر تەكشىلىككە ئىگە دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، لېۋى سترائۇسنىڭ قۇرۇلمىشۇناسلىق توتېم قاراشلىرى نىسبەتەن مۇرەككەپ ۋە ئابستراكت بولۇپ، بىزنىڭ توتېم هادىسىسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە.

## 2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە توتېم ئېڭىنىڭ قايتا ئويغىنىشى

«ئۇرۇقىدا بولسا توپىسىدا تېتىيدۇ» . . . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قىممەتلىك ماقالى بىزنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە توتېم ئېڭىنىڭ قايتا ئويغىنىشىنى چۈشىنىشىمىزدىكى قىممەتلىك سۆپەت سۆزىدۇر. قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولى ئاخىرلىشىپ، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بارا - بارا دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىدىن مەھرۇم قالدى. نەتىجىدە، 15 - ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى تۇرغۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك ۋە ئارقىغا چېكىنىش هالىتىگە كىرىپ قالدى. «بۇنداق بىر ئىزىدا توختاپ قالغان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان دەۋر تۈگەپ، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا دەۋرىدىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى» .① چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى

① خانىدا تورو (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 190 - بەت.

ئۇزۇن مۇددەت سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغاندى. خۇددى ياپونىيە ئالىمى خانىدا تورو ئېيتقاندەك: «مەلۇم بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە چۈشكۈنلىشىشى كۆپ ھاللاردا، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقان - ئۇچراشمىغانلىقىغا باغلىق». [1] ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولدمۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كەلگۈسى، باشقا ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئوخشاشلا ناھايىتى زور دەرىجىدە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» [2] دەپ كۆرسىتىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. دۇنياۋى خاراكتېرلىك يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇچقۇر قەدىمى جاھالەت بۆشۈكىدە ئۇخلاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاخىرقى ھېسابتا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چارروسىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىشى، تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە مۇستاپا كامالنىڭ كەسكىن ئىسلاھاتى، جەدىدىزم ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي - سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنى، ئۆتمۈشىنى ۋە كەلگۈسىنى قايتا ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئۇنتۇلغىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغان، ئوبرازى كۆپ دەرىجىدە خۇنۇكلىشىپ كەتكەن، ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر ئىلگىرى كۆرگەن غۇۋا بىر چۈشكە ئوخشايدىغان ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايەن بولدى. بۇ مەنزىرە — دەل ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى، ئەجدادى، يىلتىزى ۋە تونېمى ئىدى. . . ناھايىتى ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز

① خانىدا تورو: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 188 - بەت
② بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 254 - بەت.

كېلەچەكى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولغان ھامان، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشى نامايەن بولىدۇ. شۇڭا، جاھالەت بۆشۈكىدە يەتكىچە تەۋرىنىپ، بىكىك كۆلىبىدە بولۇشچە ئۇگدىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىپ، ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغاندا، يىراقتىكى ئۇپۇق چەمبىرىكى ئىچىدىن بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۆك بۆرىنىڭ غۇۋا سىماسىنى كۆردى.

1. جەدىتىزم ۋە توتېم ئىڭى

جەدىتىزم 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى پىكىر ئېقىمى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «تۈرلۈك - تۈمەن سوتسىيال ( ئىجتىمائىي ) تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىسىغا ئايرىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈشكە ئىنتىلگەن»① ، ئىسلاھاتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە يېڭىلاش ھەرىكىتىدۇر. جەدىتىزم دەسلەپتە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئويغىنىش تەسىرلىرى بىلەن باشلانغان، رۇسىيىنىڭ 1905 - يىلىدىكى ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇخارا، خىۋە خانلىقلىرى ۋە شىنجاڭ تەۋەسىگە قەدەر كەڭرى تارقالغان بىرخىل يېڭىلاش ھەرىكىتى.② جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر ۋەكىلى تاتار مىللىتىدىن چىققان مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى بولۇپ، ئۇ ئىسلاھات ۋە يېڭىلاشنى ھەممىدىن بۇرۇن تىل ۋە يېزىقتىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى تىل، ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتە بىرلىككە كېلىشكە چاقىرغان. جەدىتىزم ناھايىتى چوڭ پىكىر ئېقىمى سۈپە-

① «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، موسكۋا «رۇس تىلى» نەشرىياتى، 1981- يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 1 - توم، 270 - بەت.

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 10 - توم، ئىستانبۇل، 1979 - يىل، تۈركچە نەشرى، 93 - بەت.

ىتىدە، دىن، تارىخ، تىل - يېزىق، ئەخلاق ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويغان، نەتىجىدە، قازان ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدىن تارىم ۋادىلىرىغىچە بولغان ئۇزاق ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق قېرىنداش، تەقدىر- داش خەلقلەرنىڭ جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشى، ئۆلۈك ۋە قېتىپ قالغان دىنىي ئادەتلەرنى قايتا ئىسلاھ قىلىشى، بۇرۇقتۇم ھالەتتىكى روھىي دۇنياسىنى تاڭ نۇرى بىلەن يۇيۇشى ئۈچۈن غايەت زور رول ئوينىغان. جەدىتىزم ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر تىل - يېزىق گەۋدىسىگە ئۇيۇشىشىنى تەشەب- بۇس قىلغان. ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر بىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلىگەن، ئۇلار قازاندا نەشر قىلغان «شۇرا» ، «تىل يارىش» ، «تەرجۇمەن» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان تىل - يېزىقتا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

يەنە بىر تەرەپتىن جەدىتىزم تەرەپدارلىرى كەسكىن ھالدا قاتمال دىنىي قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىپ، دىن بىلەن پەننى بىر- لەشتۈرۈشنى، يېڭىچە مائارىپ ۋە پەننى مەكتەپنى يولغا قويۇپ، مەرىپەت جەھەتتىن ئويغىنىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلار دىن بىلەن پەننىي بىرلەشتۈرۈش، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىس- لام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت ئەمەس؛ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، خەلق ئېڭىنى ئاسارەتتە قويىدىغان ھەر- قانداق ئادەت ۋە قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلى- دى. جەدىتىزمنىڭ شىنجاڭدىكى مەشھۇر ۋەكىلى ئابدۇقادىر دا- موللام (1862 —1924) «ئاقائىت زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«— ئىنساننىڭ خار ھەم زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت، ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

— ئىلىم - مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ». ①

ئۇنىڭدىن باشقا، جەدىتىزم ئېقىمى نۇقتىلىق ھالدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، ئۇزاق ئۆتمۈشىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، غورۇرىنى كۆچەيتىش ۋە روھىي دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك داغلىرىنى يۇيۇشنى تۈپ مەقسەت قىلدى. نەتىجىدە «شۇرا» ژۇرنىلىدا تۈركىي قوۋملار تارىخىغا ئائىت مۇھىم ئەسەرلەر بېسىلىپ زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزم مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەشەببۇسلىرىنىڭ ۋە مۇستاپا كامالىزمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، 1930 - يىللاردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى (1901 — 1937) 1930 - يىللاردا ئىجاد قىلغان «باھار كەلدى»، «ۋەتىنىمىز باغچىسى» قاتارلىق مەكتەپ ناخشىلىرىدا يىلتىز — مەنبە ئېڭى بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

گۈل - چېچەكتىن باش كۆتۈردى ئوغۇزخان،
بىزنى ئالغا ئۈندىمەكتە ئۇ ھامان. . .

* * *

ۋەتىنىمىز باغچاسى مېۋىسى تاتلىق،
مىللىتىمىز باباسى ئوغۇزخان ئاتلىق.

دېمەك جەدىتىزم ھەرىكىتى بىر ئىلغار پىكىر ئېقىمى بو-

---

① ئابدۇقادىر داموللام: «ئاقائىت زۆرۈرىيە» — «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1988 - يىل، نەشرى، 4 - توم، 66 - بەت.

لۇش سوۋېتى بىلەن هازىرقى زامان تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇ تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەردە توتېم ئېتىقادى ئۇنتۇلۇپ، ئۇزاق دەۋرلەر
ئۆتكەندىن كېيىن، تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇلارغا ئۆز تارىخىنى،
مەدەنىيىتىنى، يىلتىزى (مەنبەسى) نى قايتا بايقاش، ئۆز - ئۆزى-
نى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنى قايتا تېپىۋېلىش پۇرسىتى بەردى. گەرچە
جەدىتىزم ئېقىمى نوقۇل هالدا توتېم ئېڭىنى تەشەببۇس قىلمىسى-
مۇ، ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى تىل، مەدەنىيەت، قانداشلىق
قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئورتاقلىقلا ئاساسەن، «ئىتتىپاقلىشىش،
دوستلىشىش ۋە ئويغىنىش»[①]قا چاقىردى. بۇ تەشەببۇسلار تېگى -
تەكتىدىن ئېيتقاندا، توتېم شەكلىدىكى قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتى-
نىڭ يېڭىچە ئىپادىلىنىشى ياكى قايتا گەۋدىلىنىشى ئىدى. ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزم هەرىكىتىنىڭ مەشهۇر ۋەكىللىرىدىن
بىرى بولغان قازاق شائىرى ماغژان جۇماباي (1894- ؟) ئۆزى-
نىڭ شېئىرلىرىدا، يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەسلەپ، كۈچلۈك
توتېم قارىشىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ:

«. . . ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان، تۇراندا
ئالپ تۈرك تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇراننىڭ ئۇزاق تارىخىي هاياتى
بار. ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجايىپ كەچمىشلەر كەچكەن. تۇراننىڭ
دېڭىز كەبى كۆللىرى بار، بۇلارنىڭ بىرى چايقىلىپ تۇرغان
ئارال دېڭىزى، يەنە بىرى مۇقەددەس ئىسسىق كۆلدۇر. كۆك
بۆرى تۇغقان ئەڭ دەسلەپكى تۈرك ئوغلانى بۇ كۆلنىڭ باغرىدا
كۆز ئاچقاندۇر. . . ». [②] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، جەدىتىزم تەرەپدارلىرى ئۆز تەشەببۇسلىرىدا تارىخنى ئەسلى-
تىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان توتېم ئېتىقادىنى

① ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىهەتى ئامما» — «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 - توم، 72 - بەت.

② ئا. زەكى ۋەلىدىتوغان (تۈركىيە): «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، ئىستانبۇل، 1981 - يىل، تۈركچە نەشرى، 1 - توم، 564 -، 565 - بەتلەر.

كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئۆز بىلتىمزىنى قايتا تېپىۋېلىشقا، ئۇنىڭدىن غۇرۇر ۋە شىجائەت ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلغان. جەدىتىزىم ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، مىللىي ئېڭى ۋە باشقا ئاڭ شەكىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2 . چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىت ۋە توتېم ئېڭى

ھەممىگە مەلۇمكى، چىڭغىز ئايتماتوف (1928 ـ ؟) زامانىمىزدىكى مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە 90 خىلدىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن.

ئايتماتوفنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 60 ـ، 70 ـ يىللارنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى ئاساسەن ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ ئىتتىپاقى بولۇپ، قىرغىزلار ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سابىق سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى (1941 ـ 1945) نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى رېئال تۇرمۇشى تېما قىلىنغان.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى 70 ـ يىللاردىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، مەيلى ئۇسلۇپ، مەيلى تېما ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىتابخانلار مېنىڭ ‹جەمىلە›، ‹بىرىنچى مۇئەللىم›، ‹يەر ئانا› قاتارلىق ئەسەر-

لىرىمنى ياقتۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدنىي تۇنۇشى بويىچە، مىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىشىمنى ئۈمىد قىلىدىكەن. مەن شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىدىن ۋاز كەچمەكچى ئەمەسمەن ھەمدە «ئەلۋىدا گۈلسارى»، «ئاق پاراخوت» قاتارلىقلاردىن ئىلگىرى يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئالاھىدە مەنىسىنىمۇ ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. بىراق، مەن ئىلگىرى ئۆزۈم ئاللىقاچان يېتىپ بولغان سەۋىيىدە توختاپ قېلىشنىمۇ خالىمايمەن...»① دېمەك، ئايتماتوف ئىجادىيىتىدە، 70 - يىللاردىن كېيىن، كەسكىن بۇرۇلۇش يۈز بەرگەن. «ئاق پاراخوت» ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇرۇلۇشنىڭ تۇنجى ئىپادىسى ئىدى.

«ئاق پاراخوت» 1970 - يىلى ئېلان قىلىنغان ھەمدە كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەقىقىي ئايتماتوفنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.② چىڭغىز ئايتماتوف بۇ ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم بۈگۈنكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىدە ئىپادە قىلدى ۋە توتېم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە گەۋدىلەندۈردى.

ئەپسانىلەر گەرچە ئىپتىدائىي ئاڭ فورماتسىيىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك تەپەككۇر دۇنياسىدىن ئۈن - تىنسىز غايىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆز ئېڭىنىڭ كۆرۈنمەس يىپ بىلەن ئىپتىدائىي ئاڭغا باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتتە «ئەپسانە قىزغىنلىقى»نىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ياتلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتى ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلا-

---

① ئايتماتوف: «ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

② «20 - ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى»، خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 470 - بەت.

ملىرىدا يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان قەدىمكى خاتىرىلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئازابلىق كەيپىيات ئىچىدىن ئىنسان ماھىيىتىنى ئىپادە قىلدى.

ئايتماتوف ئەپسانىلەرنى بىرخىل ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ، شۇنداقلا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىپتىدائىي ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان ئىزنالىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپتىدائىي شەكىل، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا زۆرۈر بولغان تەركىب دەپ تونىدى. ئۇ ئەپسانىلەرنى مەقسەت ۋە شەكىل جەھەتلەردە غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرىي رېئالىزمىغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. ئايتماتوف ئەپسانىنى ئەسىرىگە سىڭدۇرۇشتە، ئەپسانە ۋە رېئاللىقنىڭ روشەن چېگرىسىنى ساقلاپ قالدى ھەم ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىنى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلى قىلىپ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى.

ئايتماتوف «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ھالدا قەدىمكى زاماندا قىرغىزلارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇغا ئانا رىۋايىتى[1] ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك سۇژېتىنى بۈگۈنكى زاماننىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ. ئەسەردىكى باش قەھرىمان — كىچىك بالىنىڭ ساپ ۋە غۇبارسىز بالىلىق ۋىجدانى بىزنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ ھەمدە بىزنى بۈگۈنكى ئەقلىيلىك زاكىسىغا ئورالغان، ئىجتىمائىيەت تورىغا باغلانغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان، ساپلىق ۋە تەبىئىيلىك يوقالغان دۇنيادا ئادەمىلىكىمىز توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئاپتور پۈتكۈل ئەسەردە ئىنسانىيەتتە چوقۇم «بالىلىق ۋىجدان» بولۇشىنى، شۇندىلا ئىنساننىڭ

---

① ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 4 - باب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 68-، 89- بەتلەر.

روھى مۇكەممەللىككە ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تە-
كىتلەيدۇ.①

«ئاق پاراخوت» نىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋىجداندۇر. بالا بۇغا
ئانىنى كۆرۈپ رىۋايەتتىكى بۇغا قوۋمىنىڭ ئەجدادىنى قۇتقۇزغان
سېھىرلىك ھايۋان يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ
قالىدۇ. بۇغا ئانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى رىۋايەتنىڭ سېھىرلىك ئەي-
نىكىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئېڭىدا قىساس ئوتىنى يالقۇنجىتىدۇ.
بالا بۇغا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ راستلىقىغا شەكسىز ئىشىنى-
دۇ. ئۇ گەرچە رېئاللىقتا بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئەپسانىۋى
دۇنيادا كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەپسانە
بىلەن رېئاللىقنىڭ چېگرىسى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ قالايمىقان
دۆۋىلەنگەن بىر دۆۋە بۇغا گۆشىنى كۆرگەندە قاتتىق چۆچۈيدۇ.
ئۇنىڭ قارىشىچە ئۆلتۈرۈلگىنى دەل ئۇنىڭ ئەجدادى، بۇغا قوۋ-
مىنىڭ ئانىسى. بۇ ئادەم چىداپ تۇررۇشى مۇمكىن بولمىغان
ۋەھشىيانە ھەرىكەت. شۇڭا، ئۇ بۇ خىل رېئاللىقنى قوبۇل قىلال-
ماي زورلۇققا تولغان دۇنيادىن ئايرىلىدۇ. شۇنداقلا يۇنۇس بېلى-
قىغا ئايلىنىپ پايانسىز ئىسسىقكۆلدىكى «ئاق پاراخوت» نى قوغ-
لاپ ئۈزۈپ كېتىدۇ...

بۇغا ئانا ھەققىدىكى ئەپسانە ئەسلى مۆمىن بوۋاي نەۋرىسىگە
سۆزلەپ بەرگەن بۇغا قوۋمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى
گۈزەل رىۋايەت بولۇپ، بۇنىڭدا كۆپ مەنىلىك مەزمۇن ئىپادىلى-
نىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۆز يىلتىزىنى، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇماسلىق-
قا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئايتماتوف مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەرگە
قارىتا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىنسانىيەتنى
ھالاكەتكە باشلايدىغان توپ سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

مۆمىن بوۋايمۇ بۇغا ئانا ئەپسانىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىغا ئىشى-

① ئايتماتوف: «ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، 62 - بەت.

تىدۇ. بىراق ئۇنى بىر ھېكايە، شۇنداقلا ئەپسانىۋى ھېكايە سۈپىتىدە تونۇپ ئىشىنىدۇ، رېئاللىقتا مۆمىن بوۋاينىڭ تەقدىرى ئورازقۇلنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. ئۇ نەۋرىسى ئۇچۇن، جاپا چېكىۋات- قان قىزى ئۈچۈن، ئورازقۇلنىڭ ئىرادىسى بويىچە بۇغىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۆزىنىڭ ساپ ۋە قىممەتلىك ئېتىقادىنى ئۇنتۇيدۇ. ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى دەل مۆمىن بوۋاي ئوبرازىنىڭ خاسلىقىنى يارى- تىدۇ ھەم مۇشۇ خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزىنى بارلىققا كەل- تۈرگەن سەۋەب ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايتماتوف ئە- سەرلىرىدىكى غايىۋى دۇنيا بىلەن رېئال دۇنيانى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان ھەم رېئال دۇنياغا ئەپسانىۋى تۈس بېرىۋاتقىنى دەل «ئەسلىمە» دۇر. «ئەسلىمە» بىرخىل شەكىل ئېلېمېنتى ھەم ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە ئەسەرگە يېڭىچە تۈس بېغىشلىغان.

خۇددى بىر مۇخبىر ئايتماتوفنى زىيارەت قىلىپ يازغان «تۇرمۇش ۋە ئەسلىمە» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك «ئەپسانە يازغۇچىلارنىڭ بىرخىل تەپەككۇر شەكلى بولۇپ قالدى ھەم ھا- زىرقى رېئاللىق بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. باشقا شەكىللەرنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس».

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇدلۇق ئاسا- سىنى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدىلا يارىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت ئاساسىدىمۇ بەرپا قىلغان. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىشكە باشلىغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئويلانغان. تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ يارى- تىلىشى بۇنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئەخلاق قارىشى بۇ خىل تەبى- ئەت ئەپسانىلىرىنىڭ يادروسى بولدى. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپكى

ياخشىلىق ۋە يامانلىق قارىشىنىڭ چېگرىسىنى تەبىئەتنى سۆيۈش - سۆيمەسلىك ئۇنى ئاسراش ياكى ئاسرىماسلىق بىلەن ئايرىدى. دېمەك تەبىئەتنى مەركەز قىلغان ئەخلاق قارشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى جەريانىدا زور رول ئويناپ كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن مۇرەككەپلەشتى. شۇ سەۋەبلىك ئايتماتوف مۆمىن بوۋاي ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ مۇرەككەپ-لىكنى سىڭدۈرىدۇ. مۆمىن بوۋاي ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇغىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا تىۋىنىش ئېتىقادى بىلەن قىزى ۋە نەۋرىسى ئۇچۇن كۈيۈنۈشلى ئورازقۇلنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتەك ئىككى خىل تالىلاشنىڭ ئۆتكۈر كۈرىشىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئاقىۋەت تەقدىرگە، رىيائاللىققا بويسۇنۇشتەك پىسخىك ئا-جىزلىقى بۇغىغا تىۋىنىش، ئۇنى ئۇلۇغلاشتەك ئېتىقادى ئۈستى-دىن غالىپ كېلىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى «سىرلىق مۇناسىۋەت» نى ئېچىپ بەردى.

«ئاق پاراخوت» گەرچە تراگېدىيىلىك ئەسەر بولسىمۇ، بى-راق ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ كۈرىشىدە، ئاق كۆڭۈللۈك ۋاق-تىنچە مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئازابلىنىشنىڭ زۆرۈ-رىيىتى يوق. چۈنكى ئادەمدە باللىق قەلب بولىدۇ. «دۇنيادا بىزنى قانداق نەرسىلەر كۈتۈپ تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئادەملەر تۇغۇلۇپ ۋە ئۆلۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەتمۇ مەڭگۈ-لۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۋېرىدۇ» .[1] ئايتماتوف «بۇغا ئانا ئەپ-سانىسى» ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەيدۇ.

---

[1] ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

«بۇغا ئانا» ئەپسانىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى توتېم ئېتىقادى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئەپسانىدۇر. بۇغا يىراق قەدىمكى زاماندا قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ توتېمى بولغان ھەمدە ئەجداد سۈپىتىدە قارىلىپ ئۇلۇغلانغان. بۇ خىلدىكى توتېم ئەپسانىلىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ قەبىلىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇلىدىغان ئەپسانە؛ يەنە بىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر روھى ئادەم بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ قەبىلىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇلىدىغان ئەپسانىلەردۇر. «بۇغا ئانا» ئەپسانىسى بىرىنچى خىل تىپتىكى ئەپسانىگە ياتىدۇ. ئەپسانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى مۇنداق: يىراق قەدىمكى دەۋردە يېنسەي دەريا بويىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاقساقىلىنى دەپنە قىلىۋاتقان چاغدا، يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بەختكە يارىشا ئامان قالغان ئىككى بالا سۇغا تاشلىۋېتىلىش خەۋپىگە ئۇچرىغاندا بىر جۈپ بۇغا - مارال تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. بۇغا ئۇلارنى كۆتۈرۈپ تاغ - دەريالارنى كېچىپ ئىسسىق كۆل ۋادىسىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئىككى بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش قۇرۇپ، يەتتە ئوغۇل، يەتتە قىز پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بۇغا بىلەن چىرايلىق مارال ئۇلارنىڭ «توتېمى» بولۇپ قالىدۇ.

«بۇغا ئانا» ئەپسانىسى ھايۋان توتېمىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ روشەن ئىزنالىرى ساقلانغان ئەپسانىلەر تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۆمىن بوۋاينىڭ نەۋرىسى «تاشلىۋېتىلگەن بالا» تىپىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ بالا رېئاللىقتىكى بارلىق رەزىللىكلەرگە نەپرەتلىنىپ، بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن ئەپسانە بويىچە، ئۆز غايىسىدىكى گۈزەل دۇنيانى ئىزدەپ «ئاق پاراخوت» تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ

كېتىدۇ. شۇڭا، ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئايتماتوف بالىنى سىمـ
ۋوللۇق مەنىدە ئەسىرىگە باش قەھرىمان قىلىپ تاللىۋالىدۇ.

ئايتماتوف ئۆزى ئېيتقاندەك «ئەدەبىيات ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئارقىلىق كونا مۇقاملارنى بۇزۇپ تاشلىشى، شۇنداقلا بىرخىللىقـنى بۇزۇپ تاشلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندى كىشىلەرـنىڭ رېئاللىققا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.»①

ئايتماتوف ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ «ئەسلىمە»سى سۈپىتىدە تونۇپ، ئىنسانىيەت تەرەپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تارـخىي تەجرىبىلەرنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا مېهرىبانلىق، ئانىلىق مۇھەببەت ، بالىلارغا خاس ساددىـلىققا ئوخشاش ئىنساني پەزىلەتلەردىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپماقچى بولىدۇ.

ئايتماتوف «ئاق پاراخوت»تا، مەركەزلىك هالدا ئانا بۇغا رىۋايىتى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە ئۆز يىلتىزىنى ئۇنتۇماسلىقـنى، ئەجدادلاردىن قالغان ساپ ئۆدۈملاردىن ۋاز كەچمەسلىكنى، توتېم دەۋرىدە ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان بالىلىق ۋىجدانىنى ئىنكار قىلماسلىقني سەممىيلىك بىلەن تەۋـسىيە قىلىدۇ. ھەمدە ھاياتىنىڭ چەكلىكلىكىنى ئەمما ئېتىقادنىڭ چەكسىزلىكىنى، چۈشكۈنلۈكنىڭ ۋاقىتلىقلىقىنى لېكىن ئۈمىدـنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە سالىدۇ. ئاپتور ئەسەرنى تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:
«مەن هازىر مۇنداق بىرلا نەرسىنى ئېيتىپ قويالايمەن — سەن ئۆزۈڭنىڭ بالىلىق قەلبىڭ كېلىشەلمەيدىغان نەرسىنى ئىنكار قىلدىڭ. بۇ بولسا دەل مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. سېنىڭ هاياـتىڭ يالت قىلىپلا ئۆچۈپ قالغان چاقماقتەكلا ئۆتۈپ كەتتى.

---

① خې يۈنبو: «ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانە ئەندىزىسى توغرىسىدا» ـ «چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوبزورلىرى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان.

چاقماق ئاسماننى سىجاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئاسمان مەڭگۈ شۇنداق تۇرىۋېرىدۇ. بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. ماڭا تەسەل-لى بولىدىغان نەرسە يەنە شۇكى، خۇددى ئۇرۇق ئىچىدە تۆرەلمە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بالىلىق ۋىجدان بولىدۇ، ـ تۆرەلمە بولمىسا، ئۇرۇق كۆكلىيەلمەيدۇ. دۇنيادا بىزنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىدىن قەتئىي نەزەر، ئىنسانلار تۇغۇلۇپ ۋە ئۆلۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ...»①

ئايتماتوفنىڭ تونېم ئېڭى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇ-ھىم ئەسىرى — «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دۇر. بۇ ئەسەر 1980 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سالغان.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا، ھەقىقەتەن فانتا-زىيە يېپىنچا قىلىنىپ، تارىخىي رىۋايەت سۈپىتىدە نايمان ئانا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ماڭقۇرت يولئامان پاجىئەسى، ھازىرقى زا-مان ۋەقەلىرى سۈپىتىدە ئابۇ تالىپ قۇتتىبايېۋ پاجىئەسى، كەل-گۈسى زامان ۋەقەلىرى سۈپىتىدە سوۋېت ـ ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇ-چىلىرىنىڭ پاجىئەسى ئۈزۈك ـ تارقاق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئۈچ پاجىئەگە ياندىشتۇرۇپ ئىنسانپەرۋەر-لىك، ئىنسانىي ئەدەب ـ ئەخلاق مەسىلىلىرى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ بىزنى ھەممىدىن چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى ماڭقۇرت رىۋايىتىدۇر. چۈنكى بېشىغا «شىرى» كەيدۈرۈلۈپ، خاتىرىسىنى يوقاتقان قەدىمكى زامان ماڭقۇرتلىرى بىلەن تەبىئەت-تىن ياتلاشقان، زامانىۋى ئىختىرالاردىن بېشى ئايلىنىپ ئەسلىنى ئۇنتۇغان بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور ئوخشاشلىق بار ـ ھە!...

---

① ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

ئەسەردە سارى ئۆزەك چۆللۈكىدىكى «ئانا بېيىت» قەبرىستانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: قەدىمكى زاماندا رۇرەن تاجاۋۇزچىلىرى سارى ئۆزەك يايلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئەسىرلەرنى قىينىغان. ئۇلار قاۋۇل، ياش يىگىتلەرنىڭ بېشىنى ئۇستىرا بىلەن پاكىز قىرقىپ، يېڭى سويۇلغان، ھورى چىقىپ تۇرغان تۆگە «شىرى» سىنى بېشىغا كەپلەپ كىيدۈرۈپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ چۆلگە تاشلىۋېتىدىكەن. تۆگىنىڭ تېرىسى ئىسسىقتا قۇرۇپ، باشنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىسىپ، مېڭىنى سىقىپ چىقارغاندەك ئازابلايدىكەن. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن تىكەندەك قارا چاچلار ئۆسۈپ شىرىگە يېتىدىكەن - دە، ئۇنى تېشىپ چىقالماي ئارقىغا يېنىپ، يۇمشاق باشنىڭ ئىچىگە قاراپ سانجىلىپ ئۆسىدىكەن. بۇنىڭ ئازابى شىرىنىڭ ئامبۇردەك قىسقىنىدىنمۇ بەتتەر بولىدىكەن. . . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئەل - يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ چوڭ بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئەسكە ئالالمايدىكەن. قىسقىسى ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىدىكەن. خۇددى ئىتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭلا گېپىنى ئاڭلاپ، باشقىلار بىلەن زادىلا ئالاقە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئوي - پىكرى بولمايدىكەن، خوجايىنى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن. مانا بۇنداقلار ماڭقۇرت دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەسەردە مۇشۇنداق ماڭقۇرت قىلىۋېتىلگەن بىر يىگىت خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. مېھرىبان ئانا ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاق ياغلىقى بىر قۇشقا ئايلىنىپ: ئويلاپ كۆرگىن، سەن كىمسەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ سېنىڭ ئاتاڭ دۆنەنباي! دۆنەنباي! دۆنەنباي! . . . دەپ پىغان بىلەن توۋلاپ سايراپ ئۇ-

چۈپ كېتىپتۇ. . .① روماننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يېدىگەي سەبىدىشى قازانقاپنى دەپنە قىلىپ بولۇپلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىگە ۋە ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز ئىكەنلىكىگە قارىماي، «ئانا بېيىت» مەسىلىسى ھەققىدە «چەكلەنگەن رايون» دىكى ئەڭ چوڭ باشلىققا ئەرز قىلغىلى ماڭىدۇ. ئۇ قاراۋۇلخانىغا ئاز قالغاندا، گۈمبۈرلەپ ئاسمان ئۆرۈلگەندەك بولىدۇ. راكېتالار ئارقا - ئارقىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئادەم ۋە جان - جانىۋارلارنى قاتتىق قورقۇتىۋېتىدۇ. يېدىگەي ئەنە شۇ ئوت - يالقۇنلار ئىچىدە بىر ئاق قۇشنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇ قۇشنىڭ «سەن كىمسەن؟ ئېتىڭ كىم؟ ئاتاڭنىڭ ئىسمى دۆنەنباي! دۆنەنباي!» دەپ يىغان بىلەن سايراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. دېمەك رېئاللىق بىلەن فانتازىيە مۇشۇ «ئانا بېيىت» تا ئۇچرىشىدۇ. دۆنەنباي قۇشى كىشىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۇنتۇماسلىققا چاقىرىدۇ.

ئايتماتوف يەككە بولغان رېئاللىق قاتلىمىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر قاتلام ئەپسانىنى قوشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئەپسانە خەلقنىڭ قەلبىدىكى خاتىرە بولۇپ، ئاجايىپ گۈزەل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە تارىخىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.»②

چىڭغىز ئايتماتوف ئالەم بوشلۇقىدىن يەر شارىغا نەزەر سېلىپ 20 - ئەسىر كىشىلىرىنىڭ پەقەتلا ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەر شارىدىكى ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك، ئۆزئارا ئېھتىيات قىلىش ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ يەتتى ھەم بۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرجەم

① ئايتماتوف: «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، 199 -، 235 - بەتلەردىكى ماقۇرت رىۋايىتىگە قاراڭ.
② «20 ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى» خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 475 - بەت.

ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۇرۇشىدىكى ئەڭ خەتەرلىك تەھدىتنىڭ
بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك
غايىسىنىڭ تۇرتكىسىدە، مەدەنىيەتلىك تاشقى پىلانت ئادەملىرى-
نىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ يەردە ئۇرۇش ھەم زىددىيەت بولمى-
غان، ئەخلاق يۇكسەك تاكامۇللاشقان. ئۇ ئەپسانىۋى تۇسكە ئىگە
بۇ تەسۋىرلەر ئارقىلىق، «جەمئىيەت ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قى-
لىپ بارىدۇ. ئاخىرى يۇكسەك مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتىدۇ.
بىراق ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، ئۇ چەكلىك ئۆمرىدە ياشىشى
كېرەك. ئۆزىنىڭ ياشاش شەرت - شارائىتىنى كېڭەيتىشى كې-
رەك، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەم-
مىدىن يۇكسەك، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا
يەتكەندە، ئادەمدىكى سەممىيلىك ياشاشنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى-
گە ئايلىنىدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىنى ئورۇتۇپ بېرىدۇ.

روماندا پۇتۇن ۋەقەلىك باش قەھرىمان يېدىگەينىڭ يېقىن
سەبدىشى، پىشقەدەم ئىشچى، مەرھۇم قازانقاپنىڭ «ئانا بېيىت»
كە ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىنىدىغان بىر كۇنلۇك تۇمۇشىغا مەر-
كەزلەشتۇرۇلۇپ، يىراق - يېقىننى ئەسلىتىش ئۇسۇلى بىلەن
بايان قىلىنىدۇ. رومان قازانقاپنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن باشلى-
نىپ، ئۇنى دەپنە قىلىپ قايتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ھەم ئاسا-
سىي تېمىمۇ يېدىگەينىڭ ئۆزى، شۇنداقلا قازانقاپنىڭ بورانلىق
بېكىتىدە ئۆتكۇزگەن نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇش ۋە سەرگۇزەش-
تىلىرى ئاساسىدا قانات يايىدۇ.

دېمەك، ئايتماتوف ئەسەردە «ئانا بېيىت» قەبرىستانلىقى-
دىكى ماڭقۇرت رىۋايىتىنى ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئەسەر
ۋەقەلىكىگە كىرىشتۇرۇپ تاشلايدۇ ھەمدە سابىتجانغا ئوخشاش
ئەسلىنى ۋە نەسلىنى ئۇنتۇغان بۇگۇنكى زاماننىڭ «ماڭقۇرت»
لىرىنى قاتتىق قامچىلايدۇ. چۇنكى يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىما-
ئىيلىششقا قاراپ يۇزلەنگەن، كونا ئۇدۇملار ۋە ئەنئەنىلەر يوقال-

غان، ئادەمنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ياتلاشقان بۇگۈنكى دۇنيادا، يېڭى «ماڭقۇرت» لۇقنىڭ ۋەھىمىسى كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋا-تاتتى. ئەقلىي ئاڭنىڭ يۇكسەك تەرەققىياتى، ئادەملەرنىڭ ھېس-سىيات دۇنياسىنى قۇرۇغداپ، كۈنسېرى ماددىي مەئىشەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. خۇددى ئايتماتوف ئېيتقاندەك: «20 ـ ئەسىرنىڭ تراگېدىيىلىك زىددىيەتلىرى دەل ئادەملەرنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەت تونىغا ئورالغانلىقى[1]» دا ئىدى. شۇڭا، ئۇلاردا تۇتېم ئېڭىنى ئويغىتىش ئارقىلىق، يېڭى «ماڭقۇرت» لۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەسلىنى ۋە نەسلىنى ئۇنتۇغان «ماشىنا ئادەم» بولۇپ قالماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئايتماتوف بىر سەزگۈر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز ئەسىرىدە بۇ رېئاللىقنى چوڭقۇر ئەكس ئەت-تۈردى.

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «قىيامەت» رومانىدۇر. بۇ رومان 1986 ـ يىلى «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، زور غۇلغۇلا قوزغىغان. ئوبزورچى-لار بۇ رومانغا «سوۋېت ھېكايىچىلىقىدا تېخى بۇنداق ئەسەر يېزىلىپ باقمىغان» دەپ باھا بېرىشكەن. نۇرغۇن كىتابخانلار ئايتماتوفقا ئۇچۇق خەت يېزىپ: ئايتماتوف «قىيامەت» رومانىدا نېمە ئۈچۈن بىر جۈپ بۆرىنى يازىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇلارنى نېمىشقا «سەمىمىي ساداقەتمەنلىك»، «ئاق نىيەتلىك ۋە جاسارەت-لىكنىڭ سىمۋولى» قىلىپ يازىدۇ؟ دەپ سوراشتى.

دەرۋەقە، «قىيامەت» رومانىدا تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەدىن ئىبارەت بىر جۈپ بۆرىنىڭ ئوبرازى باشتىن ـ ئاخىر بىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەسى ئارقى-لىق «ئىنسانىيەتنىڭ قورقۇشىغا تېگىشلىك دۇنيانىڭ ئويدۇ-

---

① «20 ـ ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى»، 472 ـ بەت.

رۇپ چىقىرىلغان، سىرلىق قىيامەت كۈنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز قىلىپ قويۇشىمىز ئېھتىمالى بولغان قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىكەنلىكى[①]» نى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ بۆرە مويىنقۇم چۆللۈكىدە ئەركىن ئازادە ياشايدۇ ۋە بۇ تىنچ ماكاندىكى جانىۋارلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بىراق ئويلىمىغان يەردىن، «چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەيدىغان، ھېچقانداق بالا - قازا يولۇقمايدىغاندەك تۇيۇلغان مويىنقۇم چۆلىنى مانا شۇ ئاددىي ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن قىسىپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق ئىنسان ھاياتىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ۋە ساددا كۆرۈنگەن ئىشلىرىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى مويىنقۇم جانىۋارلىرى نەدىن بىلسۇن. . . » .[②] ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن مويىنقۇم چۆللۈكىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ بىر جۈپ بۆرىنىڭ تىنچ ھاياتىغا خەۋپ سالىدۇ. ئۇلارنى مىلتىق، ماشىنا ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن سۈر - توقاي قىلىدۇ. نەتىجىدە بۆرىلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاغۇ - دەشتىلەردە كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار «قورداي تاغلىرىدىن كېيىن، ئاقتۇز تاغلىرىغا كۆچىدۇ. لېكىن بۇ يەرلەرمۇ كۆزلىرىگە خەتەرلىك كۆرۈنۈپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭىدۇ. بۆرىلەر ئاقتۇز داۋىنىدىن ئېشىپ، ئىسسىق كۆلنىڭ بويىغا چۈشىدۇ. يول تۈگەيدۇ، نېرى يېقى دېڭىز. . .

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار شۇ يەردە ھاياتىنى يەنە باشقىدىن باشلايدۇ. . . بالا كۆرىدۇ. . . بۇ نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئاخىرقى قاتتىق ئۇرۇنۇش ئىدى. . . بۆرىلەر قىسمىتى شۇ يەردە — ئىسسىق كۆلدە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. . . »[③].

① ئايتماتوف: «قىيامەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 5 - بەت.
② ③ ئايتماتوف: «قىيامەت»، 171 -، 361 - بەتلەر.

ئەسەردە چارۋىچى بوستوننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى يارد-
تىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەيسەر، باي مەنىۋى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلىدۇ
ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئوبراز — بازارباي بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنى-
دۇ. بازارباي تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى
بالىسىنى ئۇۋىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، بوستوننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كې-
لىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى سېتىپ، پۇلىغا هاراق ئىچىشنى ئويلاي-
دۇ. بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تاشچاينار بىلەن ئەكبەرە
قاتتىق دەرد ـ هەسرەت چېكىپ، بوستوننىڭ ئائىلىسىگە ئارام
بەرمەيدۇ. بوستون بازار بايدىن بۆرە كۈچۈكلىرىنى سېتىۋېلىپ
ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قارا نىيەت
بازار باي بۇنى رەت قىلىدۇ. ئاخىرى ئانا بۆرە ئەكبەرە بوستون-
نىڭ بالىسى كەنجەشنى ئېلىپ قاچىدۇ. بوستون ئامالسىز بۆرىگە
ئوق ئۈزىدۇ، لېكىن بۇ ئوق ئۆز ئوغلىنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ.
ئاشۇ دەقىقىلەرنى يازغۇچى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «زۇۋانسىز
دۇنيا زۇۋان سۈرمەي ياتاتتى، دۇنيا غايىپ بولدى، ئۇنىڭ ئورنى-
دا پەقەت ئوت يالقۇنلىرى گۈرۈلدەپ تۇرغان زۇلمەتلا قالدى.
بوستون كۆزلىرىگە ئىشەنمەي مۇكچەيدى ۋە يەردە قانغا مىلىنىپ
ياتقان ئوغلىنى كۆتۈردى. ئۇنى باغرىغا باسقان پېتى كەينىگە
مۆدۈرۈلدى. شۇ چاغدا ئۇ جان بېرىۋاتقان بۆرىنىڭ كۆزلىرى
نېمە ئۈچۈن كۆك ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەندى. . . » .①

ئەسەردە ئېيتىلغاندەك «بوستون» دېگەن ئىسىم «كۆك بۆ-
رە» ياكى «سۇر بۆرە» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. بىز بۆرە توتېمى
بىلەن باغلانغان بۇ ئىسىمدىن، قەدىمكى دەۋردە ئۇلارنىڭ ئەجداد-
لىرىنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى، بۆرىگە چوقۇنغانلىقىدەك
ئەپسانىۋى مۇھىتنى چوڭقۇر هېس قىلالايمىز. ئايتماتوف قەدىم-
كى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆرە توتېمى ئېتىقادىنى ئەسىرد-

① «قىيامەت»، 536 ـ بەت.

ـده ناھايىتى چىۋەرلىك بىلەن ئىپادە قىلغان ۋە بۈگۈنكى تۇتىيىم ئېڭى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، تراگېدىيىلىك زىددىيەتلەر كۈچەيگەن دۇنيادىكى رېئال تۇرمۇشنى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاق پاراخوت» تىن باشلاپ ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرى ئاڭ جەھەتتە باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ «ئاق پاراخوت» تا ئەدەبىياتتىكى ھەممىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن «شەرەپلىك ئەنئەنە» نى تاشلىۋېتىپ تراگېدىيىنى جانلاندۇردى. «قىيامەت» تە بولسا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇپ زوراۋانلىق بىلەن قان تۆكۈشنى ئىنكار قىلدى.

ئايتماتوف «ئەدەبىيات خېلى جاھىل بولغان ۋە ئۇزاقتىن بۇيان پۇت دەسسەپ تۇرغان تەكشىلىكتىن ئازاد بولۇپ چىقىشى كېرەك.» [1] دەپ قارايدۇ. ئۇ رېئالىزمدا ئەپسانىنى تىرىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ يېڭى، شۇنداقلا دادىل سىنىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن سېھىرلىك غايىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ نادىر ئەسىرى «ئالائىت قىياسى» دا ئادەمنىڭ يارىتىلىشىغا ئائىت يېڭى بىر ئەپسانىنى ياراتتى. شۇنداقلا ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ توختاۋسىز سۈركۈلۈشلىرى ئارا، كىشىلىك مەسئۇلىيەت، ئادەم مەۋجۇدلۇقى ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى ئۆزگىچە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئايتماتوف بۇ ئەسەردە «ياۋا ئۆردەك لوۋېر» ۋە «پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى نىۋخىلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن باغلايدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق نەسىل توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئەجدادلارنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان تۆت ئادەمنىڭ ھايات - مامات ھەققىدىكى

① ئايتماتوف: «ئاسمان جىسىملىرى تەپەككۇرىدىن مۇز دەۋرىگىچە» — «دۇنيا ئەدەبىياتى» 1991 - يىل، 3 - سان.

ئەڭ چوڭقۇر روھىي قاتلىمىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇلارغا نەسلىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ. ئەسەردىكى بۇ ئىككى ئەپسانىنى نۇقۇل ئەپسانە سۈپىتىدە قارىساق، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمما بۇ ئەپسانىلەر ئەسەردە ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ، ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان. «ياۋا ئۆردەك لوۋېر» ئەپسانىسى بىزگە قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىزدىن قانداق ئايرىلىپ پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەپسانە توتېم ئېتىقادىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يارالمىش ئەپسانىسىدۇر. «قەدىمكى زامانلاردا يەر شارى چەكسىز كەتكەن ئوكيان بولۇپ، ياۋا ئۆردەك لوۋېر ئۆزىگە تۇرالغۇ تېپىش ئۈچۈن كۆكرىكىدىكى پەيلەرنى يۇلۇپ بىر ئۇۋا ياسىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ قۇرۇقلۇق پەيدا بولغان ھەم ئاستا - ئاستا ھەرخىل جانلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقى بولۇپ، بارا - بارا كۆپىيىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى ئىنسانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.»

بۇ «يارالمىش ئەپسانىسى» يۇنان يارالمىش ئەپسانىلىرىغا، شۇنداقلا «ئىنجىل» دىكى تەڭرىنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىگە ئوخشىمايدۇ.

بىراق بۇ ئەپسانىنى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ ئەپسانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى مۇنداق: «مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى ھايۋانلارنى ئىپتىدائىي كەلكۈنگە كىرگۈزۈپ، لاي ياكى قۇملاردىن ئاز - ئازدىن ئېلىپ چىققۇزغان، يەر شارى ئەنە شۇ لاي ياكى قۇملاردىن پەيدا بولغان. ھەرخىل ھايۋانلار، قۇشلار ۋە سۇ جانىۋارلىرى يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان سۇ ئاستىغا ئەۋەتىلگەندە ھايۋانلارنىڭ تەقدىرى ھالاكەتلىك بولغان. خەيرىيەت، ئاخىرقى بىر قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان، يەنى ئۇلار ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، چاڭگاللىرىدا ئاز - تولا قۇم ياكى

لاينى سقىمداپ سۇ يۇزىگە ئېلىپ چىققان، مۇۋەپپەقىيەت قازان-
غۇچىلار بەزىدە ئىپار چاشقىنى، راك، دېڭىز قامىسى بولغان،
ئۇلار ئېلىپ چىققان لايلار بىرخىل سېھرىي كۈچ بىلەن تېز
كۆپىيىپ بۈگۈنكى دۇنيا پەيدا بولغان.»
ئالدىنقىسىدا قۇرۇقلۇقنى پەيدا قىلغۇچى ئامىل ئۆردەك
پېيى، كېيىنكىسىدە بولسا لاي، كېيىنكى ئەپسانىدە ئادەمنىڭ
لايدىن يارالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار.
بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.
«پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىدا ئەجداد مەنبەسى تېخىمۇ ئىل-
گىرىلىگەن هالدا تارايتىلىپ، نۇۋاخىلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى
ئەپسانىۋى مەنبە — «پەرىزات بېلىق» ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ.
«ئالا ئىت قىياسى» پوۋېستىدا تۆت بېلىقچى دېڭىزغا چىقىپ
تېيولىن ئوۋلاش داۋامىدا، ئەتراپىنى تۇمان قاپلاپ كېتىپ نىشان-
دىن ئادىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستى-
دىن ئۈچ ئادەم ئۆلۈۋېلىش بەدىلىگە بىر بالىنى ساقلاپ قالىدۇ.
سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە ئەسەردىكى بېلىقچىلارنىڭ
كەچۈرمىشلىرى بىزگە بىر ئەپسانە، بەلكى گۈزەل هەم تەسىرلىك
«هازىرقى زامان ئەپسانىسى» بولۇپ تۇيۇلىدۇ. گەرچە بۇ ئەپسا-
نىدە ئاجايىپ تەسۋىر، هۆر - پەرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن دەه-
شەتلىك دېڭىز، تۇمان ۋە چىدىغۇسىز ئاچلىق... ئۇسسۇزلۇق-
لارنىڭ هەممىسى بىرىكىپ بىزگە ئەپسانىگە يېتەرلىك ئېلېمېنت
هازىرلاپ بېرەلەيدۇ.
«پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىدە نەسىل ئىزدەش بىۋاسىتە
هالدا «پەرىزات بېلىق»قا باغلىنىپ روشەنلىشىپ بارىدۇ. ئە-
سەردىكى ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بېلىق»قا بولغان ئۆز نەس-
لىنى ئۇلۇغلاش مۇهەببىتى بۇ ئەپسانىگە ئۆزگىچە مەنا ئاتا قىلى-
دۇ.
ئاتماتوف ئورگان بوۋاينى قويۇق ئەپسانىۋى تۈستە يارىتىپ،

ئۇنىڭ «پەرىزات بىلىق» قا بولغان غايىۋانە مۇھەببىتىنى جۇدالىق شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى تېرەن بولغان تراگېدىيىلىك سەزگۈ ئاتا قىلىدۇ. گەرچە مىلگوندا ئورگان بوۋاينىڭكىدەك چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرىزات بىلىق»نىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يىتىپ ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. ئورگان بوۋايدىن مىلگونغا ئۆتۈپ كۆچەيگەن مۇھەببەت (تراگېدىيە ئېڭى) ئەمرايىنغا كەل-گەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئەمرايىن ئوغلىغا نۇر-غۇن نەرسىلەرنى دېيەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ.

ئەمرايىنىنىڭ نەزىرىدە قىرسىقنىڭ ئامان قېلىشى نۇقۇل ھالدا ئوغلىنىڭلا ئامان قېلىشى بولماستىن، بەلكى بىر خەلقنىڭ — نىۋاخىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئامان قېلىشى ئىدى. بۇ تار مەنىدىن، نىۋاخىلارنىڭ تارىختىن بۇيان نىمە ئۈچۈن يوقال-ماي زورىيىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادە قىلسا؛ كەڭ مەنىدىن، ئىن-سانىيەتنىڭ نەقەدەر زور مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈن-كى كۈنگە كەلگەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بىلىق» ئەپسانىسىگە سىڭدۈرۈ-ۋېتىلىشى پوۋېستنىڭ سىرلىقلىقى ۋە سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتكەن. قىرسىق بولسا ئايىتماتوفنىڭ ئاددەملەرگە قالدۇرماق-چى بولغان گۈزەل غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخنىڭ ئۇ-زۇلمەس ئېقىنى ئالدىنقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى كېيىنكىلەرگە يەت-كۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقىلار زۆرۈر بەدەل تۆلىشى، ئەۋ-لادلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ مېڭىشى ئۈچۈن ئەھمىيەت-لىكتۇر. مۇبادا ئورگان، مىلگون، ئەمرايىنلارنىڭ زۆرۈر «ھا-لاكىتى» بولمىغاندا ئەنئەنە بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ھاياتنى كۈچىنى يوقاتقان بولاتتى، «ئالا ئىت قىياسى» نى ئوقۇغىنىمىزدا چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن بىر ئۈمىدنى سېزىمىز. ئايىتما-

توف بىر تەرەپتىن زامانداشلىرىنى ئەنئەنىنى يوقاتماسلىققا ئۈندە-سە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلادلارغا بولغان ئاداققى ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئاپتورنىڭ قىرسىقنى «پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك» ھايات قالدۇرۇشىدىن گۇمانلىنىشنىڭ زۆرۈ-رىيىتى يوق. ئايتماتوف «ئالا ئىت قىياسى» پوۋېستىدا زامانداش-لىرىغا بىر ئۈمىدنى سوۋغا قىلغان ھەم ئۇلارنى ئەجدادلىرىدىن قالغان مۇقەددەس روھقا ۋارىسلىق قىلىشقا چاقىرغان.

پوۋېستتا ئەپسانىلەر چۈش، خىيال، رېئاللىق ئارىسىغا ئاي-رىلغۇسىز دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئورگان بوۋاينىڭ «پەرى-زات بېلىق» ھەققىدىكى خىياللىرىدا رېئاللىق، ئەپسانە ۋە تە-سەۋۋۇر ئىنتايىن زىچ بىرىكىپ كەتكەن.

ئورگان بوۋاي بىلەن قىرسىقنىڭ خىياللىرى بىر نۇقتىدا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئېتىقاد يەنى مۇھەببەتتۇر. ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بېلىق»قا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئېتىقادى ئايرىۋالغۇسىز دەرىجىدە بىرىكىپ كەتكەن. قىرسىقنىڭ مۇھەببىتى بولسا چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە مۇھەببەت بولۇپ، بۇ مۇھەببەت ئورگان بوۋاينىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە ۋىسالىغا يېتى-دۇ. قىرسىقنىڭ ئېڭىدا ئۆز مىللىتى نىۋخىلارنىڭ ئۇلۇغ ئانىسى — «پەرىزات بېلىق»قا نىسبەتەن مۇھەببەت تۇيغۇسى بولسىمۇ، بىراق بۇنى ئۇ سېزەلمەيدۇ. ئۇ قاچانكى بۇنى سەزگەندە، بۇ مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىلار-دىن ئەسەر خۇددى يازغۇچىنىڭ ئېڭىدا قۇراشتۇرۇلغاندەك، ئەپ-سانە سىرتىدىكى ئەپسانىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئەسەردىكى «چۈش» ئېلېمېنتىمۇ ئەسەرنىڭ ئەپسانىۋى تۈ-سىنى قويۇقلاشتۇرغان. ئورگان بوۋاي نۇرغۇن قېتىملىق چۈشى-دە «پەرىزات بېلىق»نى كۆرىدۇ ۋە «چۈش» دۇنياسىغا مەڭگۈ-لۈك قايتىپ كېتىشكە تەشنا بولىدۇ. ئاخىرىدا ئورگان بوۋاي قويۇق تۇماننىڭ مۇھاسىرىسىدە دېڭىزغا سەكرەپ ھايات چېغىدا

كۆرۈش نىسىپ بولمىغان «چۈش» — «پەرىزات بېلىق» بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. قىرسىقمۇ «بەھوشلۇق» ھالىتىدە تۇرۇپ «پەرىزات بېلىق» نىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا توتېمنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ تەسىرىدە قەيسەر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان يىگىت بولۇپ قالىدۇ.

«پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىمۇ ھايۋانغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئىزلىرى بار ئەپسانىغا كىرىدۇ. بۇ ئەپسانىدە بېلىقچى بىلەن «پەرىزات بېلىق» نىڭ قوشۇلغانلىقى، شۇنداقلا پەرزەنتلىك بولغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بار. شۇڭا، بۇ ئەپسانىنى تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «بۆرە بىلەن بالىنىڭ قوشۇلۇپ» ئەۋلاد قالدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«ئالا ئىت قىياسى» باشلىنىش بىلەنلا كۆز ئالدىمىزدا دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ توختاۋسىز كۆرىشى گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ياشاش ئەمەلىيىتى داۋامىدىكى رېئاللىق بىلەن بولغان مەڭگۈلۈك كۆرەشكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانىيەت بۇ كۆرەش داۋامىدا بەزىدە مەغلۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، چەكسىز ئېتىقاد، قىرسىقدەك ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. مانا بۇ ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. ئايتماتوف ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردە زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلاندى ھەم مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مەلۇمكى بۈگۈنكى كۈندە كۆپ خىل ئەدەبىيات ئېقىملىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ھەم ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەچكە، قانداقتۇر بىر خىللا ئەدەبىيات مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھادىسە ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى.

ھازىر بىكىنمە، تار، ئاددىي مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك نەرسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بارلىق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ رەھبەردار تۈسىنى يوقىتىۋەتتى، ئىنسان ئەقلىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئەكسى ھالدا ئىنسانلارنى مەنىۋى ئاچارچىلىققا مۇپتىلا قىلدى. دەرۋەقە ھەممە نەرسە ئەكسىگە قايتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى ئۇلارنى مۇقەررەر يوسۇندا ئەڭ دەسلەپكى چىقىش نۇقتىسى بولغان ئەپسانىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. ئىپتىدائىي دەۋردە ئىنسانلار تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمە ئالدىدا ساددا تەپەككۇرىگە تايىنىپ گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئەپسانىلەرنى ياراتتى ھەم شۇ ئارقىلىق غالىبلىقنى نامايەن قىلدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنسانلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ كۈنسايىن تارىيىشى، تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدەك قىسمەت ئالدىدا نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ ! ئايتماتوف دەل مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ ژانىرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قايتا تىرىلدۇردى. بۇ ھەقتە ئۇ بىر مۇخبىرغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۇ خىل ھادىسە سوۋېت يازغۇچىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئافرىقا ئەدەبىياتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى پىروزىسىدىمۇ، بولۇپمۇ كېيىنكىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر ۋە مەنىلىك ئىپادىلەنمەكتە. بۇ شۇ جايلاردىكى يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى بىلەن ئۆتكەنكىنى باغلاپ، بىزگە ھازىرقى دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەت ـ چۆچەكلىرىنى ياراتتى. قەدىمكى زامان رىۋايەت، ئەپسانە قۇراشتۇرىدىغان زامان ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى داستان ـ شېئىرلار پاكى ئاجايىپ ـ غارايىپ خىيالدىن تۇغۇلغان رىۋايەت ـ ئەپسانىلەر

بىزنىڭ مەنىۋى خەزىنىمىز بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك. مېنىڭچە بۈگۈنكى دۇنيانى تېخىمۇ ئوبدان بىلىش ئۈچۈن قەدىمكى زاماننىڭ مەنىۋى خەزىنىسىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ مۇھىم.»① ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ. «مەن ئۈچۈرغا ئېھتىياجلىق دەۋرنىڭ ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، بەزىلەر بۇ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن، بۇ ئۇچۇر ناھايىتى كەڭ ھەم قەدىمىي بولۇپ، ئۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر تۈپرىقىدا يىلتىز تارتقان، مەن بۇ ئۇچۇرنى داۋاملىق تارقىتىمەن. بۇ ئۇچۇر: ‹ھەي ئادەملەر! ئەقىل ھوشۇڭلار بىلەن ياشاڭلار! ھەي ئادەملەر! سىلەر بۇ دۇنياغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار!›، دېگەن مەزمۇندا. بۇ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئورتاق مەزمۇن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكىدەك مۇھىم بولۇپ باقمىغان، چۈنكى بۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىز مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئىشىنىمەنكى، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نۇقتىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئەمما ئەدەبىيات چوقۇم چۈشىنىشى ھەم تۆھپە قوشىشى كېرەك.»②

شۇنداق بولغاچقا ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدە تىرىلىشى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق يۈكسىلىشىنىڭ روشەن ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇ بىر مەيدان چۈشكە ئوخشايدىغان تەسىرلىك «بوغا ئانا» ئەپسانىسى ئارقىلىق ھايۋان بىلەن ئادەمدىكى ئەسلى مەنىدىكى يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، ئورگان بوۋاينىڭ «پەردزات بېلىق» ھەققىدىكى چۈشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشكە

① ئايتماتوف: «يازغۇچى زاماننىڭ ۋىجدانى» — «تارىم» ژۇرنىلى، 1987 - يىللىق 10 - سان.

② «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 - يىل، 22 - ئۆكتەبىر سانى.

قايتىش ئىستىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ قىرسىق، مۆمىن بوۋاي، بوستون ئوبرازلىرى ۋە ئەكبەرە، تاشچايىنارغا ئوخشاش سىمۋوللۇق ئوبرازلىرى ئارقىلىق قىرغىز مىللىي روھىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر قېزىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالىدى. ئۇنىڭ «بوغا ئانا»، «ماڭقۇرت»، «پەرىزات بېلىق» ھەققىدىكى ئەپسانىلىرى بالىلىق تۇيغۇغا تويۇنغان بولۇپ، چۈش بىلەن رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ خىل تۇيغۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئاشۇ ئەپسانىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تۇپراق بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

ئايتماتوفنىڭ خاراكتېرىدا بۈگۈنكى ئاڭ يەنى ئىنسانىيەتنىڭ كىرىزىس ئېڭى قويۇق ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەتكە خاس بولغان گۈزەللىك قارىشىنى دادىللىق بىلەن نامايەن قىلدى ھەم بۇنى ئەپسانە شەكلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك ئەپسانىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى بۈگۈن ۋە كەلگۈسى دۇنيا ھەققىدە، تەبىئەت ھەققىدە ئويلىنىشقا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىلا كۆزىتىپ قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىنىمۇ ئۆزگىچە سەنئەت قارىشى بىلەن كۆزىتىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، ھايۋانات دۇنياسىنى قوغداشتىكى مەجبۇرىيىتىنى تېخىمۇ كونكرېت شەرھلەپ بەردى. شۇنداقلا «يەر شارىدا قاچانكى سەمىمىيلىك، ئېتىقاد، مۇھەببەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك يوقىلىدىكەن، بۇ مۇقەررەركى ئىنسانلارنىڭ ھالاكىتى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانلار تەقدىرى ھەققىدىكى گۈزەل غايىلىرىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئا
چى، بىزدە ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىن
پىۋىلىككە تويۇنغان دىئالوگ ۋە مۇنازىرىلىرى
نىڭ قىممىتىنى تونۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئايتماتوف ئىنسانىيەتنىڭ يازغۇچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت ھەققىدە ئويلاندى، پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ ئەسەرلىرىدە يۈزە ھالدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى چوڭقۇر روھ يوشۇرۇنغان ئەپسانىلىرى بىلەن يىتتۈرۈپ قويغان قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئالىيجاناپ ھالىتىمىزنى ئەپسانە ئارقىلىق ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.

سەككىزىنچى باب

# تۇتېمنىڭ ئۇنتۇلۇشى ۋە زامانىۋى كەمتۈكلۈك

بىز سىقىلغان بوشلۇق ئىچىدە ياشىماقتىمىز. بۇ بوشلۇقتىن ھامان ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى غۇۋا بارابان ساداسى ياڭراپ تۇرىدۇ.①

— K. M. ھىلبۆرىيكت

## 1

تارىخ غايەت زور مەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلەرنىڭ سىرلىق قەسىرلىرىنى ئۆزىنىڭ توختاۋسىز قەدەملىرى بىلەن چەكسىز يىراقلاردا قالدۇردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى، ئىلاھلاشتۇرۇلغان كۆك بۆرىنىڭ زۇلمەت باسقان ئۇزۇن تۈنلەردە چوغدەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ھۇۋلاشلىرى، شامان (قام) پىرلىرىنىڭ كۆك تەڭرى شەرىپىگە ئەسەبىيلىك بىلەن قەسىدە ئوقۇپ، يامان روھلارنى يىراققا قوغلاشلىرى... ئىنسانىيەت خاتىرىسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. رەڭگارەڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ سېھىرلىك جۇلاسى، ئەقىل تەڭرىسى ئىنسانلار ھېسسىياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ بىر كېچىدىلا ئىز - تىزسىز غايىب بولدى. شۇنداق، كۈنسېرى

① K. M ھىلبۆرىيكت (گېرمانىيە): «مودېرنىزملىق سەنئەت پىسخىكىسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 23 - بەت.

يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئۆرلەۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ يالتىراق بېزەكلىرى ۋە ئېلېكترلىق جۇلالىرى بىلەن ساپ ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى، مۇقەددەس ئۇدۇملارنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئېلېكترون دەۋرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ماددىي يالتىراقلىرى، ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساپ ۋە ساددا خاسىيەتلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىۋەتتى.

دەرۋەقە، بىز تولىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويدۇق.

ئانىلار — بىزنىڭ ئانىلىرىمىز كۆك بۆرىنىڭ يۇمران تېرىسىگە ئورۇنۇپ ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مىدىتسىنانىڭ ئالقىنىدا، خىمىيىۋى دورا ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئاق رەڭلىك تۇغۇتخانىلاردا بوشىنىدىغان بولدى. بوۋاقلار — ئوغۇزخان نەسلىدىن بولغان بىزنىڭ بوۋاقلىرىمىز بۆرە ئوشۇقىدىن پۈتۈلگەن ئالتۇنرەڭ تۇمارنى ئاسمايدىغان، مۇقەددەس قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بۆشۈكلەردە تەۋرەنمەيدىغان، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاڭلىمايدىغان بولدى. بەلكى، ماشىنىلاشقان دۇنيانىڭ سۈنئىي تالالىرىدا زاكىلىنىپ، يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتتا ماددىي ئىختىرالارغا پۈتلىشىپ چوڭ بولىدىغان بولدى. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇرەسسەسىز پوزىتسىيىسى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى كۈنسېرى ماددىي مەئىشەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ، روھىيىتىنى قۇرۇغداپ، ئېچىرقىغان ۋۇجۇدىنى چەكسىز ۋەھىمە ۋە كرىزىس ئېڭى بىلەن سۇغۇردى. مىليونلىغان ماددىي بايلىقلارنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئىنسان جىسمىنى تويۇندۇرغان مەدەنىيەت ئويلىمىغان يەردىن روھىيەتنى دىۋانە قىلىپ قويدى. ماددىي بايلىق بىلەن روھىي كەمبەغەللىك، ئەقلىي كامىللىق بىلەن ھېسسىي ئىنتىزارلىق، ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن مەنىۋى ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدىكى كۈنساناپ چوڭىيىۋاتقان ھاڭ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان يوچۇقلىرىنى

ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئادەم بىلەن ماددىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش — ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئاجىزلىقى، ئېچىمۇ توغرىسى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئازابى. مەدەنىيەت ئازابقا ھامىلدار بولغاندا، مۇقەررەر يوسۇندا ئۆزىگە نۇر بەخش ئەتكۈچى ئىنىكئانا ئىزدەيدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت تاراملىغان ئاپئاق نۇر ئىچىدە يۇيۇنۇپ، ئۆزىدىكى كۆرۈنمەس جاراھەتلەرنى داۋالىشى كېرەك. نىھايەت، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاتېئىزمنى قورغان قىلىپ، ئەقلىيلىككە زىيادە بېرىلىپ، لوگىكا ئەسەبىيلىكى پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ، ئىلاھنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇشى تۇپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ماددىي بارلىقنىڭ كامالىتى ئارقىلىق ئەقىلگە تەسەللىي بېرىپ، روھنىڭ قانىتى، ئېتىقادنىڭ جۇلاسى بولغان ھېسسىيات ئازابىنى ئىز - تىزسىز كۆمۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەقىلگە سەجدە قىلىپ، ھېسسىياتقا چەك قويۇش، ئەمەلىي تەجرىبىگە تايىنىپ، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلەردىن گۇمانسىراش، ئەجەبا ئىنساننىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى بېزەش يولىدىكى مەجبۇرىي ئىنكارچىلىقى ئەمەسمۇ! ؟ . . . دەر ھەقىقەت، بۇ تولىمۇ ئازابلىق قىسمەت، بۇنداق ئەسەبىي تەۋەككۈلچىلىك شەك - شۈبھىسىزكى، مەدەنىيەت تونىغا ئورالغان ئىنسان ۋۇجۇدىنى قۇرۇغداپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

سەنئەت، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولۇشقا ھەقلىق. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەدەنىيەتنىڭ سەجدىسىنى قوبۇل قىلدى. تاراملىغان ئاپئاق نۇر ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزىگە شولا، ئازابىغا مەلھەم بەخش ئەتتى. سەنئەت ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، ئۆتمۈشنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلدۇرۇلگەن مۇڭلۇق تارىخنىڭ سىرلىق كېپەنلىرىگە بەدىئىي رەڭ بەردى. ئۇ ئۆتمۈشكە ھېسسىي مەزمۇن قوشۇشقا دادىللىق بىلەن

جۇرئەت قىلىپ، قانچىلىغان بەدىئىي ئىختىرالارنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالىدىكى، مۇتلەق ئىنكارچىلىقنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمىدى. چۈنكى سەنئەت مەدەنىيەتكە قارىغاندا ھەر ھالدا سوغۇققان ۋە تەمكىن ئىدى. مەدەنىيەت ھەر قەدىمىدە، ئۆزىنىڭ مەنبەسىنى، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئۇزۇل - كېسىل يېڭى ھاۋا بىلەن سۇغۇرۇشقا، قايتا - قايتا ئىسلاھ قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەتتى. لېكىن، سەنئەت ئۆزىنى داۋاملىق يېڭىلاپ، بېيىتىپ بېرىشقا ئۇرۇندى. ئەمما ئۇرغۇپ چىققان يىلتىزىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئەگەردە سەنئەت ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆتمۈشكە سادا، تارىخقا ھەمراھ بولمىغان بولسا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ماكان ۋە زامانغا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئىنسانىيەتكە بالىلىق دەۋرىنىڭ سەبىي - ساپلىقىنى، ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ جاسارىتىنى، قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى ۋە مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ نازاكىتىنى بىلىش ئەبەدىي نېسىپ بولمىغان بولاتتى.

## 2

«كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق...»

بۇ ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىن جاراڭلىغان ئىپتىدائىي سادا، ئېتىقاد! بىز بۇ مىسرالارنى تاش پۈتۈكلەرنىڭ قىرلىرىدىن تولىمۇ كىچىكىپ كۆردۇق. سەنئەت ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق ئالتامىرا،① قۇمتۇرا، بېزەكلىك قاتارلىق ئۆڭكۈر ۋە مىڭئۆيلەردىكى ئالەمشۇمۇل بەدىئىي كۆرۈنۈشلەرنى ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى تاش ئابىدىلەرگە پۈتۈلگەن سادا ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ ساقلاپ قالالىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، كەينى - كەينى-

---

① ئالتامىرا — فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە چېگرىسىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئۆڭكۈر خارابىسى.

دىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرى، زامانىۋى مەدەنىيەتتىن تون كىيىپ روھىنى ئىزدەۋاتقان هازىرقى زامان كىشىلىرىگە مىسلىسىز زور تەسەللىي ئېلىپ كەلدى. كۈنسېرى دۇنياۋى ئاڭنى تەكىتلەۋاتقان هازىرقى زامان مەدەنىيىتى، مەلۇم نۇقتىدا روھىي تىرىلىشنى، ئەسلىنى ۋە يىلتىزىنى ئىزدەشنى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويدى. قىيا تاش ۋە ئۆڭكۈر پۈتۈكلىرىنىڭ كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان ئويما خاتىرىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ يادىدا خىرە - شىرە قېپقالغان ئەسلىمىلەرگە جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى كۆرۈندەمەس يىپ بىلەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر دەۋرىگە باغلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، توتېم — ئىنساننىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك تەسەۋۋۇرى ۋە ساددا ئېتىقادى. ئۇ بارلىق دىنلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىن. توتېمىزمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئېتىقادنى ئېبىتىراپ قىلماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىدىگە، سەنئىتىگە ۋە بالىلىق ئېشەنچ — ئېتىقادىغا جاۋاب ئىزدەش تولىمۇ ئارتۇقچە ئىش. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يەر ئانا بىلەن كۆك (ئاسمان) ئاتادىن روھقا ئېرىشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. خەيرىيەت، قايسى بىر دىندا يەرنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئاسماننىڭ سىرلىقلىقى هەققىدىكى تەلىماتلار يوق؟ قايسى بىر مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە زۇمرەت ئاسمان بىلەن قوڭۇر يەرنىڭ سىماسى يوق! ؟ . . . شۇنداق، يەر ئۇلۇغ، كۆك (ئاسمان) سىرلىق. ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان، يەرنى سىيلىنچا، ئاسماننى يىپىنچا قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار توپى ئىزچىل هالدا شۇنداق بىر هەقىقەتنى ئىزدەپ كەلدى: ئەگەردە، يەر بىلەن ئاسمان، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز مەڭگۈلۈك سۆيۈشمەيدىغان بولسا؛ تەن بىلەن روھ ئۆزئارا گىرەلىشىپ بىر گەۋدە بولمايدىغان بولسا، دۇنيانىڭ تىنىقى ئۆزۈلۈپ قالامدۇ؟ جىبران خېلىل جىبران توغرا ئېيتقان: «زېمىن نەپەسلەنسە بىزمۇ ياشايمىز، زېمىن

نەپەستىن توختىسا بىزمۇ ھالاك بولىمىز».①

توتېمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئېتىقادقا، شەك - شۈبھىسىزكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەجداد ۋە يىلتىز چۈشەنچىلىرى بىلەن ساددا ئېستېتىك ئېڭى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇلار توتېم ئوبيېكتىدا گەۋدىلەنگەن يۈكسەكلىك، سىرلىقلىق ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلغان. سىگموند فرېئود روھىي ئانالىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ: «توتېم قارىشىدا گەۋدىلەنگەن توتېم ھايۋان دەل ئاتا ئورنىدىكى ئوبرازدىن ئىبارەت»② دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاتاقلىق دىنشۇناس ماكس مۇللېرمۇ: «ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر ئۇرۇق، ھەر بىر جەمەت قاچانلا بولمىسۇن، چوقۇم ئۆز ئەجدادىغا ھاجىتى چۈشىدۇ»③ دەيدۇ. دەرۋەقە، يىلتىز — مەنبە ئادەم ئۈچۈن مىسلىسىز زور تەسەللىي بولالايدۇ، شۇنداقلا ھەر ماكان ھەر زامان ئىنسانغا غۇرۇر ۋە غەيرەت - شىجائەت بەخش ئېتەلەيدۇ. شۇڭا، ئەجدادتىن ئىبارەت بۇ يىلتىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەۋلادلارمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىغان. توتېم — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى دادىل قەدىمى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ توتېم ھايۋانغا بولغان ھېسسىياتى، دەل كىچىك بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە «ھەيۋەتلىك قىياپىتى»دىن پەخىرلەنگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىر جۈپ ئاتا - ئانا بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۆزىگە قانچىلىك دەرىجىدە باغلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە قانچىلىك دەرىجىدە قىبرىنداشلىق ئۇرۇقىنى تېرىيالىغان بولسا، توتېم ئوبيېكتى ھېساپلانغان ئىلاھىي كۈچمۇ شۇ مىللەت ۋە ئىجتىمائىي

---

① جىبران خېلىل جىبران (لىۋان): «ياش ۋە كۈلكە»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② فرېئود: «توتېم ۋە پەرھىز»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى، 165 - بەت.

③ ماكس مۇللېر (ئەنگلىيە): «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 32 - بەت.

كوللېكتىپنى شۇنچىلىك دەرىجىدە بىر - بىرىگە ئېمىلداش قىلىپ تۇرىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى سارترې: «نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى، بىرىنجى قېتىملىق ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش دەل توتېم ئارقىلىق خاراكتېرلەنگەن ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۇرۇق ئىچىدە بىز بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلارمىز. بۇ ئانا شۇنداق بىر ئۇلۇغۋار ئايالكى، ئۇنىڭ ھامىلە ئۆستۈرەلەيدىغان بالىياتقۇسى، ئاق سۈت بېرەلەيدىغان قوش ئەمچىكى ۋە بالا ھاپاش قىلالايدىغان دۈمبىسى بار. بۇ ئۇلۇغۋار ئانا دەل توتېمدىن ئىبارەت»① دەپ كۆرسىتىدۇ. تۆۋىنى شەخستىن تارتىپ، يۇقىرىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىچە ھەممىسىدە مۇئەييەن ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەۋجۇت. بۇ خىل ئېتىقاد مەيلى قايسى خىل دىن شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، شەخس، ئائىلە، ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەت، ئىرق ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تۈپىدا ئوخشاش. سەنئەت ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىققا ۋە دۇنياۋىيلىققا يېتەكلەپ ماڭسا، يەنە شۇنچىلىك مىللىيلىككە ۋە خاسلىققا يۈزلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. زامانىۋى سەنئەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەپسانىلەرنى تىرىلدۈرۈشى، كۈنسېرى ياتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئۇنتۇلغان ئۇدۇملارنى سېلىپ، ئۇلاردا قايتىدىن غۇرۇر ۋە ئېتىقاد پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بۇ نۇقتىدا ئايتماتوفنىڭ ئازابىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراقلىرى ئىچىدە، ئەس - خاتىرىمىزنى يوقىتىپ، «ماڭقۇرتلۇق تراگېدىيىسى» نى قايتا تەكرارلاشنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ خالىمايمىز!

---

① سارترې (فرانسىيە): «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك»، شائخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 70 - بەت.

# 3

هازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىسىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلە-
رى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى «يىلتىزىنى ئىزدەش» قىز-
غىنلىقى بىزنى ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.
ئەگەردە سەنئەت هازىرقى زامان كىشىلىرىنى روهىي جەهەتتىن
قايتا ئويغاتمىغان بولسا، ئانا سۈتىمىز بىلەن كىرگەن ئېتىقادى-
مىز مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى شۇكى، سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتى تەۋە-
سىدىكى بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا، بىر ئانا بۆرىنى تۆت
تۇرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن بىر
كەمەر تاپقان. 1957 - يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى ئور-
خۇن دەريا ۋادىسىدىن مىلادىيە 570 - يىلى تۇرك خاقانى مويۇن-
چۇر ئورناتقان مەڭگۈ تاشنى تاپقان، بۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا
بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان.
ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن كەينى - كەينى-
دىن بايقىلىۋاتقان، بۆرە ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىيا تاش
رەسىملىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

دەرۋەقە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنىڭ پولاتتەك پا-
كىتلىرى بۆرە ئانا ئوبرازىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا يۇكسەك-
لىككە ئىگە قىلدى شۇنداقلا بۆرە ئانا هەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت-
لەرنىڭ سېھرىي كۈچىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. يىراق قە-
دىمكى زاماندا يۈز بەرگەن غايەت زور بىر قېتىملىق قوۋملەر ئارا
قىرغىنچىلىقتا، بىردىن بىر ساق قالغان پۇتى كېسىك ئوغۇل
بالىنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ ئىدىقۇت تېغىغا قېچىپ كەلگەن ۋە بالا
بىلەن جۈپلىشىپ يېڭى ئەۋلادىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بۆرە ئانا
ئەپسانىسى بىزنى قانچىلىك هاياجانغا سالسا؛ هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ

گۈزەل قىزنىڭ تەگرى ئەۋەتكەن ئەركەك بۆرە بىلەن نىكاھلىنىشى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى مىسلىسىز سېھىرلىك تارىخقا باشلاپ كىرىدۇ...

مۇشۇ ئەسىرگىچە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىندىئانلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلىرى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. مورگاننىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە مەلۇم بىر ئۇرۇق چوقۇم بۆرە ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىپتىدائىي سەنئەت ھېسابلانغان توتېم تۈۋرۈكلىرىدە بۆرە رەسىملىرى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. كالىفورنىيە دالىلىرىدا ياشايدىغان ئىندىئان قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بۆرە ئىلاھى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ!...
ئاسىيا قان تېپىغا مەنسۇپ ئىندىئانلار راستتىنلا قەدىمكى زاماندا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغانمۇ؟ ئىندىئانلار ئېتىقادىدىكى بۆرە توتېمى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۆرە ئەپسانىسى بىزدە ئىندىئانلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى يېڭى گۇماننى قوزغىدى.

ئاپىنىن يېرىم ئارىلىدا تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرىغا قۇرداش بولۇپ ياشاۋاتقان ئىتالىيانلار، رىم مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر مىس ھەيكەلنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ: بىر چىشى بۆرە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقارغان ھالدا تۆت ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قارىماقتا. بۆرىنىڭ تېگىدە بىر جۈپ ئوغۇل بوۋاق تىزلانغان پېتى ئىشتىھا بىلەن ئانا بۆرىنىڭ ئەمچىكىنى ئەممەكتە... بۇ مىس ھەيكەل قېزىۋېلىنغىلى 400 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن 2800 يىل ئاۋۋالقى رىملىقلارنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان يادىكارلىق ئىدى. رىملىقلار نېمە ئۈچۈن بۇ مىس ھەيكەل-

نى شۇنچىلىك قەدىرلىشىدۇ؟ بۇ مىس ھەيكەلنىڭ ئۆتمۈشكە ئىنتالىيانلارنىڭ ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك تەسىرلىك بىر ئەپسانە يوشۇرۇنغان، ئەلۋەتتە. بۇ ئەپسانىدە قەدىمكى رىملىقلارنىڭ تەقدىرى بۆرە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. يات قوۋملەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا رىملىقلار پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىنىپ، ئۇلاردىن پەقەت قوشكېزەك ئوغۇل بوۋاق قېپقالىدۇ. دېڭىز بويىدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئانا بۆرە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىدۇ ۋە رىملىقلارنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قالىدۇ. تاكى بۈگۈنگە قەدەر، رىملىقلار رىم شەھىرىنى «بۆرە شەھىرى» دەپ ئاتاپ، «بوۋاق ئېمىتىۋاتقان چىشى بۆرە»نى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر گېربى قىلىپ كەلمەكتە.

مەشھۇر سەنئەتكار دانتا: «ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان روھىي ماھىيەت، ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گەۋدىلىنىدۇ»① دەيدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادى تامامەن يىمىرىلىپ، تولىمۇ ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇغانلىقىمىزنى، ئانا تەبىئەتتىن ياتلاشقانلىقىمىزنى، تەبىئىي ۋە ئىپتىدائىي ماھىيىتىمىزنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. نىھايەت، رىملىقلاردىكى ئانا بۆرىگە بولغان مۇھەببەت بىلەن، بىزدىكى مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور ئارىلىق بولغىيدى؟ شۇنداق، بىزدە رىملىقلارنىڭكىدەك بۆرە بەلگىلىك شەھەر گېربى يوق. كوپېنھاگېن شەھىرىدىكى دولقۇنلار يالاپ تۇرغان ساھىلدا، بىپايان دېڭىزغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىلىق تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك گۈزەل دېڭىز قىزىنىڭ ھەيكىلى تېخىمۇ يوق! بىز ھەتتا تۇغۇلغىنىمىزدا ئانىمىز يۇمران بەدىنىمىزگە سېغىز توپا چېچىپ، مۇقەددەس بۆشۈككە سالغان چاغدا، بويىنىمىزغا ئېسىپ

① جېك يوەنجي: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە هازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 162 - بەت.

قويغان بۆرە ئوشۇقىدىن پۇتۇلگەن تۇمارنى ئاچچىق بىلەن ئېلىپ تاشلىدۇقكى، ئۇنىڭ ئورنىغا پارقىراپ تۇرغان مارجان - مېدال-يونلارنى ۋە كېيىنەك شەكىللىك ياۋروپاچە بانتىكلارنى تاقىۋې-لىشتۇق! . . .

تارىخنىڭ ئۇچقۇر قەدىمى قەدىمكى گۈزەل ئەپسانىلەرنى غا-يىپ چۆشكە ئايلاندۇرسا، ئىپتىدائىي ساپ ئېتىقادلارنى بىمەنە فانتازىيىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىز ئېلېكترون يالتىراقلىرى-دىن تون كىيىپ، ۋۇجۇدىمىزنى مەدەنىيەت بىلەن بېزىگەندىن كېيىن، ئۆتمۈشنىڭ «تېتىقسىزلىق»لىرى ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلدۇق. ئالەم كېمىسى ياساپ، ئۆزىمىزچە «ئىلاھىيەت ماكا-نى» بولغان ساماۋى ئەرشنىڭ سىرلىق ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان بولدۇق؛ خىمىيىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، گۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قوڭۇر تۇپراق ھىدىنى ئۇنتۇدۇق. لې-كىن بۇنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشتۇق؟ خۇددى تەبىئەت ئۈستى-دىن قىلغان غەلىبىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بىزنى ئارتۇقى بىلەن جازالىغىنىغا ئوخشاش، ماددىي مۇھتاجلىققا قۇل بولۇپ، ئېتىقا-دىنى، ھېسسىياتىنى ۋە غۇرۇرىنى يوقاتقان زامانىۋى كۆرەڭلىك-مىزمۇ بىزنى مىسلىسىز ئۇلۇغۋار خىسلەتلەردىن مەھرۇم قىل-دى. ئەجدادلىرىمىز كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان شول-دىن غۇرۇر ۋە شىجائەت ئېلىپ تەبىئەتنى تاشقىرى بىر مەنىۋى كۈچكە بولغان ساپ ئېتىقادى نەتىجىسىدە روھىي پارلاقلىققا ئې-رىشكەن بولسا، بىز بۆرىنى كۆرمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ سۇر -ھەيۋىتىدىن ھوشىمىزنى يوقىتىپ، قارا تەرگە چۆمۈلىدىغان بو-لۇپ قالدۇق! ئەجىبا، بۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەپ-سۇسلىنارلىق ئاجىزلىقى ۋە يوچۇقى ئەمەسمۇ؟

## 4

ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ئۇلار-
رنىڭ تەبىئەت قوينىدىن ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتقا يۈزلىنىشى،
ئەقىل ئارقىلىق ھېسسىياتنى چەكلىشى، شۇنداقلا تەجرىبە ئار-
قىلىق ئېتىقادنى ئىنكار قىلىشى جاسارەتنى مىسلىسىز دەرىجىدە
سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ھەر بىر قېتىملىق پەلسەپىۋى روھنىڭ يۇ-
قىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئىنساندىكى تەبىئىي ھېسسىياتنى ۋە
شېئىرىي تۇيغۇنى ئاجىزلاشتۇردى. شۇڭا، ئىپتىدائىي ساپ ئې-
تىقاد — توتېمغا تېۋىنىش ھادىسىسىنىڭ بايقىلىشى، ئىنسانىيەت-
نىڭ مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن ئازاب ئىچىدە يول ئىزدەۋاتقان
شەخسلەرگە يېڭى يىپ ئۇچى تەقدىم ئەتتى. سېنسىمون، فۇرىي،
ئوۋېن قاتارلىق خىيالىي سوتسىيالىزم تەرەپدارلىرىنىڭ ئىپتىدا-
ئىي كومۇنا جەمئىيىتىنى ئۈرنەك قىلىپ، ياتلىشىۋاتقان ئىنسان-
يەتكە توتېم شەكلىدە باغلانغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى قايتا
شەكىللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشى؛ سارتىرېنىڭ ئىنسانپەر-
ۋەرلىكنى نۇقتا قىلىپ، توتېم قاراشلىرىغا قايتا باھا بېرىشى؛
سىگموند فرېئودنىڭ روھىي ئانالىز ۋە بالىلار پسىخولوگىيىسى
ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توتېم چۈشەن-
چىلىرىدىن ئىزدەپ، توتېمىزم توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر-
نى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، يېڭىدىن يېڭى چۈشەنچىلەرنى
مەيدانغا كەلتۈردى.

توتېم — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى روھ-
نىڭ كامالىتى بىلەن ھاياتلىق قىممىتى ھەققىدىكى ساددا تەپەك-
كۇرىنىڭ سەمەرىسى. ئۇلار ئۈچۈن ھەر بىر توتېم گورۇھى بىر
ئائىلىۋى جەمەت. شۇڭا، بىر توتېم ئوبيېكتىغا تېۋىنغان كىشى-
لەر بىر - بىرىگە مۇستەھكەم قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن
باغلانغان. بۇ خىل روھىي ماھىيەت قەدىمكى سوقراتتىن ھازىرقى

سارتربغىچە بولغان پەلسەپۋى تەپەككۇرنىڭ پىلتىسى بولۇپلا قال-ماستىن، بەلكى تارىختىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن دىن-لارغىمۇ ئۇلگە تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى تەلىماتلىرى-دا ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمى-گەن؟ . . .

ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۇشۇرۇلگەن كۆك بايراقنىڭ ئاق چېدىر ئۇستىدە لەرزان لەپىلدىشى، كۆك نۇر ئىچىدە پەيدا بولغان كۆك تۇكلۇك ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇشى، بۆرە يۇرىكىگە سىزىك بولغان ئانىنىڭ بۆرە تېرىسى ئۇستىدە تولغىقى تۇتۇپ قەھرىمان ماناسنى تۇغۇ-شى، ئۇسۇن خانىنىڭ كۇنبىيسى ئادەمسىز چۆلدە چىشى بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولۇشى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۆرە ئوشۇقىدىن تۇمار ئېسىلغان ياغاچ بۆشۈكلەردە يېتىپ، بىزگە مۇقەددەس ئۇدۇم ۋە ساپ ئېتىقادلارنى قالدۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ ئاساسى بولمىغان ئەپسانىۋى تارىخ ئەمەس، بەلكى ئەجداد ئارقىلىق ئەۋلا-دلارنى مەڭگۈ ئۇزۇلمەس مەنبەگە ئىگە قىلىش يولىدىكى دادىل ئىزدىنىش. ئەڭ دەسلەپكى توتېم ئوبيېكتىنىڭ ھايۋان بولۇشى، ئەجدادلارنىڭ ئۆز قىممىتىگە بولغان گۇمانىي پوزىتسىيىسى ئە-مەس، چۇنكى توتېم قىلىنغان ھايۋان تەڭرى بىلەن ئەجدادنىڭ بىرلىكىنى نامايەن قىلىپ، ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۇرەلىدى. توتېم ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىنى يەنىمۇ بىر دەرىجە سەكرىتىپ، توتېمنىڭ ئادەملىك خاراكتېرىنى كۈچەيتتى. خۇددى ۋورد. ۋولف قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى ئۇس-تىدە توختىلىپ: «ھايۋانلارغا تېۋىنىشنى مەركەز قىلغان توتېم ئېتىقادى كېيىنچە ئادەمنى مەركەز قىلغان يېڭى دىنلارغا ئورۇن بەردى. مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئېڭى مەلۇم دەرىجىدە يۇكسىلىپ، ئىلاھىي تۇسنى ھايۋانلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىشتىن

قانائەتلەنمەيدىغان، بەلكى ئادەم ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدىغان بولدى»① . ھەرقايسى خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە «ئادەم باشلىق، ھايۋان تەنلىك» ياكى «ھايۋان باشلىق، ئادەم تەنلىك» ئىلاھىي ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېم ئەقىدىسى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئىختىرا قىلىش يولىدىكى يېڭى ئىجادىيىتى ۋە ئىسلاھاتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار توتېم قارىشىدىكى ئېستېتىك نەزىرى ئارقىلىق ئۆز ئەجدادىنى — ئاشۇ گۈزەللىك ۋە ئىلاھىي تۈس مۇجەسسەملەنگەن غايىۋى ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ سېھرىي سىماسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىپادە قىلغان. شۇڭا، مەلۇم ۋاقىتتا، توتېم ئادەم شەكلىدە ئىپادىلەنگەندىلا ئاندىن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ توتېملىق ئورنىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز قىممىتىگە قىممەت قوشالايدۇ.

## 5

«ئۆتمۈشى غۇۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ»② .

دەرۋەقە، ۋامبېرىنىڭ بۇ سۆزىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدىغۇ! ؟ بىز ئۈچۈن ئەمدى قايتىدىن بۆرە ئەپسانىسى توقۇش ھاجەتسىز، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يىرتىۋېتىپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئىپتىدائىي ئورمانلارغا قايتىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىز ئانىلارنىڭ بالىياتقۇسىدا تۆرۈلۈۋاتقان ھامىلە چېغىمىزدىلا ئۆزىمىزنى كۆرۈنمەس پەردە بىلەن نىقابلىۋالغان. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا تۇنجى قېتىم ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن ئۇياتلىق يېرىنى توسقان كۈندىن باشلاپ، بىزدە ئەخلاق، پەرھىز ۋە گۇناھ پەرەنجىلىرى پەيدا بولغان. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاشۇ پەرەنجىنى يىرتىپ تاشلاپ، بىزنىڭ

---

① ھانس/جۇۋايرى: «قەدىمكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە مۇمىيا»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 103 - بەت.

② ھېرمان ۋامبېرى «بۇخارا ۋە ماۋرائۇننەھر تارىخى» - «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 2 - سان، تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى.

ئەسلى تەبىئىتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئادەم قىپ-
-رىغاندا تەبىئىي هالدا كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، لېكىن
ھەقىقىي بالىلىققا قايتىش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا
ئوخشاشلا رۇسسو[1] ۋە دېدىرولار[2] تەشەببۇس قىلغان «تەبى-
ئەتكە قايتىش»، «ئىپتىدائىيلىققا قايتىش» شۇئارىمۇ شەك-
شۈبھىسىزكى بىر مەيدان چۈش، خالاس!

ئەلۋەتتە، يىراقتىكى مەنزىرىلەرنىڭ مەھلىيالىق تۈسى قو-
يۇق بولىدۇ. ئۇنتۇلغان نەرسىلەر ئەسكە چۈشكەندە روھىيەتتە
زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. سەنئەت ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى
ئىپادە مەسئۇلىيىتى بىلەن هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھى
مۇھتاجلىقىغا بەدىئىي ئوزۇق، مەدەنىيەت كېسىلىگە شىپالىق
دورا ئىزدىدى. سەنئەتنىڭ پارلىغان نۇرى ئارقىلىق مەنىۋى دۇن-
يانى سۇغۇرۇشى، بەدىئىي رەڭ ئارقىلىق كرزىس ئېڭىنى تازىلى-
شى ھەرگىزمۇ زىيادە ئۇرۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئېلېكتىر ئىختى-
رالىرىنى پەرەنجە قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان
دەۋرنىڭ كۈچلۈك ئىلتىجاسى. بىزنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق
دەۋرىنى قايتا ئەسلىشىمىز ۋە زامانىۋى ئاڭنى ئەپسانىۋى تەپەككۇر
دەۋرىگە باغلىشىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇ بىزگە يىراق
ئۆتمۈشتىكى غايەت زور نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە ھۇۋلاپ تۇرغان
كۆك بۆرىنىڭ كۆزىدىكى ئۆتكۈر شولىنى كۆرسىتىپ بەردى.
شۇنداق، بۇ شولا — روھىي تىرىلىش، يەنى ماددىي بايلىق
چۈشەپ قويغان ئىنسان روھىنىڭ سەنئەت نۇرى ئارقىلىق ئويغى-
نىشى، سەگىشى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرى تىرىلىشى ئىدى!

تىرىلىش — سەنئەتنىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن غەرەزسىز
ئېھسانى. ئۇ ئىنسانىيەتكە روھىي پارلاقلىقنىڭ يۈكسەكلىكىدە
تۇرۇپ، مېخانىكىلاشقان ئىنسان خاتىرىسىگە ئىز - تىزسىز ئۇن-

---

[1] ژان ژاك رۇسسو — فرانسىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرى.
[2] دېدىرو — فرانسىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرى.

تۇلۇپ كەتكەن ساپ ئېتىقادلارنى، ساددا گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ۋە مۇقەددەس ئۇدۇملارنى ئەسلەتتى. سەنئەت يەنە ئۆزىنىڭ ئىلىملىق نۇرى ئارقىلىق، ئانا تەبىئەتتىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ئىنسانغا، ئېلېكتر جۇلالىرى پارلاپ تۇرغان زامانىۋى چۈمپەردە ئىچىدە، ھامان ئانىدىن تۇغما تەبىئىي يالىڭاچ ھالىتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ۋۇجۇدىمىزنى ئىللىتىۋاتقان سىرلىق سۇيۇقلۇقنىڭ پولات سىملاردىكى ئېلېكتر ئېقىمى ئەمەس، بەلكى كۆكۈش تومۇرلاردىكى كۆۋەجەۋاتقان ئىسسىق قان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

سەنئەت يۈكسەكلىكى «ئەسلىگە قايتىش» ۋە «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقى بىزگە ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى بارابان ساداسىنىڭ ناھايىتى غۇۋا، ئەمما مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بەردى. شۇڭا، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز، نوقۇل مەنىدىكى «قەدىمكىگە سېغىنىش» ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئۆتمۈشكە قايتمايمىز، بىراق ئۆتمۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان روھىي جەۋھەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇمايمىز. بىزنىڭ سەنئەت ئارقىلىق چەكسىز يىراقتا قېپقالغان ساددا ئېتىقادلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز، ھەر دەقىقە ياتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسان تەبىئىتىنى تازىلاش ۋە مەنىۋى ئازابىغا مەلھەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئۆتمۈش — بىر كۆلەڭگە، بۈگۈن رېئاللىق، كەلگۈسى — بىر مەۋھۇم تەسەۋۋۇر. بىز ئۆتمۈشنى دەسسەپ تۇرۇپ، بۈگۈننى قۇرغانلىقىمىزنى، بۈگۈننىڭ نەتىجىسىدە كەلگۈسىنى پەرەز قىلغانلىقىمىزنى ئەجەبا ئىنكار قىلىمىزمۇ؟ . . . بىر تۈپ دەرەخ ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇپا ئاستىدىكى يىلتىزى قانچىلىك مۇھىم بولسا، بىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئەسلىمىز، نەسلىمىز، ئېتىقادىمىز ۋە ئۇ-سىدلىرىمىز كۆمۈلگەن يىراق ئۆتمۈش شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. ئېنگېلس تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادى، ئۇمىد

كۆتكۆدەك ئەۋلادى يوق خېچىر» بولۇپ قېلىش نەقەدەر بىچارد-
لىك - ھە! ئەگەر بۆرە ئانا توغرىسىدىكى ئەپسانە ئىز - تىزسىز
ئۆنتۇلۇپ كەتكەن بولسا، بىزگە قانچىلىك زور يوقىتىش بولغان
بولاتتى. . . نىھايەت، كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر-
لۇق شولىلار زۇلمەت كېچىلەرنى قانچىلىك يورۇتسا، بىزنىڭ
يىلتىزىمىز كۆمۈلگەن ئۆتمۈشنى ۋە ئۈمىدلىرىمىز يۈكلەنگەن
كەلگۈسىمىز شۇنچىلىك نۇرلاندۇرغۇسى.

# پايدىلانغان مەنبەلەر

1. The Encyclopedia of Religion, Vol. 1—15, Macmillan Publihing company, New York, 1987

2. Grolier Academia Encyclopedia, Vol. 20, New York, 1983

3. Nomads of Eurasia, Los—Angeles, California, Apr. 1989

4. J. G. Frazer: Totemism and Exogamy, London, 1964

5. The New Encyclopedia Britanica, Book. 18, London, 1970

6. Central Asiatic Journal, Vol. 37, No:1—2, Harrassowitz Verlag, 1993

7. Türk Insiklopedisi, Cilt. 25—30, Istanbul, 1976

8. Abdülkadir Inan: Tarihte ve Bügün, Samanizm Ankara, 1972

9. Abdülkadir Inan: Eski Türk Dini Tarihi, Istanbul, 1976

10. Prof. Dr. Bahaedden Ögel: Türk Kültür tarihine gires, Cilt. 1, Kültür bakanligi Yayinlari, Ankara, 1991

11. Ibrahim Kafes Oğlu: Eski Türk Dini, Istanbul, 1980

12. ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جېڭجۇڭ كىتاب نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

13. S. G. كلياشتورنىي (رۇسىيە): «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

14. ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

15. بارتولد (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

16. ۋېكو: «يېڭى پەن» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 -، 2 - قىسىم.

17. خې شىڭلياڭ: «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىر قانچە خىل مەدەنىيەت تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

18. خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

91. گاۋ مىڭچياڭ: «سىرلىق توتېم»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

20. جېڭ يۈەنجې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە هازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

21. جۇ دى: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

22. «جۇ گۇاڭچيەن ئېستېتىكا ئەسەرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

23. سېن جياۋۇ: «توتېم سەنئىتى تارىخى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

24. گېگېل (گېرمانىيە): «ئېستېتىكا»، 1-، 2- توم، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

25. فرانز بوئاس (ئامېرىكا): «ئىپتىدائىي سەنئەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
26. كىسلېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 1985 - يىل، خەنزۇچە ئىچكى نۇسخا، 1-، 2- كىتاب.
27. ئۇگرىنوۋىچ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «سەنئەت ۋە دىن»، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
28. خايتون (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «توتېمىزم»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1993 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
29. توكارېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدىكى دىنلار»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
30. مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1-2- كىتاب، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
31. لېۋى ستراۋس (فرانسىيە): «ياۋايىلار تەپەككۇرى»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
32. لېۋى بروھل (فرانسىيە): «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
33. ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
34. فرازېر (ئەنگلىيە): «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو ئەدەبىيات، سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى، 1987 -

يىل، خەنزۇچە نەشرى.
35. فرېئۇد (ئاۋسترىيە) : «توتېم ۋە پەرھىز» ، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
36. فرېئۇد (ئاۋسترىيە) : «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە» ، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
37. خەن رولىن: «ئاق چېدىر توپلىمى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
38. ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى» ، شاڭخەي ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
39. ئاندرى لېۋۇئى گورخان (فرانسىيە) : «تارىختىن بۇرۇنقى دىن» ، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
40. «جۇڭگو هايۋاناتلار تەزكىرىسى. ياۋايى هايۋانلار قىسمى» ، پەن نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 8- جىلد.
41. ماركىس مۇللېر (ئەنگلىيە) : «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
42. فېيېرباخ: «دىننىڭ ماھىيىتى» ، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1964 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
43. «پىلىخانوف ئېستېتىكا ماقالىلىرى توپلىمى» ، خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
44. دارۋىن (ئەنگلىيە) : «ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
45. رېنى گرائۇد (فرانسىيە) : «شەرقىي تۈرك خانلىقى مەڭگۇ تاشلىرىغا ئېنىقلىما» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 1984 - يىل، خەنزۇچە

ئىچكى نۇسخا.
46. ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىما-ئىي ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى باستۇرغان، 1989 - يىل، خەنزۇچە ئىچكى باسما.
47. «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
48. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.
49. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.
50. «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1-، 3- سانلار، 1992 - يىل 3- سان.
51. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
52. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.
53. «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.
54. «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە ئېتىمولوگىيە سۆزلىكى»، ئال-مائاتا، 1966 - يىل، قازاقچە نەشرى.
55. «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 2 - سان.
56. «بىلىم كۈچ» ژۇرنىلى (قازاقچە)، ئالمائاتا، 1984 - يىل 2 - سان.
57. «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1993 - يىللىق 3 - سان.
58. جاقىپ مىرزاقان ئوغلى: «قازاق مىللىتى ۋە فولكلو-

رى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، قازاقچە نەشـ
ـرى.
59. ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» ، تاشـ
كەنت، «چولپان» نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
60. رەشىددىدىن (ئىران) : «جامىئۇل تاۋارىخ» ، سودا
نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
61. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» .
62. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» .
63. «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى» .
64. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 - جىلد.
65. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»
66. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» .
67. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» .
68. «قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى» ، 197 - جىلد.

# ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن، يەنى 1993 ـ يىل قىشتا يېزىلغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، ماگىستىرلىق دېسسېرتاتسىيىسى سۈپىتىدە مەزكۇر ئەسىرىمنى يازغانىدىم. ھازىر ئۇيلىسام كىتابنى يېزىپ تاماملىغان چاغدىكى ھېسسىياتىم تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولغانىدى. شۇنداق، مەن شۇ چاغدا ھەم خۇشال بولدۇم ھەم ئازابلاندىم. . .

مېنىڭ خۇشاللىقىم — دېڭىز بويىدا ئويناۋېتىپ قۇمدىن «قەلئە» ياسىغان كىچىك بالىنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشايتتى. چۈنكى بۇ بالا ئۆزىنىڭ تۈنجى قېتىم مۇستەقىل ھالدا ياسىغان «قەلئە» سىگە قاراپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى.

مېنىڭ ئازابىم — دېڭىز بويىدا ئويناۋېتىپ قۇمدىن «قەلئە» ياسىغان سەبى بالىنىڭ ئازابىغا ئوخشايتتى. چۈنكى بۇ بالا تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ بۇ قۇم «قەلئە» نى ئۆرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. . .

دەرۋەقە، بۆرە توتېمىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى يىراق ئۆتمۈشنىڭ ئىپتىدائىي ئۇدۇم ئەقىدىلىرىدىن تويۇنغان، ھەمدە بۈگۈنگە قەدەر مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىزلىرىنى يوقاتمىغان ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. گەرچە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېيىنكى سىستېمىلىق دىنلارنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى توتېم ئېتىقادى زور دەرىجىدە سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا باغلىق بولغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىزنىڭ فولكلورىمىزدا، كۈندىلىك تۇرمۇشى-

مىزدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا مىللىتىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيان شەكىللەنگەن مەدەنىيەت تىندۇرمىسى- نىڭ ئىچكى قاتلىمىنى، مۇرەككەپ تۈزۈلمىسىنى ۋە ئۇزاق تا- رىختىن قېپقالغان كۆرۈنمەس ھۇجەيرىلىرىنى ئوپېراتسىيە قى- لىشتا، شۇنداقلا روھىيەت تارىخىمىزنىڭ تېخى ئاشكارا بولمىغان تۈگۈنلىرىنى يېشىشتە مەزكۇر تېما مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەھالەنكى، توتېم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تېمىنى يورۇتۇشتا يالغۇز بىرەر مەخسۇس ئەسەر يارىتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەر قانداق بىر چوڭ تېپتىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى- نىڭ شەرھلىنىشى ئۆزىگە بىر يۈرۈش تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشى- غۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتىگە بېغىشلان- غان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىشىغا مۇقەددىمە سۈپىتىدە رول ئوينىيالىسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

مەزكۇر ئەسەر 1994 - يىل 4 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رەسمىي باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايرىم بابلىرى ماقالە سۈپىتىدە ئېلان قىلىندى. ئەپسۇسكى مۇشۇ يەتتە يىل جەرياندا نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئەسەر- نىڭ ئورگىنالى نەشرىياتلاردىن ئىككى قېتىم قايتىپ كەلدى. نەشرىيات ئورۇنلىرىمۇ ئەسەرنى ئاپتورغا قايتۇرۇشتىكى كونك- رېت سەۋەبىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. 1996 - يىلى قىشتا مەن بېيجىڭدىكى ئوقۇش ھاياتىم جەريانىدا ئەسەرنى باشتىن - ئاخىر بىر قېتىم قايتا ئۆزگەرتىپ چىقتىم ھەمدە يەنە بىر قېتىم مىللەتلەر نەشرىياتىغا سۇندۇم. ئەپسۇسكى ئەسەر يەنە رەت قى- لىندى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى، ئەسەرنىڭ قايتا ئۆزگەر- تىلگەن ئورىگىنالى نەشرىياتتىن قولۇمغا قايتىپ كېلىش جەريانى- دا يوقاپ كەتكەن بولدى. . . بۇ ھال مېنى تولىمۇ ئازابلىدى.

مانا بۇ قېتىم مەزكۇر ئەسەر ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزى-

ىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئاخىرى نەشر قىلىنىش پۇرسىتى-
گە ئېرىشتى. ئەسەرنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى يوقاپ كەتكەچكە،
بۇ قېتىم قولۇمدىكى دەسلەپكى ئورگىنالىنى نەشرگە سۇنۇشقا
مەجبۇر بولدۇم. بۇ قېتىم دەسلەپكى ئورگىنالغا ئۇنچىلىك كۆپ
تۈزىتىش كىرگۈزەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بۇنىڭدىن يەتتە
يىل بۇرۇنقى مۇشۇ تېما ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ۋە تەتقىقات
سەۋىيەمنى ساقلاپ قېلىشنى توغرا تاپتىم. شۇڭا، ئەسەردە بەزى
يېتىشسىزلىكلەر، جۈملىدىن كۆز قاراشلاردا خاتالىقلار، ھۆ-
كۈملەردە يەڭگىلتەكلىكلەر بولۇشى چوقۇم. مۇشۇ ۋەجىدىن بۇ
تېما ھەققىدە كەلگۈسىدە پۇرسەت تېپىپ داۋاملىق تەتقىقات يۈر-
گۈزمەكچىمەن.

مەن بۇ ئەسىرىمگە ماتېرىيال توپلاۋاتقان ۋە قەلەم تەۋرەتكەن
ئاشۇ يىللاردا مەرھۇم دادامنىڭ ئۇستىلىمنىڭ ئېتراپىدا قەلىمىمە-
نىڭ ئۇچىدىن تۆكۈلۈۋاتقان قۇرلارغا قاراپ سائەت - سائەتلەپ
تۇرغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇنداق، ئۇ سانسىزلىغان ئۇيغۇر
دېھقانلىرىغا ئوخشاشلا پۈتۈن ئۆمرىنى جاپالىق ئېتىز ئىشى بىلەن
ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ مېنىڭ كۆندە ئۇستەلگە ئىگىشىپ ئولتۇرۇپ
زادى نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما
مېنىڭ يېزىۋاتقانلىرىمنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى بىلەتتى. قۇ-
مۇل تاغلىرىدا بىر ئۆمۈر مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن دادام
ماڭا ئۆزىنىڭ ئاددى ئەمما مول بولغان تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە
تىنىم تاپماس ھەرىكەت سىجىللىقى ئارقىلىق ئادەم بىلەن تەبىئەت
ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس بىرلىكنى ھېس قىلدۇرغانىدى. ئەپ-
سۇس، مېنىڭ بۇ ئەسىرىم تېخى يورۇقلۇققا چىقمايلا دادام
ئالەمدىن ئۆتتى. مەن بۇ يەردە مەرھۇم دادام سۇلايمان توختىنىياز-
نىڭ نامىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى پەرزەنتلىك بۇرچۇم دەپ قارايمەن.

1994 - يىل ئاپرېل ئايلىرىدا مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىم
سالامەتلىكىنىڭ تازا ياخشى بولمايۋاتقانلىقىغا قارىماي مەزكۇر

ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى باشتىن - ئاخىر بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى. شۇ چاغلاردىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ ماڭا بۆرە گۆشىنىڭ مىللىي تىبابەتتىكى شىپالىق رولى ھەققىدە بىر قانچە تىۋىب ۋە قاسساپلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە بىرمۇنچىلىغان تەكلىپ پىكىرلەرنى ۋە زۆرۈر بولغان چۈشەنچىلەرنى بەردى ھەمدە مەزكۇر ئەسەر ئۈچۈن كىرىش سۆز ئورنىدا قىممەتلىك قولىيازمىسىنى قالدۇردى. مەن بۇ يەردە مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نامىنى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى يەنە بىر مۇھىم قەرزىم دەپ قارايمەن.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىن تاكى پۈتكىچە ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگىچە بولغان جەرياندا ئوقۇتقۇچۇم ئابدۇكېرىم راخمان ىنۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. ھەمدە كۆپ جەھەتلەردىن ياردەم قىلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ليۇ كويلى، لاڭ يىڭ، ئازاد سۇلتان، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىم بۇ كىتاب ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ۋە زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بەردى. سەمەت ئەسراتۇرا، ئابلىز ئورخۇن، يۈسۈپ ئىسھاق قاتارلىق ئاغىنە - بۇرادەرلىرىمۇ ماتېرىيال جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى بەردى. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن! ئاخىردا بۇ كىتابىمنى يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى بىلەن قىشنىڭ ئۇزۇن ھەم سوغۇق تۈنلىرىنى ئۇستەل چىرىقى ئالدىدا ئىگىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۋاتقان، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ھەم ئازابلىرىنى روھ تارىخىمىزنىڭ چەكسىز سەھىپىلىرىگە بەخشەندە قىلىۋاتقان بارلىق كەسىپداشلىرىمغا بېغىشلايمەن! . . .

— ئاپتور

2000 - يىل 11 - نويابىر، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى
## — بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى

ئەسەت سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنخۇا كىتابخانىلىرى تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1— 3000
ISBN7 — 228 — 06302 — 3/B. 88
باھاسى: 20.00 يۈەن




ئەرگىنە قۇندىن چىقىش